
ISSN 1002 _ 9044

# تارىم

11

1993



تەيۋەن ئاز سانلىق مىللەت ياز-
غۇچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەكلىپكە
بىنائەن 1993 - يىلى 14 - ئاۋغۇستتىن
24 - ئاۋغۇستقىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا
دوستانە زىيارەتتە بولدى.

دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمايىل
ئەھمەد ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلدى.



يولداش ئىسمايىل ئەھمەد يازغۇچى
يۈلتۈز ئابدۇللاغا دوپپا تەقدىم قىلدى.



ئىسمايىل ئەھمەد قاتارلىق يولداشلار
ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن بىللە.



ھەر مىللەت ئەدىبلىرى تەيۋەنلىك
يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەتتە.

قىيۇم تۇرسۇن فوتوسى

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

43-يىل نەشرى

11

1993

باش مۇھەررىر
مۇھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر
ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئالىمجان ئىسمائىل، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، خالىدە ئىسرائىل، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، مۇختەر مەخسۇت، ئوسمانجان ساۋۇت، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇستاندا

## بېغىشلىمىلار

ماۋجۇشىنىڭ بېغىشلىمىسى ...... 5
تۆمۈر داۋامەتنىڭ بېغىشلىمىسى ...... 6
ئىسمايىل ئەھمەدىنىڭ بېغىشلىمىسى ...... 7

## نەسرىي ئەسەرلەر

زوردۇن سابىر ...... زېمىن ۋە شەربەت (ئەدەبىي ئاخبارات) ...... 22
ئىدرىس بارات ...... قالدۇرۇلغان ھېكايە (ھېكايە) ...... 48
قاھار جېلىل ...... ئانا قەبرى ئالدىدا (ھېكايە) ...... 54
ئالىمجان ئىسمايىل ...... خىلۋەتتىكى بىنا (پوۋېست) ...... 88

## شېئىرلار

مەھەممەتجان راشىدىن ...... غەزەللەر ...... 8
ئابدۇلئەھەد ئىسمايىل ...... گۈلىستان نەزمىلىرى ...... 13
ئەخمەتجان ياسىن ...... بوۋاينىڭ جاۋابى ...... 15
ھەسەنجان بوساق ...... شېئىرلار ...... 15
تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم ...... ئىككى شېئىر ...... 17
ھەبىبۇللا رەجەپ ...... شېئىرلار ...... 18
مۇھەممەت كامال ...... ھايات ۋە يۈرەك ...... 20
غەيرەت ئابدۇراخمان ...... ئىككى شېئىر ...... 21
ئادىلجان تۇنىياز ...... غايەت زور يۇلتۇزدۇر بۈگۈن يەر شارى ...... 76
ئەنۋەر مەتسەيدى ...... غەزەللەر ...... 77
ئابابەكرى تۇيغۇن ...... شۇنداق گۈزەل ياتسەن ئۇخلاپ ...... 79
نەسرۇللا ئابلەت ...... تارىم ناخشىسى ...... 79
تاھىرجان مۇھەممەت ...... ئۈمىدلىرىم كەتتى چېچەكلەپ ...... 81
ئۈچقۇنجان ئۆمەر ...... رۇبائىيلار ...... 84
مەھەممەتجان سادىق ...... پەرىشتە (باللادا) ...... 115
نۇردۇن ئىبراھىم ...... غەزەللەر ...... 118

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


قەييۇم تۇردى............ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات............124
ئازاد سۇلتان............لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىجادىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە............129
چاۋ دېجۇڭ............ل. مۇتەللىپ ئۆلىمى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز............139


## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز


پېشقەدەم باللار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى تۇرسۇنمەھەممەت پەخرىدىن............141
ئەدەبىي ئوبزورچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم............145


## مەسەل، يۇمۇر، لەتىپە


ئىسمايىل ئېلى............ئىككى مەسەل............149
مەھەممەتئىيسا قۇربان............ياقىمدى (مەسەل)............150
ياسىن يۇسۇپ............مۇئاۋىن تاللاش (مەسەل)............150
شۈكۈر يالقىن............يېڭى لەتىپىلەر............151


## كۇرسانتلار ئەسەرلىرىدىن



ئەخمەتجان ئىسمايىل، ئېپاي قادىر، مۇھەممەتجان روزى، ئېلى ھوشۇر، ياقۇپجان قادىر............شېئىرلار............154


## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار


ئىلقىدا ل. مۇتەللىپ ئۆلىمى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى............158


* * *

خەتتات ۋە رەسسام: ئابلىمىت ئابلىز، مەھەممەت ئايۇپ.



لۇتپۇللا مۇتەللىپ (1939 - يىل)

# پېغشلەملار


革命犧牲工作人員家屬光榮紀念證

字第00002號

查 [illegible]同志在革命鬥爭中光榮犧牲，豐功偉蹟永垂不朽，其家屬當受社會上之尊崇。除依中央人民政府「革命工作人員傷亡褒卹暫行條例」發給其家屬卹金外，并發給此證以資紀念。

主席 毛澤東

一九五[illegible]年[illegible]月八日

中華人民共和國中央人民政府之印

**ئىنقىلاب يولىدا قۇربان بولغان خادىملارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا شان - شەرەپ خاتىرەنامىسى**

№ 00002 ش

تەكشۈرۈشىمىزچە، يولداش ل. مۇتەللىپ ئىنقىلابىي كۈرەش جەريانىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان، ئۇنىڭ تۆھپىسى ئۇلۇغ، نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتى جەمئىيەتتە ھۆرمەتلىنىشكە تېگىشلىك. مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «ئىنقىلابىي خادىملاردىن ھالاك بولغانلارغا نەپىقە بېرىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق نىزامى» بويىچە ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتىغا نەپىقە بەرگەندىن باشقا مەزكۇر گۇۋاھنامە بىلەن خاتىرىلەنسۇن.

رەئىس: **ماۋ زېدۇڭ**

(مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى تامغىسى)

1956 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىلمىي مۇھاكىمە

يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەيمەن

ل. مۇتەللىپ ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابىي شائىر. ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋەتەننى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قىزغىن كۈيلىدى؛ بارلىقىنى ۋەتەنگە، خەلققە بېغىشلىدى. ئۇنىڭ تۆھپىسى ئۇلۇغ، نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

ل. مۇتەللىپنى خاتىرىلىگىنىمىز ئۇنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى، ئۇلۇغ ئارزۇيىسى ۋە ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات-سەنئەتنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشايلى!

خۇمۇبودا ۋامەن

1993-يىل 8-ئاينىڭ 8-كۈنى

ل. مۇتەللىپ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا

ماۋجۇشىنىڭ ل. مۇتەللىپ ھەققىدىكى باھاسى

پارتىيە ھەرگىزى ئۇنتۇمىتى ۋە ھەرگىزى خەلق ئۇنتۇ

مىشنىڭ غايىسى ئازادلىق مەغرۇرلۇقى. ل. مۇتەللىپنىڭ

تۆھپىسى ھەققىدە تەن ئالىمىز. ئۇنىڭ نامى مەڭگۈ ئۆچمەي-

دۇ. ل. مۇتەللىپنىڭ يۈكسەك ۋە تەن پەرۋەر

لىك روھىنى جارى قىلدۇرۇش ئەدەبىياتچى-

لىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسى، خەلق ئۈچۈن ئىجادىي

ياخشى خىزمەت قىلدۇرايلى!

ئىسمائىل ئەھمەد

93-يىل 16-ئاۋغۇست

مەھەممەتجان راشىدىن

# غەزەللەر

بىر ئۆلۈمغۇ ئاقىۋەت ئۆلسەم قۇچاقىڭدا ئۆلەي،
يا ئوتۇڭدا ئۆرتىنىپ، يا دەرد ـ پىراقىڭدا ئۆلەي.
قانچە ئاشىقنىڭ قولۇڭدا ئۆلگىنى مەلۇم ئەمەس،
ئۈستى ـ باشىم قان بولۇپ مەن ھەم پىچاقىڭدا ئۆلەي.
مەندە نە بولسۇن ساڭا كۆيدۈم دېگەن سۆزدىن بۆلەك،
بۇ كۆيۈكنىڭ ۋەجىنى سۆزلەپ سوراقىڭدا ئۆلەي.
بولغىنىم بولسا گۇناھ ئىشقىڭدا سەۋدايى ئەگەر،
ئاس مېنى دارىڭغا دىلبەر، يا بىسولاقىڭدا ئۆلەي.
قايسى كۈن كۆردۈم سېنى، قالدىم قۇلۇڭغا ئايلىنىپ،
بىلمىدىم، نە بار سېنىڭ سۇمبات ـ سىياقىڭدا، ئۆلەي.
تىللىغانغا بۇ ئىشقنى تەرك ئېتەرلىك مەن ئەمەس،
قىينىساڭ قىينا مېنى، ئۇرساڭ تاياقىڭدا ئۆلەي.
بار جاھاننى مىڭ كېزىپ چىقساممۇ مەنچۈن بەرىبىر،
ئۆركىلىپ باشىڭدا مىڭ، ئۆلسەم ئاياغىڭدا ئۆلەي.
كۆز يېشىمنى ياغ قىلىپ، سالدىم چىراغىڭغا پىلىك،
تاڭغىچە كۆيمەكچىمەن، مەيلى چىراغىڭدا ئۆلەي.

*　　　*　　　*

ئەجەل، دەپ ئاخىرى، دىلبەر، مېنى سەن ئۆلتۈرەر بولدۇڭ،
گۆھەرنىڭ قەدرىنى بىلمەي، ئەجەپ كۆلگە كۆمەر بولدۇڭ.
دالادا تۈن بويى چىققان بوراندەك گۈركىرەپ خۇددى،
مېنىڭ ھۆكۈرەشلىرىم توختاپ، ئۆزۈڭ جىمجىت تۈنەر بولدۇڭ.
كوچاڭدا دۇچ كېلىپ قالسام، كېتىپ قالدىڭ قىيا باقماي،
نىچۈن سەن ئېيتقىنا، مۇنداق مېنىڭدىن يىرگىنەر بولدۇڭ.
ئەقىدەم قەدرىنى بىلمەي گويا ئەگىزچىلىك ئاققان،
شاياتون قەۋمىدىن ئاخىر ئۆزۈڭ بىرنى سۆيەر بولدۇڭ.

سېنى دەپ ئۇنتۇدۇم ناننى، تېلىپ ئاچلىقتا ياتساممۇ،
مېنىڭ بىچارە تۇرقۇمنى شۇ ھالەتتىن كۆرەر بولدۇڭ.
قەلەندەر كەچمىشى ئەندى مېنىڭ كەچمىشلىرىم بولدى،
بۇ ھالىمدىن گويا دۈشمەن بولۇپ لەززەت سۈرەر بولدۇڭ.
بىھوش جىسمىمغا سۇ چاچماق سېنىڭ بۇرچۇڭ ئىدى، ئەمما
مېنىڭ زارىمنى ھەر ئاڭلاپ، رەقىبلەرچە كۈلەر بولدۇڭ.
بۇ جانىڭنىڭ جايى ئاستىنكەن، يۇمۇلدى كۆزلىرىم تەستە،
سېنىڭ ئارقاڭدا سايەم يوق، ئۆزۈڭ تەنھا يۈرەر بولدۇڭ.

* * *

يىغلىسام يول بار ماڭا، قەدرىمنى يار بىلمەيدۇ، دەپ،
يا خەۋەر ئالمايدۇ بىر، ياكى كېلىپ كۆرمەيدۇ، دەپ.
قايسى چاغ گۈلخاندا قوراي، شاخ چاراسلاپ كۆيمىگەن،
يار ئوتىدا، دەيدۇ كىم شۇنداق مېنى كۆيمەيدۇ، دەپ؟!
بىلمىدىم، قىسمەت يېزىلغانمۇ ماڭا شۇنداق، ئۇزاق،
دەرد بىلەن يىغلايدۇ - يۇ، يىغلاپ لېكىن، ئۆلمەيدۇ، دەپ.
سايرىسا كاككۇك، ئىشقىنىڭ ۋەجى دەپ بىلمەك كېرەك،
قوغلىماڭ كەپتەرنى ئۆيدىن قاق سەھەر ئۈنلەيدۇ، دەپ.
ئالما ئىرغاتسام بېغىڭدىن، چىقمىدىڭ يۈگۈرەپ ئەجەپ،
ياكى قورقتۇڭمۇ بىراۋلاردىن يەنە كۈنلەيدۇ، دەپ؟
مەن كۆيۈپ يۈرسەم ساڭا، يار تۇتقىنىڭ يالغان سېنىڭ،
ئېيتقىلى بولماس بۇ ھالىمغا رەقىب كۈلمەيدۇ، دەپ.
يار ئۈچۈن ھېچكەپ ئەمەس ئالەمدە يالغۇزلۇق ماڭا،
ئويلىما ئۇشبۇ جۇدالىقتا مېنى كۆنمەيدۇ، دەپ.

* *

سەن تەكەببۇر ئەيلىمە يار، ھۆرۈ غىلمان سەن ئەمەس،
تۇسقىلى ئالدىمنى يا جەننەتتە رىزۋان سەن ئەمەس.
كاشكى نە بولغاي سېنىڭدە ئول خىزىر خىسلەتلىرى،
يا خىزىر ئۆزى ۋە يا رۇستەمگە ئۇنۋان سەن ئەمەس.
بىلمىدىم ئىشق ئەھلىدىن كىملەرگە رەھمىڭ كەلگىنىن،
بىلمىدىم، نە ۋەجىدىن دەردىمگە دەرمان سەن ئەمەس.
ئاق بۇلۇتتىن سايە ئالدىم، كۆك بۇلۇتتىن ئۇسسۇلۇق،
چۆلدە ياتسامۇ كۆيۈپ، باشىمغا سايىۋەن سەن ئەمەس.
راست مېنىڭ ئوخشاتقىنىم ھۆسنىڭنى ئاي، چولپانغىمۇ،
شۇلدىمۇ، ھەرگىز مېنىڭ ئۈستۈمدە ئاسمان سەن ئەمەس.

بەلكى ھەق، گۈلمەن دېسەڭ يېگانە بىر ئالەمدىكى،
ھەق يەنە يىغماق خۇدىڭنى، پارچە رەيھان سەن ئەمەس.

* *

ھەر باھار، ياز بەرگىدەك بۇلبۇلغا بوستاندىن ھۇزۇر،
بولمىسا قاقماس قانات شۇڭقارمۇ ئاسماندىن ھۇزۇر.
تاشقا باش قويسام ئەگەردە سەن بىلەن ياستۇق تۈگۈل،
قايدا جىسمىمغا ھۇزۇر، ياغقۇسى ھەر ياندىن ھۇزۇر.
قايدا بولغاي خۇش ناۋا بۇلبۇل ماڭا سەندىن بۆلەك،
بىر سېنىڭسىز مەن ئۈچۈن بولغايمۇ ئاق ناندىن ھۇزۇر؟!
ئەلمساقتىن بۇ مۇھەببەت ئەھلىگە پۈتكەن ئەمەس،
تولغىنىپ تەنھا تۆشەكتە پارچە ئاخشامدىن ھۇزۇر.
بىر بېقىپ ئۆتسەڭ يېنىمدىن نۇرلىنار كۆڭلۈم مېنىڭ،
بولمىغاي سەن ياقمىغان ھۇجرامدا مىڭ شامدىن ھۇزۇر.
سەن ئالامسەن جاننى مەندىن گاھ ئۇرۇپ - ئۇرماي قىلىچ،
ياكى ئالماقمۇ ئۈيۈك مەندىن تۆكۈپ قاندىن ھۇزۇر.
قۇشلىبان بەختىمنى مەيلىڭ دەشتىدىن ئاۋارىمەن،
گاھ ماڭا ئۈشبۇ مۇشەققەت مەرىكە، بايرامدىن ھۇزۇر.
قۇي، دېدىم، ساقىي، شارابىڭنى تامام مەن مەست بولدى،
يەتكىچە ۋەسلىڭگە، ئالغايمەن ئىچىپ، جامدىن ھۇزۇر.

* *

خوپ ئۆزۈك دۇنيا، بىراق شەيتانلىرىڭدىن قورقىمەن،
بىگۇناھنى باغلىغان ئارقانلىرىڭدىن قورقىمەن.
بىر دېڭىزغا ئوخشىتىپ دائىم سېنى ماختاي دېسەم،
قانچە رەت كېمەمنى دۈم قىلغانلىرىڭدىن قورقىمەن.
بەرگىنىڭ بەرگەنگە قوشلاپ، مېنى ھەيران ئەيلىدى،
بەرمىسىن ئەكسىچە، جان ئالغانلىرىڭدىن قورقىمەن.
ئەلگە ئاش بەرگەن قولۇڭنى بۇ ئەمەس ئۆچ كۆرگىنىم،
گاھ سېخي ۋە گاھ بېخىل ئالقانلىرىڭدىن قورقىمەن.
ئات قىلىپ، قاشقىرنى خۇش قىلغانلىرىڭمۇ يوق ئەمەس،
پارچىگە تەڭ تەگمىگەن ئىنئاملىرىڭدىن قورقىمەن.
قۇرۇسۇن كۆرگەن كۆنى ئاق نانلىرىڭدىن ئايرىلىپ،
ئويلىسام، دېھقاننى ئاچ قويغانلىرىڭدىن قورقىمەن.
ساڭا بولغاي ئەتۋار ئەھلى ئەمەللەر، شۇندىمۇ —

تارىخىڭنى ئەسلىسەم، سۇلتانلىرىڭدىن قورقىمەن.
مەن خۇمارمەن تىنچ جاھانغا تۇندىمۇ ئىت ھاۋشۇماس،
گاھ ئۆزۈڭ ئوت ئىلكىدە قالغانلىرىڭدىن قورقىمەن.
تۆزلىرىڭدە تۈلكە يۈرسە كۈندە ئەلگە ئارىلىشىپ،
بۆرى يوق، دەپ ماختىما، ئورمانلىرىڭدىن قورقىمەن.
جىق بالالار قۇترىشۇر كىملەرگىمدۇر تەھدىت سېلىپ،
كۈندۈزىڭدىن قايغۇ يەپ، ئاخشاملىرىڭدىن قورقىمەن.
ئارىلىشىپ ئاچچىققا تاتلىق كەلگىنى يا شۇمكىن،
ھەر كۈنى راستىڭغا قۇل، يالغانلىرىڭدىن قورقىمەن.

*　　　*

بىر كۆرۈپ ھەيرانىمەن، جەننەت مەھەللەڭدە ئىكەن،
تاملىرى تاغلارچە ئۆز، ھەر ھويلا توز رەڭدە ئىكەن.
يوللىرىدا جىلۋە ئەيلەركەن مۇبارەك ئىزلىرىڭ،
ھەر قەدەمدە نەچچە ئاشىق سەن ئۈچۈن جەڭدە ئىكەن.
باغلىرىڭغا يوق ئىكەن ئىككى كۆزى باغلانمىغان،
باقسا ھەر كىم تائەببەت كۆڭلى پاراكەندە ئىكەن.
تاڭ ئىكەن، كۈندۈز ئىكەن گۈگۈممۇ مەنچۈن ئۈندىكى،
ئەس - ھوشىدىن كەتمىكى ھەر كىمگە بىر دەمدە ئىكەن.
چىقسا ھاۋشۇپ ئىتلىرىڭ، كەلدى ئەجەپ ئامراقلىقىم،
ئويلىسام، ئاشىق دېگەن بۇ باشقا بىر بەندە ئىكەن.
مىڭ پەرى ھۆسنىدە چىقتى ئەھلى دوست - يارەنلىرىڭ،
ئىچكىنى كەۋسەرۇ، گاھ رىزقىمۇ زەمزەمدە ئىكەن.
ماڭا يا شۇنداق كۆرۈندى، يا مەھەللەڭ دەل بېھىش،
تەس كېلىپ سۈرەتلىمەك ئەھلى قەلەم غەمدە ئىكەن.
تاشلىرىڭنىڭ ئالدىدا بولدى ماڭا دۇر - زەر بىكار،
بارچە ھېكمەت سىرلىرى ئۇقسام تامام سەندە ئىكەن.

*　　　*

ھەسەتخور قان - يىرىڭ يىغلار ئۆزى ئەلدەك بولالماستىن،
كۆرۈنگەننى يۈرۈر تىللاپ، قويمنى ئات قىلالماستىن.
كۆڭۈل كەسپى كۆرەلمەسلىك، قىلار ھەر كىمگە كۈندەشلىك
ئەلەمدە ئۆرتىنەر باغرى كىشىگە يا تىنالماستىن.
دۇرۇتلەر ياد ئېتەر ھەر كۈن «ئۆزۈم بولسام» كىتابىدىن،
ئەگەر كۆرسە سېنى ئانىنا، چاپار ھەر يان تۇرالماستىن.

هەسەتتە ئۆلمىكى مۇتلەق جاھاندا قاغا - قۇزغۇننىڭ،
ئۆزى بۆركۈت بولۇپ مەڭگۈ قىيالارغا قونالماستىن.
دىلىمدا پىكرى قۇترايدۇ ئېتى ئۇزغانغا شۇملۇقنىڭ،
ئالار كۆلكە چىرايىغا خۇشامەتتە ئۇيالماستىن.
كۆچەت تىكسەك، كېلىپ بىر تۇن تۇگەل يۇلماقنى قەستلەيدۇ،
قولى شۇملۇقتىدۇر ئۆزى بىرەر يۈرەك ئويالماستىن.
هەسەتخور «هەسسىنە!» دەيدۇ ئەگەر يۇرتۇڭدا يۈز تاپساڭ،
ئۆتەر هەسرەتتە، ئەمما ئۇ ئۆزى بىر يەپ ئۇلالماستىن.
هەزەر قىلغىن هەسەتخوردىن تىكەن تاشلايدۇ ئالدىڭغا،
چىقىپ ئالدىڭغا ئاشكارا يولۇڭنى گاه تورالماستىن.

* *

باغى ئىچرە بۇ جاھان سەندەك چىنارنى كۆرمىدىم،
پەسلى ئىچرە بۇ زېمىن سەندەك باھارنى كۆرمىدىم.
هەر قاچان ئۆتسەم يېنىڭدىن ئۇرۇلار باغىنىڭ ھىدى،
ئالما كۆردۈم، سەن كەبى مەڭزى ئانارنى كۆرمىدىم.
بارچە ئاشىق ماختىشۇر گۈل قەۋمى دەپ ئۆز يارىنى،
سەن كەبى گاھ جان بېرىپ، گاھ جان ئالارنى كۆرمىدىم.
سەن قارار تاپقان يىگىتتىن قاچقۇسى ئاپەت يىراق،
كۆپ تۇمار ئاستىم، لېكىن، سەندەك تۇمارنى كۆرمىدىم.

* *

ئەمدى دىلبەر، ئوت ئۇۋالىمغا قالۇرسەن، ئالدىساڭ،
تاڭلا بىر كۈن سەنمۇ دوزاختا يانۇرسەن، ئالدىساڭ.
قېقىلىپ ئۆپكەم ئىچىمدىن قانچە سىل قىلدىڭ مېنى،
چۆلدە بىر كۈن سەنمۇ قورايدەك قۇرارسەن، ئالدىساڭ.
ئەلگە ئېيتقان دادلىرىمنى سەن قۇرۇق، قارغىش دېمە،
قايدا بارساڭ ئۆز - ئۆزۈڭگە گۆر كولارسەن، ئالدىساڭ،
ئون ئۇرۇپ، بىر سۆيدى، دەپ سەندىن يەنە ئاغرىنمىدىم
بۇ كۆڭۈلنى قايتىدىن قانداق ئالارسەن، ئالدىساڭ.
نە دېسەڭ، هەق راست دېدىم مىنىڭ ئىقتىدالىق دىل بىلەن،
قانچە قىلساڭ، شۇنچە كويلارغا سالۇرسەن، ئالدىساڭ.
ئويلىما مەندەك غېرىبنىڭ كۆز يېشى تۇتمايدۇ دەپ،
مەن ئەمەس، ئاۋۋال ئۆزۈڭ رەسۋا بولارسەن، ئالدىساڭ.
يان ئۆتۈپ سەن چىن ۋاپادىن مىڭ قەسەم ئىچتىڭ ماڭا،
مەن قۇلۇڭنى بىر ئۆمۈر داغدا قويارسەن، ئالدىساڭ.

تۆكۈرەر ئاسىي يۈزۈڭگە ئۇ كۆنى نان ئەھلىمۇ،
ئۈندىن ئۆزگە كىمگە سەن يىغلاپ بارۇرسەن، ئالدىساڭ.
تاپمىغىڭ ئاسان ئەمەس مەندەك ساداقەت ئەھلىنى،
مەن بىلەن بىر مەھەللىدە قانداق تۇرارسەن، ئالدىساڭ؟!
ئۆلتۈرەرمەن ئۆز - ئۆزۈمنى، بۇ ئۆلۈمگە سەن سەۋەب،
ئۈستى - باشىمنى، دېمەك، قانغا بويارسەن، ئالدىساڭ.
ئول كۆنى سەھۋەنلىكىڭنى سەن تونۇپ چىندىن يەنە،
ئەسكە ئالساڭ گەر مېنى، كىمدىن سورارسەن، ئالدىساڭ؟
شۇ سېنىڭ يادىڭدا بولسۇن: ئالدىدا ھەق سوتىنىڭ
ئاقلىماس ھېچكىم سېنى، تەنھا تۇرارسەن، ئالدىساڭ.

* *

تۇۋا دەيمەن، ماختىشۇر ھەر كىمنى ئۆلگەندىن كېيىن،
سەنمۇ ماختارسەن مېنى قەدرىمنى بىلگەندىن كېيىن:
مەن ئۈچۈن نە ھاجىتى زار يىغلىغانىڭ كۆندە بىر،
ئاق تىكەنلەر ئاي ئۆتۈپ قەبرەمدە ئۈنگەندىن كېيىن.
ئاق ئۇتۇنىڭ ئۆرتىنىپ كۆل بولمىقى تەھقىق تامام،
كۆل بولۇرمەن مەنمۇ ھەق، گۈلخاندا كۆيگەندىن كېيىن.
نە ئېرۇر گۈلخان، مېنى ئىشقىڭدا دوزاخ ئۆرتىدى،
نە بولۇرمەن سەن مېنى دوزاخقا كۆمگەندىن كېيىن؟!
يا ئوڭۇممۇ يا چۈشۈم، قىلماق قىياس مۈشكۈل ماڭا،
سەبرى يوق سەۋدايىدەك ۋەسلىڭدە يۈرگەندىن كېيىن:
بەلكى سورارسەن مېنى ئەلدىن: ئەجەپ ئۆلمەپتۇ؟ دەپ،
نە ئېتەي يۈرمەي تىرىك بۇ دەردكە كۆنگەندىن كېيىن؟!

ئابدۇلئەھەت ئىسمايىل

# گۈلىستان نەزمىلىرى

ساقىيا، تۇتقىل قەدەھ، بۇلكۆنكى جانان مۇندادۇر،
نە كېرەك سەيرى گۈلىستان، ماڭا بوستان مۇندادۇر.
— ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى

1

نازاكەت بۇلبۇلىدۇر مەن يۈرەرمەن خۇش ناۋا ئىزدەپ،
ۋىسال باغىدا زۆھرەدەك سېيۈملۈك دىلرەبا ئىزدەپ.

مۇزەممەت ئەيلىمەك دوستلار مېنى سەۋدايى مەجنۇن دەپ،
مۇشەققەت دەشتىنى كەزسەم گۈزەل بىر رەھنەما ئىزدەپ.
نىگار ۋەسلىگە يەتكەن كىم بۇ خەستە جاندىن كەچمەي؟
رىيازەت چەككىنىم راھەت بىسىنىڭگەي چىن ۋاپا ئىزدەپ.
رىزادۇرمەن بولۇپ پەرھاد گويا تىرناقتا تاغ تەشسەم
ساداقەت بابىدا شېرىن كەبى گۈل يۈز زىبا ئىزدەپ.
مېنى پەرۋانە دەك مەيلى ئۇلۇغ يالقۇندا كۆيگەيمەن،
نە ئارمان، كۆيگىنىم بەختىم، كۆيەرمەن نۇر ـ زىيا ئىزدەپ.

2

ھىجرانىڭدا سۆيگۈ بېغىم ۋەيران بولۇرمۇ؟
ياشلىق گۈلۈم توزۇپ بەرگى خازان بولۇرمۇ؟
ۋىسالىڭنىڭ شارابىدىن ئىچمەي بىر قەدەھ،
تەشنالىقتا رەڭگى ـ روھىم سامان بولۇرمۇ؟
سېنىڭ ئۈچۈن بەرپا قىلغان ئۇتقاش چىمەنلەر
بىۋاپانىڭ ئاياغىدا پايخان بولۇرمۇ؟
شامۇ ـ سەھەر يوللىرىڭغا قاراتتىڭ مېنى،
ئۆمۈر بويى ۋەدەڭ شۇنداق يالغان بولۇرمۇ؟
سەندىن ئۈمىد ئۈزمەي قارا چېچىم ئاقاردى
بۇ جاھاندا كىشى مەندەك نادان بولۇرمۇ؟

3

ئىنتىزارمەن، كەلمىدى ھېچ يارۇ دىلبەردىن خەۋەر،
مېھرى ئاپتاپ، سۆزى شېرىن قەندۇ شېكەردىن خەۋەر.

تاغدا ھىدلارمەن بويىنى لالىلەرگە لەۋ يېقىپ
ئىستىسەم يوقتۇر گۈلىستان ئىچرە ئەنبەردىن خەۋەر.

ئاختۇرارمەن تەكتى قاينامنى گويا غەۋۋاس بولۇپ،
بارمىكىن زۇمرەت قېتىدا دۇررى گۆھەردىن خەۋەر.

تۈن كېچە باقتىم ساماغا بارچە يۇلتۇز بەرقارار،
يەنە باقتىم، بولمىدى ئۇ نۇرى ئەختەردىن خەۋەر.

خۇش مۇبارەك، شان قۇچۇپتۇ ئەھلى مېھنەت سەرۋىرى،
بۇندا شۆھرەت تەختىدە، دەپ كەلدى مۇنبەردىن خەۋەر.

ئەھمەتجان ياسىن (ئىقبال)

## بوۋاينىڭ جاۋابى

كىلەتتى ھاسىسىغا تايىنىپ بوۋاي،
سالام دەپ بىر يىگىت قويدى بىر سوئال:
«ئۆزلىرى كەينىدە، ھاسا ئىلگىرى —
بۇ قانداق ھېكمەتتۇر؟ بۇ قانداق ئەھۋال؟»

بەردى بوۋاي شۇئان مۇنداق بىر جاۋاب:
«ماڭىدۇ بۇ ھاسا ئىنسان ئالدىدا،
بەزىلەر يېتىدۇ، ئۇنىڭ ۋەسلىگە،
بەزىلەر يېتەلمەي قالۇر دالدىدا.»

ھەسەنجان بوساق

## شېئىرلار

### دۈشمەنمەدۇر

دۈشمەنمەدۇر نۇقسانلارنى بىلىپ تۇرۇپ ياپىقانلار،
دۈشمەنمەدۇر قامغاقلاردەك شامال بىلەن چاپقانلار.
دۈشمەنمەدۇر شاتۇتىنى دوراپ قوشاق قاتقانلار،
دۈشمەنمەدۇر ياخشىلارغا قۇرغان توزاق - قاپقانلار.
دۈشمەنمەدۇر پۇلغا قۇل بوپ ۋىجدانىنى ساتقانلار،
دۈشمەنمەدۇر خۇشامەتتە ئاياغ يالاپ ياتقانلار.

### ئېيتىلگەنمۇ چىن سۆيگۈ

سۆيگۈلەردىن يارالدىم، سۆيگۈ ئىزدەپ كۆز ئاچتىم،
سۆيگۈ كۆيگەن جاھاندا، پاھ، قاماشتى كۆزلىرىم.
سۆيۈندۈردى بىر رەنا، سۆيۈلۈشكە تىرىشتىم،
ئارمانلىرىم تىپىرلاپ تاشتى يۈرەك سۆزلىرىم.

تىلەكلىرى قانمىغان دىۋانىدەك يېگانە،
قەلبلەرنى ئارىلاپ چىقتىم تالاي - تالاي رەت.
بەزى كۈلدۈم، بەزىدە ياشمۇ تۆكتۈم پىنھانە،
ئەمەن تاپتىم چىن سۆيگۈ تۇغقىنىدا لاتاپەت.

سۆيگۈلەرنىڭ خائىنى بەدنىيەتلەر كۆيدۈرگى،
سۆيگۈ ئۈمىد مەشئىلى، سۆيگۈ تىلسىم - سېھىردۇر.

ئىنتىلگىنىم پاك ۋىجدان - ئاق نىيەتلىك چىن سۆيگۈ،
چىن سۆيگۈگە مۇجەسسەم مىڭ قۇياشلىق مېھىر - نۇر.

## مەن شۇنداق بىر راستچىل يۈرەكنىڭ قولى

ھەق سۆزدە دوستلارنى كۆلدۈرەلمىدىم،
يالغانغا تىلىمنى كۆندۈرەلمىدىم.
قەلبلەر قىرىدا كۆتستۇم مەن ئۇزاق،
راستلىقتىن بىر مايسا ئۈندۈرەلمىدىم.

قەلبلەر قىرىدا كۆتتۇم مەن ئۇزاق،
ياخشىغا ھېچقاچان قۇرمىدىم تۇزاق.
يالغاننى پەردازلاپ — بەرمىدىم رەڭلەر،
كۆچۈكتەك يېلىنىپ باقمىدىم قۇرساق.

يالغاننى پەردازلاپ — بەرمىدىم رەڭلەر،
ۋە لېكىن شۇملۇققا كۆپ ئىكەن دەڭلەر.
«قارا» نى «ئاق» دېيىش ئۆلۈم ئەمەسمۇ؟
ئەجرىسىز ئولجىغا سالمىدىم زەنلەر.

«قارا» نى «ئاق» دېيىش ئۆلۈم ئەمەسمۇ؟
ئېگىمغا كىرەلمەس غەيرىي ھەۋەسمۇ.
ھەقنى ھەق سۆزلەيمەن، يالغىنى يالغان!
باقمايمەن مەرتىۋەڭ ئېگىزمۇ پەسمۇ.

ھەقنى ھەق سۆزلەيمەن، يالغىنى يالغان!
ئىنسانغا نومۇس ئىش غۇرۇردىن تانغان.
مەن شۇنداق بىر راستچىل يۈرەكنىڭ قولى،
ۋىجدانەن ياشاشقا قەدەملەر ئالغان!

## قېنى ئۇ گۈل كەبى ناز - كەرەشمەڭ

بىر چاغلار بال تامغان ئوتلۇق لەۋلىرىڭ
سۆيگۈدىن قىسسەلەر سۆزلەيتتى نازلىق.
شۇ قەدەر سۆيەتتىم مەن سېنى، ئۇ چاغ—
جېنىمنى بەرسەممۇ قىلاتتى ئازلىق.

كۆكسۈمگە باش قويۇپ ئاشۇ ئاق كېچە،
ۋەدىلەر بەرگەنتىڭ تەكرار ۋە تەكرار.
تەبەسسۇم جامىڭدا چالغىنىپ ھەر يان
دىلدىكى تىچلىقنى قىلغانتىڭ بىكار.

قېنى ئۇ گۈل كەبى نازىڭ - كەرەشمەڭ؟
ئۆتسەن يېنىمدىن، تۇزدەك كەدىيىپ.
سۆيگۈمنى ئوغرىلاپ قاچقان كۆزلىرىڭ
ئەجەبا كۈلمەيدۇ ئەمدى جىلمىيىپ؟

ئەسلەشكە ئۈندىسەم ئۆتكەن كۈنلەرنى
پەرۋاسىز كېتىسەن، تولغايسەن بويۇن.
ئۇنتۇلۇش شۇنچىلىك ئاسانمۇ ساڭا،
ۋە ياكى غەيرىگە ئاچتىڭمۇ قويۇن؟

ئاھ، بۈگۈن ئۆزگىچە سوغۇق لەۋلىرىڭ
قىسسەلەر سۆزلىمەس ئۇنچىلىك نازلىق.
سۆرۈن بىر تەلەتتە ئالايدىڭ ماڭا،
دات باسقان دەردلىرىم قىلغاندەك ئازلىق؟...

تۇرغۇن ئوبۇلقاسىم

# ئىككى شېئىر

## مەن موڭداق بەندە

مىنۇالسام راھەت ماڭا چامبۇل ئىشەككە،
ئايروپىلان ئۇچسا، ئۇنى قارغايمەن - تىللاپ.
كېسەل تەگسە كەتمەن چاپقان ئەزىز بىلەككە،
دەرھال دۇئا ئوقۇتىمەن داخاننى چىللاپ.

زامانىۋى ھەممە نەرسە خەتەرلىك - خەتەر،
ئىشەنمەيمەن ھەممىسىگە، كۆرمىسۇن كۆزۈم.
تەرلەپ - پىشىپ، جاپا چېكىپ يۇتسامۇ زەھەر،
ھېچ خەتەرسىز كۆتەلەيمەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم.

كاپىر دەيمەن كىمكى يۇرسە ئەگەر يالاڭباش،
يالاڭئاياغ يۈرگەنلىكىم سانالماس گۇناھ.
مالاي بولۇر ماڭا دائىم ياۋاش، نادانلار،
كۆچلۈكلەرگە بوزەك بولسام خۇدايىم گۇۋاھ.

ئوقۇتمايمەن نەۋرىلەرنى، چەۋرىلەرنى ھەم،
ئاتا - بوۋام دېھقان ئىدى، دېھقانمەن ھازىر.
بىزگە ئوبدان كەسىپ بەرگەن ياراتقان ئىگەم،
ئەللىك يىللاپ ئوقۇساقمۇ بولمايمىز كادىر.

ھەممە ئىشتىن ئەۋزەل ماڭا تائەت - ئىبادەت،
ھېچكىمسىگە ۋاپا قىلماس ئاخىر بۇ جاھان.
شۈكرى دەيمەن كېلىپ قالسا غايىبتىن ئامەت،
ئۆلسەم ياتسام گۆلجەننەتتە، يوق مەندە ئارمان.

## «كېپەك» پاجىئەسى

رەنجىپمۇ يۈرمەيمەن سېنىڭدىن بىراق،
رەنجىيمەن ئۆزۈمدىن پەقەت ۋە پەقەت.
سەن مېنىڭ ئالدىمدا ئىپەنسىز - ئاپپاق،

مەن سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكار ئەبەد،
رەنجىيمەن ئۆزۈمدىن پەقەت ۋە پەقەت.

سەن گۈزەل ئولجىدەك كۆرۈندۈڭ ماڭا،
مەن دەرھال ئاتمىسام قاچاتتىڭ شەكسىز.
قارىغا ئېلىپ ئوق ئۈزگىچە ساڭا،
ئاھ، سېزىپ قالدىڭ-دە، قېچىپ كەتتىڭ تېز،
مەن دەرھال ئاتمىسام قاچاتتىڭ شەكسىز.

ئالدىراپ قوللىرىم تىترىدى شۇ ئان،
«پاڭ!» قىلدى، دېمەككى چىقىپ كەتتى ئوق.
مەن سېنى قارىغا ئالالمىغاچ، جان،
شۇ ئوقۇم ئېتىلدى ھاۋاغا قۇرۇق،
«پاڭ!» قىلدى، دېمەككى چىقىپ كەتتى ئوق.
مىلتىقنىڭ ئاۋازى چۆچۈتتى سېنى،
قاچتىڭسەن تاشلاردىن تاشلارغا سەكرەپ.
تۇتۇپلا ئالمىسۇن دېگەندەك مېنى،
قاچتىڭ سەن جېنىڭنىڭ بارىچە ھەدەپ،
تېز قاچتىڭ تاشلاردىن تاشلارغا سەكرەپ.

سىلكىنىپ ئۆزۈڭنى ئالدىڭ دالدىغا،
ۋە لېكىن چوڭقۇر بىر ھاڭغا يىقىلدىڭ.
يىقىلدىڭ بىر يىرتقۇچ ھايۋان ئالدىغا،
مەن تامان چىقاي دەپ شاخقا ئېسىلدىڭ،
ۋە لېكىن چىقالماي يەنە يىقىلدىڭ...

شۇ ئەسنا ئۆزۈمنى ئاتتىم سەن تامان،
قىيا تاش باغرىدىن يولىدىم سېنى.
جىمغايتتى چىرايلىق لەۋلىرىڭدىن قان،
رۇسلىدىڭ قەددىڭنى، قۇچاقلاپ مېنى،
قىيا تاش باغرىدىن يۆلىدىم سېنى.

مەن ئۇنداق قارامىلىق قىلمايتتىم زىنھار،
كېيىكتەك يۈرمىگەن بولساڭ سەن قېچىپ.
سەندىكى تەرسالىق كەلگەچ ماڭا ھار،
مەست بولدۇم قارامىلىق مەينى ئىچىپ،
كېيىكتەك يۈرمىگەن بولساڭچۇ قېچىپ!؟...

بارلىقىڭ ماڭىلا بولدى تەئەللۇق،
ئەپسۇس ۋە مىڭ ئەپسۇس، ساقايدىڭ مېيىپ.
مەن سېنى چۆچۈتۈپ، قىلدىم مەلئۇنلۇق،
مېنىڭدە كەچۈرۈپ بولغۇسىز ئەيىب،
ئەپسۇس ۋە مىڭ ئەپسۇس، ساقايدىڭ مېيىپ...

رەنجىمە يۈرمەيمەن سېنىڭدىن يىراق،
رەنجىيمەن ئۆزۈمدىن پەقەت ۋە پەقەت.
سەن مېنىڭ ئالدىمدا ئېيىبسىز ساپساق،
مەن سېنىڭ ئالدىڭدا گۇناھكار ئەبەد،
رەنجىيمەن ئۆزۈمدىن پەقەت ۋە پەقەت.

**ھەبىبۇللا رەجەپ**

# شېئىرلار

## قانائەت

مەن ئىچمىگەن پەقەت دېڭىز سۈيىنى،
ھەممە ئۇنى چۈشۈمدىمۇ كۆرمىگەن.
بارالمايمەن سىنى تاشلاپ ئۇ يەرگە،
مەن تاغ ئاتلاپ، چۆل - باياۋان كەزمىگەن.

چاڭقاش قىسسا مۇزدەك سۇنى ئىچىمەن،
ساڭا - ماڭا تونۇش ئاشۇ بۇلاقتىن.
ئىچكەن ئۇنى ئاتا - ئانام ئەسلىدە،
سىرداش بولۇپ كەلدىم مەنمۇ ئۇزاقتىن.

كېزەلمەيمەن دېڭىز ئىزدەپ چۆللەرنى،
مەن قورقىمەن ئۇنداق دىشۋار - يىراقتىن.
تۇرسا بۇلاق چاڭقاشلارنى يولاتماي،
نېمە قىلاي بۇلاق ئىزدەپ يىراقتىن.

## قۇياشقا يېقىن چوققىلار

تۇمانلارنى پايانداز قىپ كۆز نۇرۇم،
ئەي چوققىلار، قۇچىقىڭغا ئاقىدۇ.
تۈن قوينىدا بىدار - ئويغاق خىيالىم
سېنى بويلاپ لەرزان قانات قاقىدۇ.

غۇرۇرۇمنى ئاشۇرىدۇ تاغلاردىن
بۈيۈكلۈكنىڭ نۇرلىرىنى چاچقىنىڭ.
يۈرىكىمنى ناخشىلارغا ئورايدۇ،
جەسۇرلۇقنىڭ يۈزلىرىنى ئاچقىنىڭ.

بۇلۇتلارنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر ساڭا
مۇھەببەت بار يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە.
مەغرۇرلۇقنىڭ بۆلىيگە بۆلەنگەن
بۈركۈتلەرنىڭ ئىرادىسى ئەسلىدە.

تۇغۇلغاندەك قۇياش پەقەت سەن ئۈچۈن،
قۇچاقلايدۇ سۆيۈپ سېني ھەر سەھەر.
خۇشتارلىقنىڭ ئەلىمنى كۆتۈرۈپ،
ئاي - يۇلتۇزمۇ ئاۋۋال ساڭا نۇر سېپەر.

تەبىئەتتىن ئۆزۈم تاپقان ھېكمەتلەر
بۇ كۆڭۈلنى ئەزىز قىلار توق قىلار.
مۇھەببەتنى سېپ تۇرۇسەن ئىپسىمگە،
سەن قۇياشقا يېقىن تۇرغان چوققىلار.

## ۋىسال دېمەي تۆلىدى بەدەل

خۇي چىقاردى قىشنىڭ شامىلى،
ئۈيىقۇسىنى يىتتۇرۇپ قويۇپ.
ئاداققى رەت خوش دېگەندە سەن،
كۆيۈپ كەتتى جىسمىم ئوت بولۇپ.

ئېلىپ كەتتى مەنزىلىڭ سېنى
كۆزلىرىمدىن سۇغىرىپ بۇدەم.
ياتار سېنى ماڭغۇزغان بۇلبۇل
قىلىپ قويماي مەن ئۈچۈن بىر غەم.

ئىرىكلىكتىن نىشان يوق تەندە،
قېتىپ قالدىم گويا بۇتسىمان.
كۆن بەزمىدى شاتلىق دېمىگە،
بۇ دىمجرانىدا يوق ئىكەن ئىمان.

سايەڭ كۆزدىن يىتكەنگە قەدەر،
قەلبىم قويدى ئۆنسىزلىككە باش.
قاراڭغۇلۇق ياماشتى دىلغا،
تاغ كەينىگە مۆككەندەك قۇياش.

ئىچتى شەربەت كۆز ياشلىرىمدىن،
چالۋاقىغان قىسمەت قويۇنى.
ۋىساللىق دەم تۆلىدى بەدەل،
ئاھ، ئەجەبكەن سۆيگۈ ئويۇنى.

## تىۋىنىش

مەن تىۋىنىدىم پەرىشتىگە نە ئۈچۈن،
ئادەملىكىم توزىدىمۇ ۋە ياكى!؟
پەرىشتە دەپ قاياقلارغا ئۇچتۇمەن،
بارارمەنمۇ دوزاخقىمۇ ھەتتاكى!؟

بۆشۈكتىكى سەبىي يۇمران روھ بىلەن،
سۆيۈۋەردىم كۆڭۈل ئىزدەپ، كۆڭۈل دەپ.
ئىچ - ئىچىمدىن يىغا پارتلاپ تۇرسىمۇ،
چىرايىمغا كۈلكە بەردىم شوخ ئەجەپ.

ئۇچۇپ يۈردۈم بوشلۇقلاردا يېگانە،
يامغۇر قاقتىم تاقىر يەرنى كۆرگەندە.
توغرىلىدىم ئۆپۈق كۆچكەن يولغا مەن،
چەمبەرسىمان يولنى بېسىپ ئۆتكەندە.

ئۆتكىنى يوق پەرىشتىمۇ بۇ يولدىن،
كۈلكىسىنىڭ نۇرلىرىنى قالدۇرۇپ.
ئالغۇچىلىك مەن ماڭسەمەن بۇ يولدا،
ئۆلۈم تەندىن ئىرىكلىكنى سالدۇرۇپ.

ئېچىپ سىرلىق قاپقىقىنى ھاياتىنىڭ،
كەشتىلىدىم سەلتەنەتنى ئۆزۈمىگە.
پەرىشتىگە تىۋىنسامىمۇ نە ئۈچۈن،
يولۇقمەن يەنە كۈلپەت - ئەلەمگە.

ئۇلۇغلۇقىنىڭ قېنى سىڭگەن جەبرىگە،
لەززەت ئىزدەپ باش قويىمەن ئۇن-تىنسىز.
پەرىشتىگە تىۋىنغىنىم شۇمىكىن،
يامەندىكى ئارزۇمىدىن مۇمكىنسىز!؟

## چۆلگە سۆز

يۈرىكىمدە تۇغۇلۇپ قويدۇم بىر ناخشا،
سېنىڭ ئۇلۇغ ئارمىنىڭنى سىڭدۇرۇپ.
ئاھاڭىغا قوشۇۋەتتىم دەريانىڭ
ئۇيقۇسى يوق شاۋقۇنىنى كۆچۈرۈپ.

ئەللەيلەيمەن سېنى ئاشۇ كۈي-ۋەدە،
يېشىللىقىنىڭ سۆيگۈسىنى يەتكۈزۈپ.

مۇھەممەت كامال (خۇش خۇي)

ناخشام بىلەن باھار باشلاپ يۈرىمەن،
قۇچىقىڭدىن قاقاسلىقنى كەتكۈزۈپ.

ناخشىلىرىم سېھرى بىلەن بىنئامال،
سەراپىلىرىڭ ئايلىنىدۇ دەرياغا.
ناخشام كۆمەر سېنى تاتلىق كۆلكىگە،
ئاي كۆمگەندەك چىمەنلەرنى جۇلاغا.

ناخشام بىلەن كۆچۈپ كېلەر باغرىڭغا،
قەلبىمدىكى جەزىبىلىك سۆرەتلەر.
ناخشام بىلەن بار قېنىڭنى سۈمۈرۈپ،
كۆچۈپ كېلەر ساھىبجامال جەننەتلەر.

ئىشەن مەڭگۈ توختىمايدۇ بۇ ناخشام،
ناخشىسى بۇ مىليون - مىليون يۈرەكنىڭ.
ناخشام بىلەن جارى سېنىڭ ئىستىكىڭ،
ناخشىسى بۇ قايناق مېھنەت - كۆرەكنىڭ.

## ھايات ۋە يۈرەك

يۈرىكىم ھايات دەپ سوقىدۇ دۈپ - دۈپ،
ۋە لېكىن ھاياتىم باردى بىر يەرگە.
شۇنچە ياش ياشىدىڭ تۆھپەڭ قانچىلىك؟
بۇ سوئال سورالسا چۆمىمەن تەرگە.
قانچىلىك تەر تۆكتۈم بۇ ئانا يەرگە،

مەنىسىز ياشاپلا ئۆتسە ئالەمدىن،
ئۇيات ئىش بولمامدۇ قاۋۇل بىر ئەرگە،
ساناقلىق كۈنلىرىم قالغان بولسىمۇ،
تىرىشىپ شەرەپ - شان كەلتۈرسەم ئەلگە،
پۈركىگەي ئەۋلادىم قەبرەمنى زەرگە.

ھەيرەت ئابدۇراخمان

# ئىككى شېئىر

## تۇغۇلغان كۈنۈمگە

مىراس قالغان ھەسرەتنى يۇدۇپ،
باياۋاندا باشلىدىم سەپەر.
سېنتەبرنىڭ سالقىن شامىلى
ھاياتىمغا يارقىن نۇر سېپەر.

قىسمەتلەرنىڭ كۆپتۈر دوقىلى،
ھەر قەدەمدە ئالدىمنى تورار.
تېپىشماق كۆپ ھاياتتا ھامان،
مەندىن تۇرلۇك سوئاللار سورار.

ئاھ، تۇرمۇشنىڭ تالاي سىنىقى،
قىلدى مېنى بىغەم، زەبەردەس.
تىنىقىممۇ توختايدۇ شۇدەم،
تىنچىغاندا قەلبىمدە ھەۋەس.

## ئەقىدەم شۇ ئەي جاھان

ئۆز يار دېگەن ئالتۇن بوي، ئۆز يار دېگەن پەرىشتە،
ھەر تىنىقىي ئىچىدە مىڭ جەننەتنىڭ ھۇزۇرى.
بىر ساڭىلا باغلانغان سۆيگۈ، ۋىجدان، ئەقىدە،
ئۆز يار بولسا پاك، مەسۇم، يۈكسەك كىشى غۇرۇرى.

ئۆز يارىم بار — قەددىمنى ئاغلار كەبى كۆتۈرگەن،
مېھرى ئۇنىڭ قەلبىمدە مەڭگۈ سۇلتان پادىشاھ.
ئۆز يارىم بار رەقىبىنى تۈمەن غەمگە چۆكۈرگەن،
ئىنچۋالارغا سۆيگۈمىز، ئەقىدىمىز قەبرىگاھ.

ئەقىدەم بار ئۆز يارغا ئاڭلا بۇنى يەر - جاھان،
ئۆز يار بىلەن يېتىمەن شادلىقىمغا، ۋىسالغا.
باسسىمۇ گەر ئالەمنى تۈمەن تۈرلۈك يەل - توپان،
جاۋابىم شۇ ئۆزگىلەر قويغان غەيرىي سوئالغا.

زوردۇن سابىر

# زېمىن ۋە شەربەت

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ماي ئېيىنىڭ ئاخىرى تەبىئەت ئادەملەرنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىدىغان، ئادەملەر ھېسسىيات ۋە ھاياتقا بولغان مۇھەببەتكە تولىمۇ قاتتىق بېرىلىدىغان مەزگىل— چۈنكى بۇ چاغ باھارنىڭ ئاخىرى. ئىنسانلار مەدھىيىلەپ ھارمايدىغان ئاشۇ باھارنىڭ زېمىندىن قەلبلەرگە يۆتكىلىدىغان ئاخىرقى كۈنلىرىدە مەن ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتىغا كەلدىم.

زاۋۇت— مېنىڭ ئېڭىمدا ئىس ۋە قۇرۇم بىلەن بۇلغانغان، ھاۋاسى، دەرەخلىرى ۋە ئادەملىرىنىڭ چىرايلىرىدا بۇ نەرسىلەر كۆرۈنۈپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن مەن بۇ يەردە ئويلىغىنىمنىڭ ئەتۈرىسىنى كۆردۈم: پاكىز يوللاردا قۇياش نۇرى خۇددى ئەينەكتە پارقىرىغاندەك كۆزنى چاقاتتى، قويۇق دەرەخلەر، يۇمران چىمەنلەر، ئادىمى شالاڭ ئازادە كوچىلار، تولىمۇ خاتىرجەم، غەمسىز كۆرۈنىدىغان ئادەملەر ماڭا گويا باشقا بىر ئەلدەك بىلىنىدى، مەن بىر مەدەنىيەتلىك مەملىكەتكە كېلىپ قالغاندەك شادلاندىم. لېكىن مەن يەنىلا ئۆز يېرىمىزدە— نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتىدا ئىدىم.

مېنى ھاياجانغا سالغان بۇ زاۋۇت ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، شەھەردىن 23 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىكەن. كۆلىمى 16 كۋادرات كىلومېتىرلا كېلىدىغان بۇ زاۋۇتتا زور قىزىقىش، كۈچلۈك ھاياجان ۋە قىزغىن كۈتۈلۈش بىلەن بىر ئاي ھايات كەچۈردۈم. قايتىپ كېلىپ خۇددى بىر كۆڭۈللۈك ساياھەتنى ئاخىرلاشتۇرغاندەك، بىر ئاجايىپ كىتابنى ئوقۇپ بولغاندەك شېرىن خىيال، تاتلىق ھېسسىيات بىلەن كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىمنى ئەسلىدىم.

## 1. پىداكارلار بىلەن سۆھبەت

— بۇنداق چوڭ زاۋۇتنى مەن بۇرۇن كۆرمىگەن.

— چەت ئەلدىغۇ كۆرگەنسىز؟

— مەملىكىتىمىزدە كۆرمىگەن. بۇ يەرنى زاۋۇت دېمەي شەھەر دېسە بولغۇدەك.

— توغرا بۇ يەر شەھەر. زاۋۇت ئاۋۇ ياقتا، شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە. نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى، پولى ئىستىر خىمىيىۋى تالا زاۋۇتى، تېرمو ئېلېكتر ئىستانسىسى ھەممىسى شۇ ياقتا. زاۋۇتىمىزدىكى 13 مىڭ نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ كۆڭۈللۈك ئىش ئورنى ئاشۇ ياقتا.

باش زاۋۇت پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جالالىدىن ماڭا توپتوز، كەڭرى كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىنى كۆرسەتتى. كوچا كەڭ ئورمانلار ئارىسىدا قۇچاق ئېچىپ تۇراتتى. مەن قارلىق چوققىلىرى بىلەن ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدىغان بوغدا تېغىنىڭ باغرىدىكى بۇ شەھەرنىڭ شىمالىغا قارىدىم: ئۇ ياق مۆجىزە كانى. ئۇ يەردە يەردىن ئېتىلىپ چىقىدىغان قارا، قوڭۇر سۇيۇقلۇق سۈزۈك بۇلاق سۈيىگە، يالتىراق ئۈنچە-مەرۋايىتقا، كىشىلەرنى تەلپۈندۈرىدىغان ئالتۇن ۋە پۇلغا، كۈچ ۋە جاسارەتكە، ھەتتا غايە-ئىستىقبالغا ئايلانماقتا.

بۇ مېنىڭ ئويلىغانلىرىم. لېكىن جالالىدىن ئەمەلىي گەپنى قىلدى:

— بىزدە نېفىت تېخى ئارانلا ئالتە تۇر، 36 خىل نېفىت ۋە خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتى بېرىدۇ. غەربىي گېرمانىيىدە بولسا 1200 نەچچە خىل...

— پاھ ھوي! — مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتىم، — مەن كىتابلاردىن نېفىتتىن ھازىر 284 خىل مەھسۇلات ئىشلىنىدىغانلىقىنى كۆرگەن. ئەمما 1200 نەچچە خىل دېگەننى ئاڭلىماپتىكەنمەن.

— كەلگۈسىدە بىزمۇ قىلالايمىز.

— قېنى جالالىدىن شۇجى سۆزلەپ بېرىڭ؟

— باشقىلار سۆزلىسۇن. ئاۋال كۆرۈڭ، زاۋۇت-سېخلارغا بېرىڭ، زاۋۇت باشلىقلىرى، ئىشچىلار سۆزلەپ بەرسۇن، — دېدى ئۇ سالقىنقانلىق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ.

مېنىڭ ئادەم سۈرىتىگە ئامراق قەلىمىم شۇجىنىڭ قىياپىتىگە قىزىقماقتا. لېكىن ئۇنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئۇنىڭ روھىنى تەسۋىرلەپ بېرەلىسەملا كىشىلەر قانائەت قىلىدۇ. 51 ياشلىق بۇ تەلەپكار قۇرغۇچىنىڭ قىزغىنلىقى كەمتەرلىكىنى بېسىپ چۈشىدۇ، مانا بۇ جالالىدىن شۇجى توغرىسىدىكى ئەڭ قىسقا، توغرا تەسۋىر. ئۇنىڭ قىزغىنلىقى ئىش، مۇئامىلە ۋە تەپەككۇردا ئىپادىلىنىدۇ: ئۇ ھامان ئىش توغرىسىدا، جەمئىيەت، ئىنسانىيەت توغرىسىدىلا سۆزلەيدۇ، ئادەملەرگە قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ.

— تەكلىپ قىلىپمۇ ئەكەلگىلى بولمايدىغان مېھمانسىز، — دەيدۇ ئۇ ماڭا دائىم، — خىجىل بولماڭ، ياتاق-تاماقنى پۇلسىز قىلغىنىمىزغا بۇنچە تۇزۇت قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. تالاي-تالايلىرى بىكارلا يەپ-ئىچىپ كېتىدۇ. سىز دېگەن مەنىۋى بايلىق ياراتقۇچى تۇرسىڭىز... — مانا بۇ جالالىدىن شۇجىنىڭ سۆزى.

زاۋۇتنىڭ كەلگۈسى توغرىسىدا:

— ھازىر يىلىغا 2 مىليون 500 مىڭ توننا نېفىت پىششىقلاپ ئىشلىيەلەيمىز. خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىمىزمۇ مەملىكەت بويىچە ئوخشاش زاۋۇتلار ئىچىدە بىرىنچى بولغىنى بىلەن يىلىغا ئارانلا 520 مىڭ توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىشلەپچىقىرالايدۇ. سۇلياۋ، زاۋۇتنىڭ بىر يىلدا ياسايدىغان خالتىسىمۇ 17 مىليون...

سانلىق رەقەملەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن گوياكى ئۆيىدىكى باللىرىنىڭ ساندەك ئاسان ۋە توغرا چىقىدۇ:

— ھازىر بىزدە 13 قۇر يۇرۇشلەشكەن ماشىنا، ئۇسكۇنە بار، تۇراقلىق مەبلىغىمىزمۇ ئارانلا 1 مىليارد 400 مىليون يۈەندىن ئارتۇق...

لېكىن كەلگۈسى توغرىسىدا سۆزلىگەندە، ئۇ رەقەملەرنى ھاياجان بىلەن شېئىر دېكلاماتسىيە قىلغاندەك ئوقۇيدۇ:

— لېكىن 8 - بەش يىللىق پىلانىنىڭ ئاخىرقى ئۈچ يىلىدا پولى ئىستىر خىمىيەۋى تالا زاۋۇتىنىڭ ئومۇمىي مەبلىغى 2 مىليارد يۈەن، خىمىيەۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ 1 مىليارد 300 مىليون يۈەن، نېفىت ئايرىشنىڭ ئۆزگەرتىشكە سالغان مەبلىغى 500 مىليوندىن كۆپ بولىدۇ. سۇلياۋ زاۋۇتىنىڭ مەبلىغىمۇ بىر ھەسسە ئاشىدۇ.

— ئۇ چاغدا ئومۇمىي تۇراقلىق مەبلەغ قانچە بولىدۇ؟ — مەن تاقەتسىزلىنىپ سورىدىم.

— 4 مىليارد 500 مىليون يۈەن بولۇپ، ھازىرقىدىن تۆت يېرىم ھەسسە ئاشىدۇ، — دېدى دەرھاللا.

مېنىڭ مەھسۇلاتنى، يارىتىلىدىغان بايلىقنى بىلگۈم كەلدى:

— ھازىرقى تۇراقلىق مەبلەغلەرنى مەملىكەت خەلقىگە چاچساق كىشى بېشىغا بىر يۈەندىن توغرا كېلىدىكەن، — دېدىم مەن دەرھاللا رەقەم بىلەن ئۇنى قىزىقتۇرۇپ، — ئۈچ يىلدىن كېيىن تۇراقلىق مەبلەغلەر تۆت مىليارد 500 مىليون يۈەندىن ئاشقاندىن كېيىن يارىتىدىغان بايلىقلار قانچىلىك بولىدۇ؟

— ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتى، — دېدى ئۇ ئۆز زاۋۇتىنىڭ ئىسمىنى پەخىرلىنىپ تۇرۇپ تولۇق نامى بىلەن ئاتاپ، — غەربىي شىمال رايونىدىكى ئەڭ چوڭ نېفىت - خىمىيە، پولى ئىستىر خىمىيەۋى تالا بىرلەشمە بازىسىغا ئايلىنىدۇ!

بۇ بازىدا كەلگۈسىدە يارىتىلىدىغان بايلىققا تولىمۇ قىزىقتىم. ئاخىر بۇ رەقەملەرگە ئىگە بولدۇم. رەقەملەر ھازىر تىلغا، بىلىمگە ئايلىنالايدۇ. چۈنكى بۇ دەۋر رەقەم دەۋرى.

ئۇ چاغدا زاۋۇتنىڭ يۇرۇشلەشكەن ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى 27 گە يېتىدىكەن. مۇھىم مەھسۇلاتلار بىر ھەسسىدىن ئاشىدىكەن. بۇ چاغدىكى رەقەملەر: نېفىت ئايرىش بەش مىليون توننا، خىمىيەۋى ئوغۇت بىر مىليون 40 مىڭ توننا بولىدىكەن، پولى ئىستىر خىمىيەۋى تالا ھازىرقى بەش مىڭ توننىدىن 40 مىڭ ياكى 100 مىڭ تونىنىغا يېتىدىكەن. سۇلياۋ زاۋۇتىمۇ 34 مىليون دانە خالتا ئىشلەپچىقىرالايدىكەن.

مەن بۇ رەقەملەرنى پۇل بىلەن ئىپادىلەشنى خالىمىدىم. تەبىئىيكى بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىدىغان قىممىتىمۇ ئۈن خانىلىق سانلار بولىدۇ.

جالالىدىن سالماقلىق، كەم سۆز، خۇش خۇي ئادەم. ئۇ شىنجاڭ سانائەت شۆبىيەنىنىڭ ئېلېكتىر تېخنىكا كەسپىنى تۈگىتىپ، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن سېخلاردا تېخنىكا خادىمى بولغان، سېخ ۋە زاۋۇتلارنىڭ رەھبەرلىك ئورۇنلىرىدا ئىشلىگەن، زاۋۇت

ئۇنىڭدا بىر خىل ئەستايىدىللىق، مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئەمەلىي بولۇشتەك ئادەتلەرنى يېتىلدۈرگەن. ئۇ ماختىنىش، چوڭ گەپ قىلىش ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىشتەك ئادەمنى بىزار قىلىدىغان قىلىقلار بىلەن سۆھبەتدىشىنى زېرىكتۈرىدىغان بەزى رەھبەرلەرگە ياخشى سېلىشتۇرما. ئۇ ئۆز سۆزىدە باشقىلارنى، بولۇپمۇ بىللە ئىشلەۋاتقان خىزمەتداشلىرىنى كەۋدىلەندۈرۈشكە ئامراق. ئۇ: خۇ چاڭجياڭ بىلەن سۆزلىشىڭ، ئۇ كىشىنىڭ تۆھپىسى چوڭ، دېگەن سۆزنى كۆپ قوللىنىدۇ.

مەن جالالىدىن شۈجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن باش زاۋۇتنىڭ ئەڭ چوڭ رەھبىرى خۇ شاۋجيەن بىلەن سۆھبەتلەشتىم.

ئۇ مېنى مېھمانخانىنىڭ ئىككىنچى قەۋەت يىغىن زالىدا خۇشاللىق بىلەن قىزغىن كۈتۈۋالدى.

ۋاقىتنى قەدىرلەش ھازىر بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ پىشقەدەم ئادىتىگە ئايلانماقتا. ئۇلار ھەممە ئىشنىڭ ۋاقىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنلەر.

— بىرەر سائەت سىزگە لازىم زۆرۈر گەپلەرنى قىلىشايلى، — دېدى ياش، كەسكىن، قىزغىن زاۋۇت باشلىقى، — قالغان گەپلەرنى باشقا يولداشلار دەپ بېرىدۇ.

ئۇ ماڭا باش زاۋۇتنىڭ تارىخى، ھازىرقى ئەھۋالى، كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتى قاتارلىقلارنى ئىخچام، ئۇقۇشلۇق قىلىپ سۆزلەپ بەردى.

— يەنە نېمىلەر لازىمكىن، — دېدى ئۇ ماڭا خۇددى سىناۋاتقاندەك قاراپ قويۇپ، — زاۋۇتىمىز مەملىكىتىمىز بويىچە ئەڭ ياخشى 500 كارخانا ئىچىدە 86 - ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 50 ئەڭ چوڭ سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. تېخى 1992 - يىلىلا مەملىكەت بويىچە ئالاھىدە چوڭ تىپتىكى 100 چوڭ كارخانىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالالىدى. لېكىن بىز ئاپتونوم رايونىمىزغا يۈز مىليون يۈەندىن كۆپرەكلا پۇل بېرەلەيمىز. ئەھۋال بەكمۇ ياخشى ئەمەس. ئومۇمەن شىنجاڭ سانائەتتە ئارقىدا، لېكىن شۇنىسى ئېنىق: شىنجاڭ كەلگۈسىدە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتەلەيدۇ. ئالدىغا ئۆتۈشتە نېفىتقا تايىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ كان بايلىقلىرى مول، بولۇپمۇ نېفىت ۋە نېفىت مەھسۇلاتلىرىدا بىرىنچى ئورۇندا. گەپ بىزدە، ئىستىقبال بىزگە باغلىق!

— ئۆزىنى خەلققە، جەمئىيەتكە، ئىنسانىيەتكە بېغىشلىغان پىداكارلىق روھىغا بەي قۇرغۇچىلارغا باغلىق، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئۇلاشتۇرۇپ، — ماڭا زۆرۈرى نەق مۇشۇ خىل ئادەملەر. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ روھى ۋە روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمى!

— ناھايىتى ياخشى! — دېدى ئۇ بىردىنلا جانلىنىپ، بۇنداق روھ بولمىسا، كارخانىنىڭ جېنى بولمايدۇ. پىداكارلىق روھى بولۇش كېرەك. بۇنداق بېغىشلاش ئىلغار ئاڭنىڭ تۈرتكىسى بىلەن توغرا كۆز قاراشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بولۇشى كېرەك. ھازىرقى ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنى خەلققە بېغىشلايدىغانلار ئۇنچىلىك كۆپ ئەمەس!

ئۇ دىۋاندىن تۇرۇپ، مېڭىپ يۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ قىزىقىدىغان تېمىدا سۆھبەت بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇچۇنمۇ، ياكى ئۆز كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىش ئىستىكى

قوزغالغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ ھاياجانلانغان، روھلانغان ئىدى. ئۇنىڭ سۆزلىرى تەبىئىي، جانلىق، پىداكارلىق روھى، ئۆز ئىشىنى سۆيۈش روھى، تەقەززالىق، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچ ئۇنىڭ سۆز ۋە ھەرىكىتىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— مەن لەنجۇ خىمىيىۋى سانائەت شىركىتىدىن شىنجاڭغا يۆتكەلگەندە يالغۇز بىرلا ئادەم كەلدىم. قايتىشقا ياكى يۆتكىلىشكە توغرا كەلسىمۇ بىرلا ئادەم، بىرلا سومكا بىلەن كېتىمەن، — دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا مېنىڭ كۆز ئالدىمغا شىنجاڭغا كېلىپ-كەتكەنلەر توغرىسىدا ئاڭلىغان، ئوقۇغانلىرىم بىرمۇ بىر كەلدى.

كونا جەمئىيەتتە جىن شۇرېن، شېڭ شىسەيلەرگە ئوخشاش ئەمەلدارلار شىنجاڭدىن كېتىشتە ماشىنا - ئايروپىلان بىلەن ئالتۇن - كۈمۈش، بايلىق ئېلىپ ماڭغانىدى.

ئازادلىقتىن كېيىنمۇ يېقىنلارنى مۇھىم مەنسەپلەرگە تەيىنلەپ، ھەتتا كاتىپ - شوپۇرلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كەلگەن پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرى ئازمۇ؟ ئۇلارغا مانا مۇشۇ خۇ چاڭجاڭدەك «بىرلا سومكا بىلەن كەلدىم، بىرلا سومكا بىلەن كېتىمەن» دەيدىغان پىداكارلارنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتكۈم كېلىدۇ.

— شىنجاڭدا ئىشلەش جەريانىدا قەلبىمدە شىنجاڭغا كۈچلۈك مۇھەببەت پەيدا بولدى. بۇ مۇھەببەت مېنىڭ بارلىقىمنى شىنجاڭغا بېغىشلاش ئىستىكىمنىڭ مەنبەسى. شىنجاڭدا بايلىق مول. يەنە نېمىشقا بۇ يەردىن مەھسۇلات چىقماستىن يالغۇز خام ئەشيالا چىقىدۇ. بىزنىڭ خام ئەشيالىرىمىز نېمىشقا ئۆزىمىزنىڭ يېرىدە، ئۆز قولىمىزدا مەھسۇلاتقا ئايلىنالمايدۇ؟ ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ئىشلەپچىقىرىلغان ھەر قانداق مەھسۇلات شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلىشى كېرەك. شىنجاڭنىڭ ئۈزۈم، قوغۇن، ئالما، ئات ۋە نېفىتلىرىلا داڭلىق بولسا بولمايدۇ. پولات، خىمىيە، يېنىك سانائەت، ئېلېكتىر، سۇ مەھسۇلاتلىرىمىز جۇڭگو بازارلىرىدا، ھەتتا دۇنيا بازارلىرىدا ھۆرمەت تېپىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا شىنجاڭ خەلقى كەمبەغەللىكتىن، قالاقلىقتىن ئۈزۈل - كېسىل قۇتۇلالايدۇ!

ئۇنىڭ سۆزلىرى كىشىگە ئىلھام ۋە ئۈمىد بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرىدە قۇرۇق دەبدەبە ۋە رەسمىيەتچىلىك يوق. ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەر بىر شىنجاڭلىقنىڭ يۈرەك سۆزى.

ئۇ مەن تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىنىڭ 3 - قەۋىتىدىكى ياتاقتا ياتىدۇ. مەن ئۇنىڭ ماشىنىسىنى كەمدىن - كەم كۆرىمەن. ئۇ كۆپ ۋاقتىنى ئىشخانىسىدا، ئىش ئورۇنلىرىدا ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇنىڭ كېسىلى بار ئىكەن. لېكىن ئۇ داۋالىنىشقا ۋاقىت چىقىرالمايدىكەن. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋاقتى، زېھنى ۋە كۈچى زاۋۇتنىڭ ئىشلىرىغا بېغىشلانغان. ئۇ تۆھپە يارىتىش توغرىسىدا سۆز بولغاندا:

— تۆھپە دېگەن نېمە ئۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلچىمى بارمۇ؟ ئەمەلدار بولۇش، پۇل تېپىش راھەتلىنىش دېگەنلەر تۆھپىگە بېرىلىدىغان ھەقمۇ؟ ئۇنداق بولسا تۆھپە دېگەن يەرگىنىچلىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالمامدۇ؟ مەن يۆتكىلىپ كەتسەممۇ ياكى پېنسىيىگە چىقىپ كەتسەممۇ زاۋۇت ئوخشاشلا ئىلگىرىلەۋەرسە تۆھپە دېگەن مانا شۇ. ئىشلارنى يۈرۈشتۈرسەم، زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتىنى يىلدىن - يىلغا ئاشۇرالىسام، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى يىلدىن يىلغا ياخشىلىيالىسام مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى تۆھپە. ھەممىلا ئادەم ياخشى تۇرمۇش

كەچۈرۈشنى ئويلايدۇ. ھەممىلا ئادەم مەندىن ياخشىلىق تىلەيدۇ. مەن مۇتلەق كۆپچىلىك ئادەملەرنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولالىسامىلا ياخشى ئىشلىگەن ھېسابلىنىمەن. لەنجۇدىكى ۋاقتىمدا، مەن پارتكوم شۇجىسى ئىدىم، مېنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياخشى دەيتتى. كادىرلار ئانچە قوللىمايتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، مەن كادىرلارنىڭ چىرىش، چۈشكۈنلىشىش ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق قارشى تۇراتتىم. كادىرلار دېگىنىمىزغا چۈشۈش كېرەك دېگەن گەپكە قارشى تۇرىمەن. ئاكسىيە بازىرى دېگەن نېمە چىرىشنى پەيدا قىلىدۇ. ھەممىلا ئادەم پۇل تېپىشقا بېرىلىپ كەتسە، ئۆز يانچۇقىنى تومپايتىشنىلا ئويلىسا، دۆلەت تۈگىشىدۇ. كادىرلارنىڭ ۋەزىپىسى ئومۇمىي خەلقنى بېيىتىش. خەلق ئارىسىدا تۇرۇپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش. بىز مېڭىمىزنى شەخسىي پۇل تېپىشقا ئەمەس، مانا مۇشۇ ئىشلارغا ئىشلىتىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ يىللىق سېتىش كىرىمىمىز ھازىر ئىككى مىليارد يۈەن، 13 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ زاۋۇت ھېسابلانغان بۇ نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتىدا مۇشۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قېلىشقا زادىلا بولمايدۇ. ھازىرقى تۆت چوڭ زاۋۇت ۋە باشقا ساھەلەر ھەممىسىلا تەرەققىياتقا موھتاج. ئۈچ - تۆت يىلدىن كېيىن ھەممە ساھەدە ئىككى قاتلىنىش بولىدۇ. كىرىم بىر ھەسسە ئاشىدۇ. 16 كۋادرات كىلومېتىرلىق بۇ زېمىندا تېخى ئاجايىپ مۆجىزىلەر يارىتىلىدۇ!

ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قويدى، بوككىدە مېۋىلىك دەرەخ، گۈللەر بىلەن تولغان مېھمانخانا ھويلىسىدىن كىرگەن سالقىن شامال دېرىزە پەردىلىرىنى ئويناتاتتى.

— بىزنىڭ يېرىمىز گۈزەل، خەلقىمىز ئىشچان، لېكىن چەت ئەلگە چىققانىدا ئادەمنىڭ يۈزى قىزىرىدۇ. بىزنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرىمىز چەت ئەلگە چىقسا، ماگىزىنلاردىكى نەرسىلەرنى كۆرىدۇ - يۇ، ئالالمايدۇ. چۈنكى يانچۇقىدا ئاران 30 دوللىرى بار. چەت ئەللىك ئادەتتىكى ئالاقىچىلارمۇ بىزگە كەلسە خالىغان نەرسىسىنى سېتىپ ئالالايدۇ. بۇنى كۆرۈپ مەن چىدىماي قالىمەن. چەت ئەللىكلەر قىلالىغاننى بىزمۇ قىلالىشىمىز كېرەك. چەت ئەللىكلەر سېتىپ ئالالىغاننى بىزمۇ سېتىپ ئالالايدىغان بولۇشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن پىداكارلىق روھى بولمىسا قانداق بولىدۇ؟

باغ، كۇلۇب، تەنتەربىيە مەيدانى بوغدا ئېتىكىدىكى ھاۋالىق تۈزلەڭگە جايلاشقان. ئۇلار بوك ئورمان ۋە ئەتىرگۈللەر بىلەن چۆمگەن. ئوتتۇرىدىكى ئاچقۇچىلار مۇنارىسى يېنىدا تۇرۇپ قارىسىڭىز شەرقىي شىمالدا كېچە - يۇ - كۈندۈز لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئېگىز مايانكنى كۆرىسىز. بوغدا ئېتىكىدىكى بۇ ئۆچمەس مايان زېمىننىڭ يۈرىكى، بۇ يۈرەك كىشىلەرگە يەرنىڭ ساداسىنى، زېمىن سۆيگۈسىنى كېچە - يۇ - كۈندۈز يەتكۈزۈپ تۇرۇپتۇ؛ زېمىن شەربەت سۇنماقتا، بىز ئۇنى ئەپلەشتۈرۈپ ئىچەلەيمىزمۇ - يوق؟

نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ قۇرغۇچىلىرى بۇ زاۋۇتنى 1989 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - دەرىجىلىك كارخانىغا، 1991 - يىلى مەملىكەت بويىچە 2 - دەرىجىلىك كارخانىغا ئايلاندۇرۇپ، 1992 - يىلدىن ھازىرغىچە نېفىت، تەبىئىي گاز باش شىركىتىنىڭ 18 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا مۇكاپاتىغا، ئاپتونوم رايون بويىچە 19 پەن -

تېخنىكا مۇكاپاتىغا، 9 خىل پەن - تېخنىكا تەتقىقاتى دۆلەت تەرىپىدىن رەسمىي كەشپىيات گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشتى ۋە 1992 - يىللىق مەملىكەتلىك ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەپ مائارىپقا ئېتىبار بەرگۈچى ئىلغار كوللېكتىپ دېگەن نامغا ئىگە قىلدى.

لېكىن مەن زاۋۇت باشلىقىنىڭ سۆزلىرىدىن نە پەخىرلىنىپ كۆرەڭلەش بەلگىسىنى، نە مەن قىلدىم دېگەن ئىپادىنى سېزەلمىدىم. بىزنىڭ خەلقىمىز، بىزنىڭ دەۋرىمىز نەق مانا مۇشۇنداق پەزىلەتكە موھتاج.

1961 - يىلى شەندۇڭ داشۆسىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن بېرىلا نېفىت - خىمىيە ساھەسىدە ئىشلەپ كېلىۋاتقان بۇ تەلەپچان زاۋۇت باشلىقى مېنىڭ پىداكارلار توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىمنى بېيىتتى. مەن بۇ ئادەم بىلەن يەنە بىر ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلدىم. لېكىن ئارزۇ ھازىرغىچە ئەمەلىيەتكە ئايلىنالمىدى.

خاتىرىلەر سۆزلىمەكتە. مېنىڭ ئالدىمدىن ئىللىق، جىددىي، ئەستايىدىل چىرايلار ئۆتمەكتە. ئۇلارنىڭ جانپىدالىقى بولمىسا، ئايروپىلانلار، ماشىنىلار، زىرائەتلەر ۋە كۆڭۈللۈك ئاشخانىلار ھەرىكەتتىن توختاپ قالغان، بىزنىڭ ھاياتىمىزدا تەسۋىرلىگۈسىز كۆڭۈلسىزلىكلەر پەيدا بولغان بولماسمىدى؟

نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ باشلىقى لاۋلىيۇ ئۆز قول ئاستىدىكى 1650 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىگە ۋەكالىتەن مېنى قارشى ئېلىپ سۆزلەپ، مۇنداق بىر ھەققانىي گەپنى قىلدى:

— بىزنىڭ تۆھپىمىز چوڭ. ھېچقانداق ئىش بىزسىز بولمايدۇ. لېكىن بىزنى كىشىلەر ئۇنچىلىك بىلمەيدۇ!

دۇرۇس، بىز بىلمەيمىز. بۇ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ بۇنچە جىق، گويا ئادەم بەدىنىدىكى تومۇرلاردەك چىرمىشىپ كەتكەن چوڭ - كىچىك تۇرۇبىلىرىنى، ھور چىقىپ تۇرغان سۈرلۈك ماشىنىلىرىنى بىز كۆرمىگەن. قارامايى، شەرقىي جۇڭغار، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىكلىرىدىن ھەر كۈنى تۈمەنلەپ توننا قويۇق قارا قوڭۇر رەڭلىك سۇيۇقلۇق ئېقىپ كېلىپ، ئاشۇ چوڭ - كىچىك تۇرۇبىلار، يۇقىرى ھارارەتلىك قىزىتىش، مۇزلىتىش ماشىنىلىرىدىن ئۆتۈپ پارچىلىنىپ، 27 خىل مەھسۇلاتقا ئايلىنىدىغانلىقىنى بىز بىلمەيمىز. بۇ زاۋۇتنىڭ *1 - نومۇرلۇق پۈركىمە يېقىلغۇ مېيى كۈمۈش مېدالىغا ئېرىشكەنلىكىنى، °0 -، °10 -، °20 -، °35 - نومۇرلۇق ئاپتول مايلىرى، *70، *90 نومۇرلۇق بېنزىنلىرى مىنىستىرلىك، ئاپتونوم رايون بويىچە ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات بولۇپ باھالانغىنىنى بىز تېخىمۇ بىلمەيمىز. ھەتتا بۇ زاۋۇت 1992 - يىلى نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئىككى مىليون توننىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاسمان پەلەك تۇرۇبا مۇنارىلىرى، ئاجايىپ ماشىنىلار بىزگە چۈشىنىكسىز ۋە سۈرلۈك كۆرۈنىدۇ.

ئانا يەر ئۆز نېمىتىنى مۇشۇ زاۋۇت ئارقىلىق بىزنىڭ قولىمىزغا يەتكۈزىدىكەن. بىز بۇنىمۇ يېتەرلىك بىلمەيمىز. يەرنىڭ ئۈستى بىلەنلا ھەپىلىشىپ كەلگەن شىنجاڭلىقلار يەرنىڭ ئاستىغا نېمىلەر يوشۇرۇنغانلىقىنى تېخى ئەمدىلا بىلمەكتە. نېفىت قاچان تېپىلغان، بىرىنچى قېتىم ئۇنى كىملەر، قانداق بايقاپ، قانداق ئىشلەتكەن، دېگەندەك

سوئاللارغا بىزنىڭ يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئىگە خېلى نۇرغۇن ئادەملىرىمىزمۇ جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئوتتۇرا شەرق ئەرەب دۆلەتلىرى نېفىت بىلەن دۇنياغا تونۇلدى. نېفىت بىلەن ئۆز ھاياتىنى ئۆزگەرتتى. لېكىن بىز نېفىتنىڭ ھاياتىمىزدىكى قۇتقۇزغۇچىلىق رولىنى ئۇنچىلىك تونۇپ يەتمىدۇق.

— ليۇجىن چاڭجاڭ توغرا ئېيتتىڭىز، كىشىلەر سىلەرنى تازا ياخشى بىلمەيدۇ، — دېدىم مەن ئورۇق، جىددىي چاڭجاڭنىڭ كۆزىگە قاراپ قويۇپ، — ھەتتا مەنمۇ بۇ جەھەتتە ساۋاتسىز.

ليۇ چاڭجاڭ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى تونۇشتۇرۇپ قىزغىن، ئىخچام ۋە قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلىدى:

— بىرىنچىدىن، ھازىرقى ئىككى مىليون 300 مىڭ توننىلىق سەۋىيىنى ساقلاش؛ ئىككىنچىدىن، يېقىندىن قۇرۇلۇۋاتقان كېڭەيتىش ئىشىنى چىڭ تۇتۇش؛ ئۈچىنچىدىن، 3 - كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش بىزنىڭ بۇ يىللىق ۋەزىپىمىز. بۇ ئېيتماققا ئاسان، لېكىن ئىشلىمەك تەس، ئىلگىرىلىمەك تېخىمۇ تەس. ئىشنى ئادەم قىلىدۇ، روھنىڭ ئۇرغۇشى ئەڭ چوڭ بايلىق. بولۇپمۇ بىز ئۈچۈن زۆرۈرى زاۋۇتنى سۆيۈش، ئۆز ئىشىنى سۆيۈش روھى. گەپنى چوڭ قىلىپ ئۆز ئىشىنى سۆيمەيدىغان «ئىنقىلابچى» لار بىزگە كېرەك ئەمەس. بىز ئىشچىلارغا ئايلىق بەرسەكلا بولدى، پۇل بەرسە كىم ئىشلىمەيدۇ، دەپ قارىساق بولمايدۇ... «دېڭىزغا چۈشۈش» قىزغىنلىقى بىزدىمۇ تەسىر پەيدا قىلدى. بازار كۆز قارىشى بولۇش دەۋرنىڭ تەلىپى، لېكىن بايلىق يارىتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بايلىق يارىتماستىن بىر - بىرىنىڭ يانچۇقىدىكىنى كولايدىغان سودىنى مەن يامان كۆرىمەن. بۇنداق شىركەتلەرنىڭمۇ جەمئىيەتكە ئۇنچە پايدىسى يوق. ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتى بولمىغان شىركەتلەر بەزىدە ھەتتا خەلققە زىيانمۇ كەلتۈرىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ شوئارىمىز مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ماددىي بايلىق يارىتىش! ماددىي بايلىققا ماسلاشقان مەنىۋى بايلىقمۇ كەم بولسا بولمايدۇ. ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكى ھېسابىغا مىگىلىغان ئادەملەرنىڭ بەختى ياشنايدىغانلىقىنى بىلىشى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز ئەمگىكىنىڭ قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى كېرەك.

بۇ ئاڭلىق بايلىق ياراتقۇچىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشى يۇقىرىقى دېگەنلىرىنىڭ مۇنازىرىسىز ئىسپاتى ئىكەن.

ليۇ چاڭجاڭ ھەر كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى توققۇزدا ئىشقا چىقىدىكەن، باشقىلاردىن كېيىن ئىشتىن چۈشىدىكەن. ئۇ ئىشچىلارنى قىزغىن سۆيىدىكەن. نەدە قىيىن ئىش بولسا ئۇ شۇ يەردە پەيدا بولىدىكەن. مەن ئۇنىڭ ئۇپراپ كىچىكلەپ كەتكەن تۆمۈر گۈرجىكىنى كۆرۈپ باقتىم.

— مەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ھۇزۇرلىنىش مۇشۇ گۈرجەكنى قولغا ئېلىپ يەرنى كۆكەرتىش ئۈچۈن ئەمگەك قىلىش، — دېدى ئۇ يالتىراق گۈرجىكىنى كۆرسىتىپ، — ھەر يىلى 10 مىڭ كۋادرات مېتىر يەرنى چىملىق قىلىپ كۆكەرتىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز. كادىرلار ھەر شەنبە كۈنى يېرىم كۈن ئەمگەك قىلىش بىزنىڭ تۈزۈمىمىز. بۇ يەر

بۇرۇن تاشلىق ئىدى. قاراڭ، ھازىر تۇخۇمدەكمۇ تاش تاپالمايسىز. ھەممىنى قىلغان مۇشۇ گۈرجەكلىرىمىز!

ئېگىز زاۋۇت گەۋدىلىرى ئاستىدىكى ياپيېشىل ئورمانلىق، يۇمشاق چىمەنلىك، خۇش بۇي گۈللۈكلەر كىشىنى شادلاندۇرىدۇ، زوقلاندۇرىدۇ...

— بۇ كىشىنىڭ مىجەزى ئاجايىپ، — دېدى مېنىڭ ھەمراھىم لىيۇ چاڭجاڭنى كۆرسىتىپ، — گېپى ئوچۇق، كۆڭلى تۈز، زاۋۇتقا ئاشىق. كاماندىروپكىغا بارماقچى بولسا باشقىلاردەك يېرىم كۈن تەييارلىق قىلمايدۇ. ئىشلەۋاتقان يېرىدىنلا ماشىنىغا چىقىدۇ. قايتىپ كەلسىمۇ ئۆيىگە كىرمەي تۇرۇپ زاۋۇتنى ئايلىنىدۇ، شۇڭا كۆپچىلىك ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ قايتىپ كەلگىنىنى تۇيمايلا قالىدۇ.

ئۇ كادىرلار قوشۇنى ئىچىدە يېشى چوڭلارغا كىرىدىكەن. پېنسىيىگە چىقىدىغان ۋاقتىمۇ يېقىنلاپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئىش ئۇسۇلى 60 - يىللارنىڭ تۆھپىكارلىرىغا ئوخشىمايدىكەن. ئۇنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمۇ 90 - يىللارنىڭ «دەۋر قەھرىمانلىرى» غا ئوخشىمايدىكەن. ئۇنىڭدا ھەممىلا ئىشتا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكرى ۋە ئۆزىگە خاس كۆز قارىشى بار ئىكەن. خۇ چاڭجاڭنىڭ: «شامالغا قاراپ ئىش قىلىدىغان ئادەم ياخشى كارخانىچى بولالمايدۇ. كارخانىچى ئۆز ئىشىنى ئەمەس، زاۋۇتنى ئويلىشى، ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرمەي زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتىنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك» دېگەن تەسىرلىك سۆزلىرى كىشىگە گويا لىيۇ چاڭجاڭنىڭ ھاياتىدىن ئېلىنغاندەك بىلىنىدۇ.

ئۇ، ئىشىنىلا سۆيۈپ، گۈزەللىككە سەل قارايدىغان «ھېسسىياتسىز» ئىشبازلارغىمۇ ئوخشىمايدىكەن. ئۇ گۈل - چىمەنگە، تەبىئەتكە ئامراق، نەتىجىلەرنى ناخشا قىلىپ ئېيتىشقا ئامراق ھېسسىياتچان ئادەم ئىكەن. ئۇ ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىلىرىگە(كوللېكتىپ) قاتنىشىدىكەن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بىلەن ھەر خىل پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا دائىم مەسلىھەتلىشىپ، پۇل ئاجرىتىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا ئۇ مۇھىم ئىشلىرىنى قايرىپ قويۇپ مەن بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشتى. ئۇ سۆزلىرىدە ئۆزىنىڭ دۆلەت، جەمئىيەت ئىشلىرىغا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى يوشۇرالمىدى:

— ئىشلەپچىقىرىش مۇقىم راۋاجلىنىشى كېرەك. شۇنداق بولمىسا بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە باشقا ئىشلاردىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. بىز ھازىر 3 - كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇۋاتىمىز. 1992 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان پۇلىمىز يەتتە مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ئىشىمىز. مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم مانا مۇشۇ ئىش.

مەن لىيۇ چاڭجاڭ بىلەن كۆپرەك سۆزلىشىشنى خالايتتىم. لېكىن ئۇنىڭ ۋاقتى بەك قىس، ئۇنىڭ ئۆزى بىر تىپ ئىكەن، ئۇ خاراكتېرى، پىسخىك ئادىتى تەبىئىي يارىتىلغان بىر ئەسەر قەھرىمانى ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش مەن ئۈچۈن بىر ياخشى ئەدەبىي ئەسەر ئوقۇغاندەك قىزىقارلىق تۇيۇلدى.

نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ يېنىدىلا خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى بار. ئىيۇن ئېيىنىڭ باشلىرىدا بۇ بۈك - باراقسان ئورمانلار ئىچىگە جايلاشقان زاۋۇتنىڭ ياش باشلىقى تىيەن يىبىڭ بىلەن مۇئاۋىن شۇجىسى لى شىسۇگېنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ، زاۋۇتنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم.

مەن مەملىكەت بويىچە مەھسۇلاتتا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بۇ زاۋۇتنىڭ سېخلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپ، شۇ چوڭ شان-شەرەپنىڭ ياراتقۇچىلىرى بىلەن دوستلىشىپ، قىزىقىش بىلەن يېڭىلىقلارنى خاتىرەمگە يازماقتىمەن.

ياپونىيىنىڭ yubu شىركىتى قۇراشتۇرغان، ئۈسكۈنىلىرى ياپونىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا، دانىيىلەردىن كىرگۈزۈلگەن بۇ زاۋۇت 1982-يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان، 1985-يىلى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن. 1986-يىلدىن كېيىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان. ئۇ 1992-يىلدا بىرىكمە ئاممىياكتىن 330 مىڭ توننا، ئۇرىيادىن 570 مىڭ توننا ئىشلەپچىقىرىپ، ئۆزىگە ئوخشاش 18 زاۋۇت بىلەن بولغان سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا بىرىنچى بولۇپ، شىنجاڭغا شان-شەرەپ كەلتۈرگەن.

مەن ئېگىز زاۋۇت كەۋدىسىگە قارىدىم. ئېنېرگىيە سېخى كېچە-كۈندۈز ئىشلەپ تۇرىدۇ. ناسوس ھاۋا بوشلۇقىدىن ھاۋانى سۈمۈرۈپ، ئۇنى يۇقىرى بېسىملىق سوۋۇتقۇچ بىلەن سۇيۇقلۇققا ئايلاندۇرىدۇ. ھاۋا تەركىبىدىكى ئازوت ئاممىياك گاز ھالىتىگە كېلىدۇ. ئىككىنچى ئېگىز كەۋدىلىك سېخ — نېفىت ئايرىشتىن ئېقىپ تۇرۇبا ئارقىلىق ئېقىپ كەلگەن دۇغنى يۇقىرى بېسىملىق ھارارەت بىلەن سۇيۇقلۇققا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ سۇيۇقلۇقتىن كاربون ئوكسىدىنى ئاجرىتىۋېلىپ، ئۇنى ھېلىقى ھاۋادىن ئېلىنغان ئاممىياك بىلەن قوشىدۇ. چوڭ مۇناردا قوشۇلغان بۇ ئىككى خىل سۇيۇقلۇقتىن ئۈندەك ئاپئاق پاراشوك ھاسىل بولىدۇ. مانا بۇ ئۇرىيا. بۇ مەھسۇلاتنىڭ دۇغ بىلەن ھاۋادىن چىقىپ يەنە سۇ ئارقىلىق يەرگە سىڭىپ، زىرائەتلەرنىڭ قېنىغا ئايلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ بەدىنى ئارقىلىق يەنە يەر ۋە ھاۋاغا قايتىشى ئاجايىپ قىزىقارلىق ۋە سىرلىق. بۇ يەردىكى سىر-ھېكمەت بىزگە قىزىقارلىق ئەمەك بولغىنى بىلەن بۇ زاۋۇتتىكى 1256 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى ئۈچۈن بۇرچ ۋە قەسەم. 1991-يىلى 23-دېكابىردا يۈز بەرگەن ھادىسە توغرىسىدا زاۋۇت باشلىقى تيەن يىبىڭ ماڭا ھېكايە قىلىپ بەردى:

— بۇ يەردە بىر سائەت توك توختىسا بىر ناھىيىنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇتى كېمەيگەن بولىدۇ. چۈنكى بىز بىر مىنۇتتا بىر توننا ئوغۇت ئىشلەپچىقىرىمىز ئەمەسمۇ؟ شۇ كۈنى تۇيۇقسىزلا توك توختاپ قالدى. زاۋۇتتا پارتلاش ھادىسىسى يۈز بېرىش ئېھتىمالى پەيدا بولدى. تېلېۋىزوردا بۇ خەۋەر ئاڭلىتىلىشى بىلەن پۈتۈن ئىشچى-خىزمەتچىلەر زاۋۇتقا قاراپ يۈگۈرۈشتى. ھەتتا بىر موماي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ شۇ كۈنىلا تويى بولغان 13-رايوندىكى قىزىنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ، كۈيئوغلىنى زاۋۇتقا ھەيدىگەن. كۆپچىلىك ئاشۇنداق زاۋۇتنى ئويلاپ، خەۋپكە پىسەنت قىلماي زاۋۇتنى قۇتقۇزۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى ھېسابلىغان. ئەڭ ئاز دېگەندە 20—30 كۈن رېمونت قىلغاندىلا ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلغىلى بولىدىغان قىيىن ئەھۋال ئاستىدا، بىزنىڭ ئىشچىلىرىمىز 16 كۈندە رېمونتنى تۈگىتىپ، 187 كۈن ئىشلەپ ۋەزىپىنى ئورۇندىغان. ھەممىلا ئادەمنىڭ مېڭىسىدە: 520 مىڭ توننا ئوغۇتنى چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش دېگەن بىرلا شوئار بولغاچقا، پۈتۈن زاۋۇتتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا يىل ئاخىرىدا لايىھىدىكى پىلان ئورۇندالغان. مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇنغا ئۆتتۇق.

92 - يىلى 9 - دېكابىردا تۇيۇقسىز پار تۇرۇبىسى پارتلاش ھادىسىسى يۈز بەردى، لېكىن بىز تېزلا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، 570 مىڭ تونىنا ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئاساس يارىتتۇق. بۇنداق ئىشلار نۇرغۇن، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن دەيمەن: زاۋۇتنى ئۆز ئۆيىمدەك سۆيىدىغان كەسىپنى سۆيۈش قىزغىنلىقى پەيدا قىلمىغان بولساق، بىزنىڭ مەملىكەت بويىچە بىرىنچى بولۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

— تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپمۇ كۆرگەنسىلەر - ھە؟

مېنىڭ سوئالىمغا زاۋۇت باشلىقى تيەن ئاددىيلا جاۋاب بەردى:

— ئۈچ ماددىلىق تەجرىبىمىزگە ئىگە بولۇپ قالدۇق. بۇلار: ياخشى باشقۇرۇش، ياخشى قوشۇن، ياخشى ئىشلەپچىقىرىش. بۇ ئۈچ تەجرىبە بىزنىڭ نۇرغۇن ئەمگەكلىرىمىز، ئەگرى - توقاي يوللىرىمىز ۋە ئوڭۇشسىزلىقلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى.

1971 - يىلى ئىلى سىفەن شۆيۈەننى تۈگىتىپ تېكەس ناھىيىسىدە قايتا تەربىيە ئالغان بۇ زاۋۇت باشلىقى باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، باشقۇرۇش ماھارىتىگە ئىگە ئىسلاھاتچى ئىكەن. ئۇ 90 - يىللاردىكى كارخانىچىلارنىڭ ئەڭ ياخشى باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ قايتا - قايتا سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆز زاۋۇتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس، ئىشچى - خىزمەتچىلىرى قوبۇل قىلىپ ئادەتلىنەلەيدىغان «يەرلىك تەجرىبە» لەرگە ئىگە بولۇۋاپتۇ. ئۇ مېنى مەكتەپدىشىم دەپ قىزغىن مۇئامىلە بىلەن ھۆرمەتلەپ، ئەھۋاللارنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. سېخلارنى كۆرسەتتى، ئۇ مەندە 90 - يىللارغا خاس ئاڭ - سەۋىيە، ئالاقە ئىلمى ۋە مىللىي غۇرۇرغا ئىگە يىگىت ئىكەن، دېگەن تەسىراتنى قالدۇردى. مەنمۇ 50 - يىللاردا ئىلى دارىلمۇئەللىمىننى تۈگەتكەن بولغاچقا، مەكتەپدىشىم بىلەن چىن قەلبىمدىن پەخىرلەندىم.

ئۆز ئىشىنى چىن قەلبىدىن سۆيۈش بىر خىل گۈزەل پەزىلەت. بولۇپمۇ باشقىلار سۆيمەيدىغان ياكى ئانچە ھۆرمەت قىلمايدىغان كەسىپنى ئۆزىگە بىر ئۆمۈرلۈك كۆڭۈللۈك ئەرمەك قىلىپ تاللىۋالغۇچىلار پەزىلەت مەدھىيىسىدىن بەھرىمەن بولۇشقا ھەقلىق ئادەملەر.

مەن بۇ خىل ئادەملەرنى نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ ھەر بىر زاۋۇتلىرىدا، سېخلىرىدا كۆپ كۆردۈم. ئۇلار ئېلېكترونلۇق باشقۇرۇش ئاپپاراتىنىڭ پىلدىرلاپ تۇرىدىغان كۆرسەتكۈچ رەقەملىرىگە كۆز ئۈزمەستىن نەچچە سائەتلەپ قاراپ ئولتۇرغۇچىلار، سۇلياۋ خالتىلىرىنى ئاپتوماتىك قاچىلىغۇچقا ئەپچىل ئېلىپ، سېكۇنتتا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بىر خىل ھەرىكەتنى نەچچە سائەتلەپ تەكرارلىغۇچىلار قاتارىدا، بولتا چىڭدىتقۇچىلار، توك بىلەن ھەپىلەشكۈچىلەر، ستانوك، دەستىگاھ، پار قازنى، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى باشقۇرغۇچىلار قاتارىدا سانسىزلاپ ئۇچرايدۇ...

تېرمو - ئېلېكتر ئىستانسىسى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى موللا ئىمىن، پولى ئېستىر خىمىيەۋى تالا زاۋۇتى ئۇزۇن تالا سېخى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئەللەر ئۆز ئىشىنى چىن دىلىدىن سۆيىدىغان، مەندە يېڭى پىكىر، ھېسسىيات ۋە ئىلھام پەيدا قىلغان پىداكارلار.

1000 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ رەھبىرى بولغان موللا ئىمىن ئۆزىنى پۈتۈن زاۋۇتنى قان بىلەن تەمىنلىگۈچى ئورگاننىڭ خوجىسى ھېسابلايدىكەن. بۇ ئىستانسا قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن باش زاۋۇت سىرتتىن توك سېتىۋالاتتىكەن. بۇ ئىستانسا قۇرۇلغاندىن كېيىن باش زاۋۇتقا ھەر يىلى نۇرغۇن پۇل تېجەپ بېرىدىكەن. لېكىن ئۇلار 2-دەرىجىلىك مۇكاپات ئالىدىكەن. مەن ئۇ كىشىدىن سەرپىيات توغرىسىدا سورىۋىدىم، ئۇ:

— كۆمۈرنى خاڭلاردىن سېتىۋالىمىز، بىر توننا 200 كىلوگرام سۇدىن بىر توننا پار چىقىدۇ. 30 مىڭ كىلوۋات سائەت توك ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن سائىتىگە 22 توننا كۆمۈر كېتىشى كېرەك. لېكىن بىز 18 — 20 توننا كۆمۈر ئىشلىتىپ،ھەر سائەتتە ئىككى-تۆت توننا كۆمۈر تېجەيمىز.

— كۆمۈر سەرپىياتى يەنىلا يۇقىرىكەن.

— راست شۇنداق. لېكىن بىز كېيىسەك زاۋۇتى قۇرۇپ، كۆلنى پۇلغا ئايلاندۇرۇۋا-تىمىز. داشقالنى سېمونت زاۋۇتىغا ساتىمىز...

30 نەچچە يىلدىن بېرى سىمېنىدا ئىشلىگەن بۇ قىزغىن ئادەم ھەر يىلى مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالىنىدىكەن. ئۇنىڭ بۇ نەتىجىلىرىنى باشقىلارمۇ داپ بەردى.

پارتىيە خىزمىتى ئەستايىدىللىق ۋە سەۋرچانلىقتا تولىمۇ موھتاج ئىكەن. پولى ئىستىر خىمىيىۋى تالا زاۋۇتى ئۇزۇن تالا سېخى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئەلى ئۆز سۆھبىتىدە بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئالاھىدە توختالدى. مەھسۇلاتى سۇنئىي يىپ (دىلۇن يىپ) بولغان بۇ زاۋۇتنىڭ بىر يىللىق مەھسۇلاتى 5 مىڭ توننا ئىكەن. لېكىن ئۇقىشمىزچە شىنجاڭدا بىر يىلدا ئارانلا 600 توننا يىپ ئىستېمال قىلىنىدىكەن. بىر تونىسى 16 مىڭ يۈەندىن 22 مىڭ يۈەنگىچە سېتىلىدىغان بۇ دىلۇن يىپ ئاشۇ زاۋۇتتا سەۋرچان، ئەستايىدىل، ئىشچان ياشلارنىڭ قوللىرىدا تەييارلىنىدىكەن؛ ھېلىقى قارا-ۋۇگۇر يەر شەربىتى — نېفىت مەھسۇلاتى بولغان گۆرۈچتەك يالتىراق دانىلار ئاشۇ ئىنچىكە نەيلەردىن ئۆتۈپ سۇيۇقلۇققا ئايلىنىپ، 150 كىلوگرام بېسىم بىلەن پۈركۈپ چىقىرىلىپ تالا - تالا يىپلارغا ئايلىنىدىكەن. بىز بۇ يىپلاردىن توقۇلغان كىيىملەرنى كىيىپ مېھمانغا ماڭغىنىمىزدا، بۇ بىزنى خۇش قىلغان ئېسىل كىيىملەرنىڭ بىز دەس-سەپ- تۇرۇۋاتقان يەرنىڭ كۆرۈمسىز شەربىتىدىن پەيدا بولغىنىنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمەيمىز.

مەن تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان بۇ مۆجىزىلەرگە تولىمۇ قىزىقتىم. خۇش خۇي، قىزغىن، بىلىملىك يىگىت ئەلى ماڭا ھەر بىر سېخ، ھەر بىر ماشىنىنى خۇددى شاگىر-تىغا دەرس ئۆتۈۋاتقاندەك ئەستايىدىل چۈشەندۈردى. مەن چالا - بۇلا چۈشەنگەن بول-ساممۇ بۇ سەنئەت بويۇمىدەك گۈزەل بىنالىنىدىغان مەشغۇلاتقا پۈتۈن دىققىتىم بىلەن بېرىلىپ كەتتىم.

— پارتىيە خىزمىتىمۇ مۇشۇ يىپ چىقىرىشتەك ئەستايىدىللىق، مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن ھەر كۈنى سېخلارنى ئارىلايمەن، ياشلارنىڭ ياتاقلىرىغا ھەپتىدە ئىككى قېتىم بارىمەن. ياشلار ھاراق ئىچىدۇ، قارت ئوينايدۇ، ناخشا - ساز بىلەن كۆڭۈل

ئاچىدۇ. ئۇلار كۈندىلىك ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتمىگەندەك، ئۆزگەرتىشنى خالىمايۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. لېكىن ئۇلار ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. بۇ ئىلگىرىلەش ئاشۇ يىپلاردەك نازۇك، تاقەتلىك ئادەملەرگىلا كۆرۈنىدۇ...

ئەلى بۇ يىل 33 ياشتا، ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ 1976 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان بولسىمۇ، ئىشتىن سىرت ئۆگىنىپ، ھازىر ئالىي مەلۇماتلىق بولالىغان، بۇ نەتىجىگىمۇ ئۇ سەۋر - تاقەت، چىدام - غەيرەت ئارقىلىق ئېرىشكەن. —

— بەزى مىللىي يولداشلار ئۆزلىرىنى مۇھىم ئورۇنلارغا قويمىدى دەپ تەشكىلدىن ئاغرىنىدۇ. مەن ئۇلارغا سىزنى باشقۇرالامسىزەن؟ دەيمەن. ئۇلار ياق، دەيدۇ. باشقۇرالمىساڭ نېمىگە ئاغرىنىسەن؟ دەيمەن. يېتەكچى بولۇش ئۈچۈن ئەتراپىڭدىكىلەر بىلەن تەڭ بولۇش كۇپايە قىلمايدۇ. چوقۇم ئۇلاردىن ئۈستۈن بولۇشۇڭ كېرەك. —

— ئۈستۈنلۈك ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولمايدۇ. بۇ ئۈستۈنلۈك خۇددى پولى ئىسستىر خىمىيۋى تالانىڭ پەيدا بولغىنىدەك كۆرۈمسىز، دەسسىلىپ يۈرگەن نەرسىنىڭ كىشىلەرگە زوق بېغىشلايدىغان ئېسىل كىيىمگە ئايلانغىنىغا ئوخشايدۇ. كىشىلەرنىڭ تاپىنى ئاستىدىن ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئۇنىڭ روھىغا تەسىر قىلالايدىغان نەرسىگە ئايلىنىشى ئۈچۈن سەۋر - تاقەت، غەيرەت - شىجائەتنىڭ قوشۇلمىسىدىن پەيدا بولىدىغان ئىلگىرىلەش روھى ۋە ھەرىكىتى بولۇشى كېرەك.

ئەلىنىڭ يول باشلىشى بىلەن كۆرگەنلىرىم، ئۇنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرى بىلەن ئويلىغانلىرىم ماڭا يۇقىرىقىلارنى دېگۈزدى. قەلىمىمگە ئىلھام بەرگەن تەلەپچان يىگىت ئەلىگە رەھمەت ئېيتىمەن.

ئەلى ئەستايىدىل، تىرىشچان بولغاچقا، ئۇ 1800 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، ياپونىيىنىڭ تېخنىكىسى، فرانسىيىنىڭ قەرز پۇلى بىلەن پۈتكەن بۇ زاۋۇتتىكى 17 پارتىيە ياچېيكىسى ئىچىدە مۇنەۋۋەر ياچېيكا دەپ نام ئالغان ياچېيكىنىڭ شۇجىسى ئىكەن. ئەلىنىڭ سېخىدا يەنە بۇندىن ئالتە يىل بۇرۇن گۇاڭجۇ خۇانەن تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلەر داشۆسىدە خىمىيۋى تالا كەسپىنى ئوقۇپ كەلگەن ئىسرائىل ئىسىملىك بىر سىبىج باشلىقىمۇ بار ئىكەن. «ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە گېزىتى»نىڭ 1992 - يىل 29 - ماي سانىغا بېسىلغان ئىسرائىل توغرىسىدىكى «كۈمۈش رەڭ يىپلار بىلەن بېزەلگەن ياشلىق باھار» دېگەن زىيارەت خاتىرىسىدىن تۆۋەندىكى سۆزلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىپ قويغۇم كەلدى. بۇ سۆزلەر تەلەپچان، تىرىشچان بىر يىگىتنىڭ قەلبىنى سۈرەتلەپ بېرەلەيدۇ:

«...1988 - يىلى پولى ئىستىر قۇرۇلۇشى پىلانغا رەسمىي كىرگۈزۈلدى. لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر خىمىيۋى تالانى دېگەندەك بىلمەيتتى. شۇڭا چوقۇم ئەڭ قىسقا ۋاقىت، ئەڭ تېز سۈرئەت، ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە بىلەن ئاساسلىق بىلىملەر ۋە ھۈنەر - تېخنىكىلارنى كۆپچىلىككە ئىگىلىتىش كېرەك ئىدى... ئىسرائىل بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى...

...ئۇ نۇرغۇن كېچىلەرنى كىتاب كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ھەر خىل خىمىيۋى تالا ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ، دەرس ئۆتۈش داۋامىدا ئۆزىنىڭ بىلىم دائىرىسىنىمۇ

كېڭەيتتى... 1991 - يىلى ئۇ شەندۇڭنىڭ گاۋمى، بېيجىڭنىڭ داشىڭ ۋە شاڭخەينىڭ جىنشەن قاتارلىق جايلىرىغا ئۆگىنىشكە باردى... قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە PDY يىپى ۋە DTY يىپلىرىنىڭ ھۈنەر - تېخنىكىلىرىنى ۋە قۇرۇتۇش، ئېگىرىش، يۆگەش، DTY ماشىنىلىرىنى، ئاخىرقى ئوراش قاتارلىق ئون نەچچە ئىش ئورنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئالا- ھىدىلىكى ۋە مۇھىم نۇقتىلىرىنى پىششىق ئىگىلەپ، چەت ئەلگە چىقىپ ئۆگىنىش ئۈچۈن مۇھىم ئاساس سالدى...

ئۇ 1991 - يىلى 5 - ئايدا فرانسىيەگە بارغاندىن كېيىن، جىلۋە بىلەن تولغان رومانتىك دۇنيانىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن زوقلىنىپ ئولتۇرۇشقىمۇ ۋاقتى بولماي، كۈن- دۈزى زاۋۇتتا ئۈسكۈنىلەرنى كۆزىتىپ مەشغۇلات ئېلىپ بارسا، كەچتە مېھمانخانىدا ماتېرىيال كۆرۈش، خاتىرىلەرنى رەتلەش، ئۇلارنىڭ ھۈنەر - تېخنىكا باشقۇرۇش تەجرى- بىلىرىنى ئىگىلەش بىلەن بولدى... ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن ئۇ نەچچە يۈز مىڭ خەت- لىك مەشغۇلات تۈزۈمى، ماشىنا سىناق قىلىش لايىھىسىنى يېزىپ چىقتى، 17 نەپەر مۇنەۋۋەر مەشغۇلاتچى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. DPY يىپىنىڭ 13 تۈرلۈك كۆرسەتكۈچىنىڭ ئىچىدە پەقەت بىر تۈرى نىشانغا يەتمىسە، بۇ يىپنىڭ سۈپىتى تەلەپكە يەتمەي قالاتتى. ئىسرائىل كېچە - كۈندۈز ماشىنا ئالدىدىن كەتمەي سانلىق مەلۇماتلارنى تەكشۈرۈپ، مەشغۇلاتنى ئۆزگەرتتى. ئاخىرقى سىناق باشلاندى. ئىشلەپچىقىرىلغان 23.18 توننا DTY يىپىنىڭ لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 90%، بىرىنچى دەرىجىلىك مەھسۇلات بولۇش نىسبىتى 66% بولغان تەكشۈرۈش دوكلاتى چىققاندا تەڭرىتاغ ئېتىكىدە ئۆسكەن بۇ ئۇيغۇر يىگىتنىڭ چېھرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى...»

ئەلى قول ئاستىدا ئىشلەپ شان - شەرەپكە ئىگە بولغان بۇ يىگىتنى زوق بىلەن ماختايدىكەن. مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ، باشقىلارنىڭ نەتىجىسىنى ئاڭلاپ ئۆگۈپ- تاتىرىپ ئازابلانمىغان ھەسەتخور ئادەملەر (بولۇپمۇ كاتتا ئەزبابلار) ئەلدەك ياش يىگىتلەرنى ئەينەك قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ روھىي بايلىقىغا تازا سىنچىلاپ قاراپ باقسا يامان بولمىغۇدەك دەپ ئويلاپ قالدىم.

قارا - قوڭۇر يەر شەربىتى — نېفىتنىڭ پولى پروپىلىن دەپ ئاتىلىدىغان گۈرۈچ- تەك ياللىراق مەھسۇلاتنى خام ئەشيا قىلىدىغان سۇلياۋ زاۋۇتى گەرچە 3.80 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار كىچىك زاۋۇت بولسىمۇ، بۇ زاۋۇت ئاۋستىرىيىدىن كىرگۈ- زۈلگەن ئىلغار ئۈسكۈنىلىرى بىلەن، جەمئىيەتكە ھەر يىلى 17 مىليون دانە سۇلياۋ خالتا تەقدىم قىلىدىكەن. تەننەرخى 0.60 يۈەنلىك بۇ خالتىلار پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىگە بىر دانىدىن يېتىپ ئاشىدىكەن.

مەن بۇ زاۋۇتنىڭ 7 سېخىنى ئارىلاپ چىقتىم. ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن باش- قۇرۇلىدىغان ئۆيدە ئىشلەۋاتقان خەنزۇ، ئۇيغۇر ياشلارنىڭ ماڭا ھۆرمەت ۋە قىزىقىش بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدىن مەن ئەلى، ئىسرائىللارنىڭ ئىش قىزغىنلىقىنى، كەسىپكە بولغان مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرىنى كۆردۈم. يىپ - تالا سېخىنىڭ ئىشى ھەممىدىن ئېغىر ئىكەن، لېكىن ئۇ يەرنىڭ قىزلىرى ھەممىدىن قىزغىن، گويا ئالدىن تەييارلىق قىلىپ

قويغاندەك ماڭا ئۆز ئىشلىرىنى زوق بىلەن تونۇشتۇردى:

— بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئېيىغا 1 مىليون 300 مىڭ دانە خالتا ئىشلەپچىقىرىش، 1992 - يىلى مۇددەتتىن 33 كۈن بۇرۇن ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولدۇق.

— يىللىق ۋەزىپە بىلەن كۆرەش نىشانىلار ئارىلىقىدا قانچىلىك سان بار؟

بىر قىز زىل ئاۋازدا كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— ۋەزىپە 15 مىليون. نىشان بۇ سانغا بىر مىليون ياكى بىر يېرىم مىليوننى قوشۇش.

— سىلەر قايسىسىنى قوشتۇڭلار؟

— ئەلۋەتتە چوڭىنى.

— دېمەك بىر يېرىم مىليون دانە خالتا ئارتۇق ئىشلەپ چىقىرىپسىلەر. بۇ سانىنى پۇلغا ئۆرىسە قانچە بولىدۇ؟

— يىگىرمە سەككىز مىليون يۈەن!

380 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بىر زاۋۇتنىڭ يىللىق ئىقتىسادىي كىرىمىنى مەن بىلىدىغان يېزىلارنىڭ كىرىمى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. بىر كەنتتە 2000 دىن 2500 گىچە ئادەم بار. ئۇلارنىڭ بىر يىللىق ئومۇمىي كىرىمى تەخمىنەن 2 مىليون يۈەن ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ. يىگىرمە سەككىز مىليون ئاشۇنداق كەنتلەردىن ئون تۆتىگە تەڭ. ۋەھالەنكى ئون تۆت كەنتتە 28 مىڭ ياكى 30 مىڭ ئادەم نان يەيدۇ. بۇ سان سۇلياۋ زاۋۇتىنىڭ ئادەم سانىدىن سەكسەن ھەسسىدىن كۆپرەك ئارتۇق. بىز كۆپىنچە مۇشۇنداق سېلىشتۇرۇش ۋە رەقەملەرگە قىزىقمايمىز، چۈنكى بىز بۇنىڭسىز ئالغا ئىلگىرىلىگەن ياكى چېكىنگەنلىكىمىزنى بىلىۋالالمايمىز. سەكسەن ئادەم بىر ئادەمچىلىك كىرىم قىلالمايدۇ. مانا بۇ سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ سېلىشتۇرمىسى. بۇ سېلىشتۇرما يېزا ئىگىلىك دۆلىتى بىلەن سانائەت دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ناھايىتى روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

بىر يىغىندا بىرىنىڭ خاتىرە دەپتىرىگە قاراپ تۇرۇپ قايناپ سۆزلىگەن مۇنۇ سۆزى يادىمغا كەلدى:

... دۇنيا ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ يىگىرمە پىرسەنتى ئامېرىكىنىڭ، يەنە يىگىرمە پىرسەنتى «ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسى» نىڭ، ئون بەش پىرسەنتى ياپونىيىنىڭ، ئون پىرسەنتى «مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى» نىڭ ... تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر، نامرات دۆلەتلەرگە قالغان سان ئوتتۇز بەش پىرسەنتكە يەتمەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ ئۈلۈشىمىز قانچىلىك؟ مىليونلىغان شىركەتلەر ئۆرۈلۈپ - چۆرۈلۈپ مۇشۇ كىچىك كىننە بايلىقنى تالىشىدۇ. گەپنى ئوچۇقراق ئېيتساق، باشقىلارنىڭ يانچۇقىغا قول سالماستىن تەبىئەتتىن بايلىق يۇلۇۋالىدىغانلارنىڭ سانى زادى قانچىلىك؟ بۇنى ھېسابلىغانلار يوق...

سۇلياۋ زاۋۇتى باشقا زاۋۇتلاردىن كىچىك، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىمۇ باشقىلاردىن خېلىلا ئاددىي. لېكىن ئادەملىرى تولىمۇ قىزغىن، جۇشقۇن ۋە ياش. بۇ

زاۋۇتىنىڭ مەسئۇلى يولداش گۈڭ ۋېنشەيىنىڭ زاۋۇت ۋەكىللىرىگە بەرگەن دوكلاتىنى ئوقۇپ چىقتىم. رەقەملەر، تەدبىرلەر، نىسبەت، سېلىشتۇرمىلاردىن مەن بۇ زاۋۇتنىڭ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى بىلدىم. «1992 - يىلى 7 - ئايدا بىر مىليون بەش يۈز يىگىرمە يەتتە مىڭ دانە خالتا ئىشلەپچىقىرىپ، زاۋۇت تارىخىدا ئايلىق مەھسۇلات بويىچە ئەڭ يۇقىرى رېكورت ياراتتۇق...»

ئەڭ يۇقىرى دېگەن سۆزنى ئېيتماق ئاسان، لېكىن بۇ سۆز ئەمەلىيەتكە كۆچكەندە ئۇنىڭ قانچىلىك قان - تەر بەدىلىگە كېلىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

— بۇ جاسارەتنىڭ مەنبەسى زادى نېمە؟

— ئۆز كەسپىگە، ئىشقا بولغان مۇھەببەت!

مانا بۇ توغرا جاۋاب.

پۇلغا مۇھەببەت باغلاش ئىشقا - كەسىپكە مۇھەببەت باغلاشتىن ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىۋېلىۋاتقان ھازىرقى دەۋردە بۇ خىل ئىشقا مۇھەببەت باغلاش روھىنى مەدھىيىلەش كەم تېپىلىدىغان، شىپالىق دورىغا ئىگە بولغاندەك خۇشاللىنارلىق ئىش دېيىشكە بولىدۇ: «جاڭ جېي، گې يۈيشا، دىڭ يۇلياڭ، فىنشا قاتارلىقلار مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوخشاش كەسىپتىكىلەرنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىلىرىدە تۆت ئالتۇن مېدالغا ئىگە بولۇپ، زاۋۇتىمىزغا شان - شەرەپ كەلتۈردى...» سۇلياۋ زاۋۇتىنىڭ چىۋەر قىزلىرى شۇ تۆتلا قىزىمكىن دەپ قالماڭلار، ئاشۇ بايلىق يارىتىۋاتقان خۇش چىراي قىزلارنىڭ تولىسى ئاشۇنداق چىۋەر.

«سۆيەت مېنىڭ قولۇمدا، ئۇنۇم مېنىڭ قەلبىمدە» دېگەن سۆز بۇ زاۋۇتنىڭ تېخنىكا، ئۇنۇم مۇسابىقىسىگە چۈشكەن بارلىق ياشلىرىنىڭ سۆيۈپ ئېيتىدىغان ناخشىسىغا ئايلانغان.

— جەمئىيەتكە بارغانچە كۆپ، بارغانچە سۈپەتلىك، بارغانچە ئەرزان مەھسۇلات تەقدىم قىلىش نىشانىغا ئىنتىلىش ھەربىر ياشنىڭ ئارزۇسى، ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلىنىۋالغان. مەن بىر كىتابتىن ئوقۇغان «ئۆزىنىڭ ھەربىر كۈنىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەلىگەن ئادەم بەختلىك ئادەم ھېسابلىنىدۇ» دېگەن سۆزنى ياقتۇرىمەن. مۇشۇ نۇقتىدىن مەن ئەمەلىيەتتە كۆرۈپ قالغان بۇ زاۋۇت ياشلىرىنى بەختلىك ياشلار دېگۈم كېلىدۇ. بەختلىكلەر تېخىمۇ بەختلىك بولسۇن!

ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ رەھبەرلىرى تولىمۇ ئالدىراش. ئۇلار زاۋۇتلارنىڭ كېچە - كۈندۈز توختىماي ئىشلەيدىغان ماشىنىلىرىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار تىنمايدۇ، ھارمايدۇ، يەنە شۇنچە خۇش خۇي. زاۋۇتنىڭ باش ئىنژېنېرى، ئالىي دەرىجىلىك ئىنژېنېر لۇ شۇچاڭنىڭ ئىشخانىسى زامانىۋى ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلىرى بىلەن مېنى قىزىقتۇردى، ئۇنىڭ ئۈستەللىرى تېلېفونلار، ھەر خىل نازۇك چىراغلىق ئەسۋابلار ۋە قەغەز دۆۋىلىرى بىلەن تولغان. ئۇ پاكار، سېمىز گەۋدىسىنى يېنىك كۆتۈرۈپ ئايلانما ئورۇندۇقتىن تۇردى - دە، مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى:

— ئەپۇ قىلىڭ يازغۇچىمىز، — دېدى ئۇ خىجىللىق بىلەن كۈلۈپ قولۇمنى چىڭ

ئىسقىلىپ چىققان سىز بىلەن قىيىرىم شائىرلار تىلى شۆزلىشەلەيمەن. ئابۇ يەردە، مۇشۇ تۇرلىرىدا مېنى ئاكونۇپ تۇرۇۋاتقان ئادەملەر، ئىشلار كۆپ. [illegible]
ئۇ 50 نەچچە ياشلىق زىيالىي. 60 - يىللاردا ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن زىيالىيلارغا خاس مەسئۇلىيەتچانلىق، قىزغىنلىق ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ ئۆزىنى گويا ۋەزىيەتنىڭ قىستىشى بىلەن جىددىيلەشكەن قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇناتتى. [illegible]

مەن بۇرۇن تۆۋەندە ئىدىم. 19 - يىلى باش بوغالتىر، باش ئىنژېنېرلىق ئورنىمىغا يولغا قويۇلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ھەممىنى زاۋۇت باشلىقى قىلىدىكەن. بىلمىدىم، زاۋۇت باشلىقى ئۈچ ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنلىيالىدىكىنىنى بىلمەيتتىم. مەن بىرلا ساھەگە، يەنى پۈتۈن زاۋۇتنىڭ تېخنىكا ئىشىغا مەسئۇل. بۇ خىزمەت تۆۋەندىكى تۆت ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچى، ئۇزۇن يىللىق پىلان، ئىككىنچى، تېخنىكىلىق ئېچىش، ئۈچىنچى، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، تۆتىنچى، پەن - تېخنىكا خادىملىرىنى باشقۇرۇش...

ئىشلەپچىقىرىش ئۇزۇن رېتىملىك قىسقىلا مەزمۇنى بولغىنىدەك، قىسقا گەپلەرنىڭ ئۇزۇن مەزمۇنى بولىدۇ. لاۋلوننىڭ قىلىدىغىنى تۆت ئىش بولغىنى بىلەن بۇ ئىشلار نەچچە مىڭ ئادەمگە، مىليون، مىليارد رەقەملىك پۇللارغا چېتىلىدۇ. 1 مىليارد 340 نەچچە مىليون يۈەنلىك مەبلەغ، ئامېرىكا، بېرلىيا تېخنىكىسى، ئىتالىيە تېخنىكىلىق بىر كەنتنىڭ پىلانلىشى بىلەن قۇرۇلۇۋاتقان 300 مىڭ توننا بىرىكمە ئامىياك، 520 مىڭ توننا ئۇرېيا ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئىككىنچى خىمىيەلىك ئوغۇت زاۋۇتى، كېيىنچە قۇرۇلۇۋاتقان خىمىيىۋى تالا زاۋۇتى ۋە باشقا زاۋۇتلارنىڭ پىلان، قۇرۇلما، ئىشلەپچىقىرىش، بازار تېپىش - سېتىلىش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىلا لاۋلوننىڭ ئاشۇ تۆت ماددىسى ئىچىگە كىرىدۇ. يەنە قانچىلىغان پەن - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى، كەشپىياتلىرى لاۋلوننىڭ تەستىقى ۋە باھاسىغا قاراشلىق...

تاللىنىپ ئۆتكەن پەن - تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى دېگەن سۆز تۇنجى قېتىم جۇڭگودا ئوتتۇرىغا قويۇلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ كەشپىياتى بىزنى تېخىمۇ يۈرەكلىك ئىشلەشكە رىغبەتلەندۈردى. بىزنىڭ ھازىرقى رەھبەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسىلا خىمىيە، ئېلېكتر، تېخنىكا قاتارلىق كەسپلەر بويىچە ئالىي مەكتەپلەرنى تۈگەتكەن. مەن شەنشى سانائەت داشۆسىنى تۈگەتكەن. مەن ھەم ئىشچى ھەم زىيالىي. ئۆزۈمنى ئويلاشقا نەدە ۋاقىت. ئىش، زاۋۇت ۋە خەلقنى ئويلايمىز. زىيالىيلار يەنى پەن - تېخنىكا خادىملىرىمىزنىڭ مەسىلىسىنى دېمەمسىز؟ ھەر خىل كەسپلەرنى ئىگىلىگەن 2400 نەپەر كەسپىي خادىمىمىز بار. بۇلار بىر كۈچلۈك قوشۇن. بۇلارنىڭ ئالىي ئۇنۋانلىقلىرى 78 نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئىگىلىرى 489 نەپەر، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانلىقلىرى 1436 نەپەر. مۇشۇلار بولغاچقا يەتتە خىل مەھسۇلات كەشپىياتىمىز مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئەلا مەھسۇلاتلارنىڭ تۈر نىسبىتى 54 پىرسەنت، مەھسۇلات نىسبىتى 88.18 پىرسەنت بولالىدى. تەتقىقات نەتىجىلىرىمىزنىڭ ئەمەلىيەتكە ھەر يىلى

قىلىش بولۇپ: 19 خىل كەشپىيات نەتىجىمىز مەملىكەت، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇكاپاتلاندى، كۆزگە كۆرۈنگەن قويۇلدى. بەزىلىرى مەملىكەت بويىچە چوڭ تەسىر قوزغىدى.

ئۇ نەتىجىلەر بىرگە يالغۇز شان-شەرەپلا كەلتۈرۈپ قالماي زور ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىمۇ بەردى...

— لاۋلونىڭ ئاغزىدىن چىققان رەقەملەرنى قەغەزگە بىرمۇ بىر يېزىپ ئولتۇرمىدىم. ئىلمىي تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش مەھسۇلاتىنى سېتىش بىر گەۋدە قىلىنغان بۇ ئورۇندا ھەممىلا ئىش ئىلىم-پەننىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدىكەن.

— باش زاۋۇتنىڭ ئىلىم-پەن سەۋىيىسىنى دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە سېلىشتۇرۇشقا بولامدۇ؟

لاۋلو ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، ئاددىيلا جاۋاب بەردى:

— 90-يىللارنىڭ سەۋىيىسى دېيىشكە بولىدۇ... لېكىن ئىلغار سەۋىيىگە يېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۇ ھازىرقى باسقۇچتا ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلارنى سۆزلەشكە باشلىدى. شۇ ئارىلىقتا نەچچە قېتىم ئۇنى ئىزدەپ ئادەم كىردى، تېلېفونلار جىرىڭلىدى. ئۇ ئۆز ئىشىنى سۆزلەشنى ھەممىدىن زۆرۈر ھېسابلىسا كېرەك. ئەلۋەتتە ئىشقا مۇھەببەت باغلىغان تۆھپىكارلارنىڭ ھەممىسىلا شۇنداق.

— يەر شارىدىكى بولغان نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي ئۇنى كۆپ خىل مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم-پەندە ئېچىش-ئىختىراچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىختىرانى ئىشلەپچىقىرىش، بازار بىلەن بىرلەشتۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر ئىكەن. ھازىرقى گەپ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇش، قۇرۇق نام-ئاتاققا بېرىلىش ئەمەس، نەق ئۈنۈمنى ئاساس قىلىش. يەنى ئىقتىسادىي قىممەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش زۆرۈر. مانا مۇشۇنداق بولغاندا خەلق ئىلىم-پەنگە ئىشىنىدۇ. ئىلىم-پەنگە ئىشىنىشتە بىز باشقىلاردىن، بولۇپمۇ ئىلغارلاردىن ئارقىدا. شۇنداق، غىمزاسىز ئۆرە تۇرغىلى بولمىغاندەك ئىلىم-پەنسىز جەمئىيەتنى گۈللەندۈرگىلى بولمايدۇ. لاۋلو ئاخىر ئۆزىنىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى سۆزلەشكە ئۆتكەندە ئۇ مېنىڭ كونا خىزمەتدىشىم سۇڭ بىنىيىڭ ئەپەندىمنىڭ جىيەن ئىنىسى بولۇپ چىقتى. لاۋسۇڭ ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئادەم ئىدى. لاۋلو مەن بىلەن دوستلىشىپ قالدى. ئۇ شەنشىدە ئوقۇغان شىنجاڭلىق ساۋاقداشلارنىڭ تىرىشچانلىقىنى بىرمۇ بىر كۆرسىتىپ چىقىپ:

— سىز بۇ تىرىشچانلىقتا يوققۇ؟ — دېۋىدى مەن ئۇنىڭغا:

— تىرىشچانلىقنىڭ ئۆچۈپ كەتكەن يېرىدە مەن بار، — دەپ چاقچاق قىلدىم.

— شۇنداق، شىنجاڭ دۇنيا خەزىنىسىدىمۇ سۇس-خىرە كۆرۈنىدۇ. — نېفىتنى بىلمەسلىك شىنجاڭنى بىلمەسلىك. شىنجاڭنى بىلمەسلىك ئۆز-ئۆزىنى بىلمەسلىك!

مانا بۇ لاۋلونىڭ سۆزى ھەم خۇلاسىسى، ئۇنىڭغا رەھمەت! يىگىرمە سائەت ئەمەس، ماڭا ئىككى سائەت ۋاقتىنى بەردى. ئالدىمىزدىكى بۇ كىشى 55 ياش، لېكىن ئۇنىڭ تەن قۇرۇلۇشى لاۋلونىڭ تەتۈرسىچە

تۇرۇق. ئۇنىڭ ماڭا تەقدىم قىلغان ئىسىم كارتوچكىسىغا پارتكوم شۇجىسى، ئالىي ئىنژېنېر دەپ يېزىلغان. بۇ كىشىنىڭ ئىسمى مىن لۇڭشىن.

مەن شۇجى گۇاڭجۇغا ماڭماقچىكەن. بۇ يەرنىڭ رەھبەرلىرى ئاشۇنداق تۇيۇقسىزلا يىراق - يىراقلارغا سەپەر قىلىدۇ، سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرى بازىرى، خام ئەشيا تەمىنات بازىرى، مېتاللورگىيە بازىرى، مەھسۇلات - ئۈسكۈنە بازىرى، ئۇچۇر بازىرى ئۈچۈن قۇرغان ماددىي ئەشيالار شىركىتى، باش زاۋۇت نېفىت ئىشخانىسى، مالىيە شىركىتى، تىجارەت شىركەتلىرى بار. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بولۇپ 60 نەچچە كارخانا بىلەن ھەر خىل ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرى ئورناتقان. شاڭخەي، چىڭدۇ، بېيجىڭ، جېجياڭ قاتارلىق جايلاردا ئالاقىلىشىش ئورۇنلىرىنى قۇرغان. ھازىر ئۇلارنىڭ نېفىت مەھسۇلاتلىرى جەنۇبىي جۇڭگو شەھەرلىرىدە مۇقىم بازارلارغا ئىگە بولغان. ئۇلار يەنە ھازىرغىچە 12 دۆلەت بىلەن بەش نۇسخا توختام، 11 نۇسخا تەكلىپنامە، توققۇز نۇسخا ئىقتىسادىي تېخنىكا توختامى تۈزگەن ۋە ئالمۇتا، قورغاس ئېغىزىدا دائىمىي ئورگان قۇرۇپ، مۇستەقىل دۆلەتلەر گەۋدىسىدىكى دۆلەتلەر بىلەن سودا، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى يولغا قويغان. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگىلا زاۋۇت رەھبەرلىرى ماڭىدۇ. ئۇلار ئالدىراش بولماي قانداق قىلسۇن؟!

غەربىي جەنۇب نېفىت شۆيۈەنىنى تۈگىتىپ 1963 - يىلى ئۆزى ئىلتىماس قىلىپ بۇ يەرگە كەلگەن بۇ نېفىت جەڭچىسى 30 يىلدىن بېرى جاپالىق ئەمگەك قىلىپ، بۈگۈنكى ئىگىلىك گۈللەنگەن، شەھەرلىرى گۈزەللەشكەن، ئىشلەپچىقىرىش زامانىۋىلاشقان ئىگىلىكنىڭ خوجىسىغا ئايلانغىچە ئىشلىگەن ئىشلىرى، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى زوقمەنلىك بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ماڭا ئوخشاش جەنۇبلۇقنىڭ غەربىي شىمالغا كۆنمىكى ئاسانمۇ؟ گۇرۇچ يېيىشكە ئادەتلەنگەن ئادەمنىڭ نان - لەڭمەن يېيىشكە كۆنمىكى شىنجاڭلىقلارنىڭ ئۈچ ۋاق گۇرۇچ تامىقىغا كۆنمىكى تەس بولغىنىدەكلا تەس ئىش. لېكىن مەن شىنجاڭ ئۈچۈن ئىشلىگىلى كەلگەچكە بۇ قىيىنچىلىقلارنى يەڭدىم. مەن ھازىر شىنجاڭنى قىزغىن سۆيىمەن. بۇ يەرگە مۇھەببىتىم بار. شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، قاتناشنى ياخشىلاش. بىز نېمە ئۈچۈن ھە دېسىلا خام ئەشيا ئىشلەپچىقىرىمىز؟ ئۈزۈم، قوغۇن، ئات، يۇڭ، تېرە، پاختا قاتارلىق ئالاھىدە مەھسۇلاتلارغا ئوخشاش نېفىتنىمۇ خام ماتېرىيال قىلىپ سىرتقا ساتىدىغان ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش كېرەك. نېفىتتىن ئىشلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنى 60 — 70 خىلدىن بىرنەچچە يۈز خىلغا يەتكۈزۈشنىڭ ئامالىنى قىلىشىمىز كېرەك. بىز ھازىر قاراماي، جۇڭغار، جەنۇبىي شىنجاڭ، تۇرپان - قۇمۇل نېفىتلىرىنىڭ بىر قىسمىنىلا بۇ يەرگە كىرگۈزەلەيمىز. قالغىنى نېفىت پېتى باشقا يەرلەرگە كېتىۋاتىدۇ. بىز ھەممىسىنى خام ئەشيا قىلىش لاياقىتىگە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك!

مەن دېرىزىدىن شەرققە قارىدىم. كېچە - كۈندۈز لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان مەشئەلمۇ، ئاسمان-پەلەك سىرلىق ماشىنىلارنى جانلاندۇرۇپ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىۋاتقانمۇ، ئاۋۇ خۇش خۇي چىرايلارغا خاتىرجەملىك بەرگەنمۇ، مۇنۇ پارتكوم شۇجىسىنىڭ

ھېسسىيات ۋە غايىلىرىگە مەنبە بولۇۋاتقانمۇ يەر شەرىتى — بىزنىڭ يېرىمىزدىن چىقىۋاتقان نېفىت. سانلىق مەلۇماتلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم، ئالىملارنىڭ پەرەز ۋە پاكىتلىرىنى سالماقلاپ باقتىم. گەرچە مەن نېفىت ھەققىدە ھېچقانچە بىلىمگە ئىگە بولمىساممۇ، مىن شۇجىدەك نېفىتقا ئۆزىنى بېغىشلىغان، سېخلاردا، جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە ياشلىقىنى ئاخىرلاشتۇرغان ئادەملەرنى چۈشىنىشتە خېلى لاياقەتكە ئىگەمەن. مەن مۇشۇ ئالاھىدىلىكىم بىلەن خەلقىمگە شۇنداق دېمەكچى: يېرىمىزنىڭ ئۈستىلا ئەمەس، ئاستىمۇ گۈزەل. يېرىمىز ئانارغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ سىرتى جەلپكار، ئىچى شەربەتلىك! يېرىمىز بىلەن پەخىرلىنىشىمىز، پەخىرلىنىش ھېسابىغا يەرگە قان - تەرىمىزنى سەرپ قىلىپ، ئوتتۇرا شەرققە نېسىپ بولغان مەمۇرچىلىق ۋە باياشادچىلىقتىن خەلقىمىزنى بەھرىمەن قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

مېنىڭ بۇ ھېسسىيات مەھسۇلى بولغان سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ، بىر ئۇيغۇر يىگىت ياراتماستىن كۈلۈپ قويدى. بۇ يىگىت بەش مىليون دوللارغا سىرتتىن ئەكىرگەن ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنى ئۆگىنىشتىن دوستلىرى بىلەن ھاراق ئىچىپ كۆڭۈل ئېچىشنى ئەۋزەل بىلىدىغان ياشلاردىنمۇ ياكى قۇرۇق پاراڭغا ئۈچلۈك قىلىدىغان ئەمەلىيەتچى ئىشچانلاردىنمۇ، بۇ تەرەپلىرى ماڭا بەلگىسىز. بۇ يىگىتنىڭ تەنىلىك كۈلكىسى مېنى بۇ زاۋۇتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشىغا قىزىقتۇرۇپ قويدى. زاۋۇت پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى غوپۇر بىلەن بولغان سۆھبەت مېنى يېڭىچە چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى. غوپۇر 1973 - يىلىدىن باشلاپ تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن «كەسىپ ئەھلى» ئىكەن. جاپالىق يىللاردا بىز بۇ زاۋۇتنى قۇرغان. ئۇ چاغدا سوقما تاملىق ئۆيلەردە 50 پىرسەنت قوناق يەپ، تۆۋەن مائاش ئېلىپ ئىشلەيتتۇق، 1978 - يىلى نەق 3 - ئومۇمىي يىغىن بولغان يىلى بىز بۇ يەرگە يۆتكەلدۇق. سۇۋاقسىز ئىشخانىلاردىن مۇشۇ كۆركەم، زامانىۋى ئۆيلەرگە كۆچتۇق. مەنمۇ باشقىلاردەك تۆۋەندە ئىشلىدىم. نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدا ئىشلىدىم. 90 - يىلىدىن باشلاپ تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن... ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مەزمۇنىدا يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى. دەۋرگە ماسلاشماق، ئېقىم بىلەن بىللە ماڭماق راستتىنلا تەس. لېكىن دۇنيادا تەس ئىش يوق. باشقا يەردە قانداقكىن، بىزنىڭ بۇ يەردە ياخشى ئىش قىلىدىغان ياخشى ئادەملەر راستتىنلا بار. زاۋۇت بويىچە 62 لېي فېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى بار. ئۇلار باشقىلارغا ھەقسىز ئىشلەپ بېرىدۇ، بىر قىز ئاپتوبۇستىن يەتتە گراملىق مېدالىيون تېپىۋېلىپ تەشكىلگە تاپشۇرۇپ بەرگەن، مۇكەررەم ئىسىملىك كوتكوچى ياتاق تازىلاۋېتىپ ئىككى مىڭ يۈەن تېپىۋېلىپ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن. بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. كادىرلار ئىستىلدا ساپ - دىيانەتلىك بولۇش، زاۋۇتنى، كەسىپنى سۆيۈش، باشقىلارنىڭ، كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، پۇلغا، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىپ كەتمەسلىك قاتارلىق ھەممىلا دەۋردە ئالقىشلىنىدىغان ئېسىل خىسلەتلەر بىزنىڭ بۇ يەردە دائىم تەشۋىق قىلىنىدۇ، قەدىرلىنىدۇ. باش زاۋۇت پارتكومى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى

كتۇمۇتىيىتى قۇردى، زاۋۇت باشلىقى، شۇجىلار بۇ ئىشقا مەسئۇل. ئۇلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەنىۋى (مەدەنىيەت) ئىشلىرىغا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. ياخشى ئىش قىلغان شەخسلەر دائىم مۇكاپاتلىنىدۇ. ئاساسىي ھادىسىلەرگە كۆكرەك كېرىپ ئاچقانلارغا 500—600 يۈەن مۇكاپات بېرىلىدۇ. ئۈچ ئورۇن ئاپتونوم رايون بويىچە نەمۇنىچىلىك بولۇپ سايلاندى.

بۇ يەرنىڭ بىر يىللىق مائارىپ خىراجىتى 6 مىليون يۈەن ئىكەن. ئەگەر بۇنچە پۇل ئۆز كۈچىمىزگە كۆرسەتمىگەن بولسا بۇ ئورۇن ئۆتكەن يىل مەملىكەت بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەپ، مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈش نەمۇنىچىسى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشەلمىگەن بولاتتى، يەنە پۇل بولمىغان بولسا ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتى ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە بۇنچە كۆپ كۇلۇب، ئىشچىلار ئۆسمۈرلەر سارايلىرىنى، قىرائەتخانا، ئويۇنخانا، كىنوخانا، تانسا زالى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ بېرەلمىگەن بولاتتى. بۇ يەرنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدىن ھەر يىلى خېلى كۆپ بالىلار ئالىي مەكتەپلەرگە ماڭىدىكەن. بىر يىلدا ئون مىڭ يۈەنلىك ئۈنئالغۇ لېنتىلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئېلېكترلاشتۇرۇلغان تېلېۋىزورلاشقان تەربىيە فىلىملىرىنى قويۇپ بېرەلەيدىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادنىڭ ئاساسىنىڭ ياخشى بولغانلىقىدىن. بۇنى ھەممە ئادەم چۈشىنىدۇ. پۈتۈن جەمئىيەت مانا مۇشۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلمامدۇ، ئەمەسمۇ؟

مەن غوجۇرغا بۇ پىكىرلىرىمنى ئېيتتىم. ئۇ كىشى بېشىنى ئىرغىتىپ تەستىقلىدى:

— بۇ دېگەنلىرىڭىز راست، ھازىر ئىقتىسادىي ئاساسى ياخشى ئورۇنلاردىن ياردام سوراپ يۈرىدىغانلار كۆپ، بۇمۇ جەمئىيەتنىڭ كۆڭۈلسىزلىكى ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئىش. بىزغۇ ئۆز ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ھاجەتمەنلەردىن يارداملىشىش ئەمما ئېلىپ گۈللەنگەن ئورۇنلار كۆپ ئىكەن.

زاۋۇت، كارخانا، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى رەقەم بىلەن ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. لېكىن مەنىۋى بايلىق يارىتقۇچى ئورۇنلارنىڭ تەرەققىياتىنى رەقەم كۆرسىتىپ بېرىدىغان سانلىق مەلۇماتلار يوق. ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان شېرىن مېۋە ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە يوشۇرۇنغان. بۇنى كۆرۈش ئۈچۈن تولىمۇ ئۆتكۈر كۆز كېرەك.

مەن ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتىدا مەدەنىيەتلىك روھقا ئايلانغان ئەمەلىي مىساللارنى كۆپ كۆردۈم. ئىنسانغا شەربەت تەقدىم قىلغان سۆيۈملۈك يېرىمىز ئۇلارغا گۈزەل غايە، ئەخلاق، غەيرەت، شىجائەت، ئەقىل - پاراسەت ۋە دانالىق، مەردلىكتەك روھىي شەربەتلەرنىمۇ تەقدىم قىلغان.

## 2. كۆرگەن، ئاڭلىغان ۋە ئويلىغانلىرىم

ئۆمەرجان ئىمىنى ئەستېرادىن باغچىسىدىكى سۇنئىي ياسالغان چوققىغا ئېچىلغاندىن مۇنىڭ ئەتراپىي كۆل، نېرىسى قويۇق ئورمان، ئاقباشلىق بوغدا چوققىلىرى. بۇلىيەۋدىكى پۈتۈن زاۋۇتنىڭ مەنزىرىسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. بۇنى كۆرگەنلەر قىزىل سېرىق

ئەلىر گۈللەر، شىركەت بۇ قەدىمىي گۈمۈدىنى قاقاسلىقنىڭ ئۈستىدە پەيدا بولغان ياپيېشىل ئالەم زاۋۇت ئەمەس، ئىستىراھەتخانا، دەپ ئويلايدۇ. مەن بۇنىڭ ئالتە يىل بۇرۇن كەچكۈزنىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى گېرمانىيىنىڭ (رېين) دەرياسى بويىدىكى گۈزەل شەھىرى فرايبورگدا مۇشۇنداق بىر يېشىل چوققىدا ئولتۇرۇپ، تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەت توغرىسىدا پەيلاسوپلارچە خىيال سۈرگەنىدىم. ئادەم قانداق ۋاقىتتا ئۆزىنى پەيلاسوپ ھېسابلايدىكەن، بۇنى ھازىرغىچە بىلمەيمەن. جەنۇبىي جۇڭگونىڭ گۈزەل دېڭىز ياقىسى شەھەرلىرىدە، شەرقىي شىمالنىڭ تەبىئىي ئورمانلىقلىرىدىمۇ يۈرگەنمەن، ئۇ يەرلەردە شائىرانە ھېسسىيات بىلەن شېئىر ۋە خاتىرە يازغان. لېكىن ئۆزۈمنى پەيلاسوپ ھېسابلاپ باقمىغان. كۆلىمى 234 مو كېلىدىغان ئىستىراھەت باغچىسىدا ئېگىز-لىكى 30 مېتىرمۇ كەلمەيدىغان چوققىغا چىقىۋېلىپ ئېمىشقا ئۆزۈمنى پەيلاسوپ ھېساب-لىغانلىقىمنى بىلمەيمەن: 703290 تۈپ دەرەخنى بۇ يەرنىڭ 20 نەچچە مىڭ ئادىمىگە بۆلسە، ھەممەيلەن بىر كىشىگە 35 تۈپتىن توغرا كېلىدىكەن. ئۆزلىرىگە نېمەت شەر-بىتى تەقدىم قىلغان ئانا يەرگە بۇ يەرنىڭ ھەر بىر ئادىمى 35 تۈپتىن دەرەخ، چىراي-لىقراق ئېيتساق 35 تېرىق گۈل تەقدىم قىپتۇ. ھەر كۈنى بىر خىل ئاباداتىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇۋاتقان 6 مىليارد بەختلىك يەر شارىغا مۇشۇنچىلىكتىن گۈل تەقدىم قىلغان بولسا، يەر شارى قانچىلىك گۈزەللىشەتكەن بولار ئىدى؟ تېرەك، سۆگەت، قارىياغاچ، ئاكاتسىيە قاتارلىق 40 نەچچە خىل دەرەخ 16 كۋادرات كىلومېتىر يەرگە يېشىل تون بولۇپ يېپىلغان. يەردىن ئېلىنىشىلا بىلىپ، يەرگە بېرىشنى بىلمەيدىغان ئادەملەر ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتىغا كېلىپ ماڭا ئوخشاش چوققىدا ئولتۇرۇپ پاكىز ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ ئۆز-ئۆزىدىن سوراپ باقسا بولغۇدەك: ئۆز قولىڭىز بىلەن تەبىئەتكە نېمە تەقدىم قىلدىڭىز؟ بىر تال كۆچەت، بىر تۈپ گۈل تىكىپ باقتىڭىزمۇ؟ يەنە سوراپ بېقىڭ: قانچىلىك دەرەخ كەستىڭىز، قانچىلىك گۈل يۇلدىڭىز؟ گۈللەتكۈ-چىلەر كۆپمۇ، يوقاتقۇچىلارمۇ؟

كۆچەت تىكىشنى زادى بىلمەيدۇ،

مېۋىسىنى يەيدۇ، شېخىنى يېرىدىپ.

دېگەن مىسرالاردىكى دېدەكتىلىك مەزمۇنلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنى مېخانىك ھالدا چۈشەنسەك راستلا كۆچەت تىكىشنى بىلمەيدىغانلارنىڭ سانى قانچىكىن؟

مەن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى ئىسلامئابادنىڭ بىر سىناياھەت تۆپىلىكىدە بولغانىمەن. ئۇ يەردىن قارىساڭمۇ مەنزىرە ماگاھ بىر ياپيېشىل ئالەم كۆرۈنگەن. يېشىل تاغلار، ئورمانغا يوشۇرۇنغان شەھەرگە قاراپ شۇ چاغدىمۇ يۇقىرىقىدەك سوئاللارنى سورىغانىمەن. چۈنكى شۇ تۆپىلىكتە دۇنيا مەركەردىلىرى ئۆز قوللىرى بىلەن تىككەن كۆچەت ۋە دەرەخلەر بار ئىدى. بۇ سەركەردىلەر ئىچىدە بىزنىڭ دۆلەت رەھبەرلىرىمىزدىن يەتتە كىشى بار ئىدى.

[illegible] 155 گېكتار يەرنى ئورمانلاشتۇردۇق، تېرىدى 130 نەچچە كىشىلىك كۆكەر-تىش ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن قىزغىن، ئۈمىدۋار يىگىت

دۇك لەيشىنى ماڭا ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، — يەنە 420 مو يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈش مەيدانىمىزمۇ بار. 300 مو يەرگە مېۋىلىك باغ قىلدۇق. گۈلزارلىقىمىز 32413 كۋادرات مېتىر.

— ئورمانلارنىڭ ئۇزۇنلۇقىچۇ؟

— 16 مىڭ 996 مېتىر كېلىدۇ. يول ياقىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 14 مىڭ مېتىر.

16 كىلومېتىر، 14 كىلومېتىر ئېيتماققا ئاسان. قەدىمىي تاشلىق، سۇسىز يەر بېتىنى بۈگۈنكى ئادەمگە راھەت، گۈزەللىك بېرەلەيدىغان قويۇق ئورمانلىق، خۇش پۇراق گۈللۈك، شېئىر مىسرالىرىدەك ھېسسىيات بېغىشلىغۇچى يەرگە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن قانچىلىك ئەقىل، غەيرەت ۋە كۈچ كېتىدىغانلىقىنى تەبىئەتكە مۇھەببەت باغلىغان ئەمگەكچىلەرلا بىلەلەيدۇ.

«... 1994 - يىلى بۇ يەردىكى بارلىق قۇرۇلۇشلار ئىشقا كىرىشىپ ئىقتىسادىي ئۈنۈم بەرگىلى تۇرغاندا ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ مۇقىم مەبلىغى ئىككى يېرىم — 3 مىليارد يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان نەق پايدىسى 400 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ زاۋۇتنىڭ خىمىيە مەھسۇلاتلىرى يالغۇز شىنجاڭ بازارلىرىنى قامداپلا قالماستىن، شىنجاڭنىڭ يۇڭ، پاختا توقۇمىچىلىقىدىكى قالاق ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ، يېنىك سانائەتتىكى ئەۋزەللىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتۈن غەربىي شىمالنى تەمىنلەپ، ھىندىستان ۋە غەربىي ياۋروپا بازارلىرىغا يۈزلىنىدۇ.»

مانا بۇ «ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە گېزىتى»نىڭ «شىنجاڭ نېفىت - خىمىيە سانائىتىنىڭ بىر چوڭ تۆۋرۈكى» ناملىق ماقالىدىن ئېلىنغان سۆز. بۇ يەردە دېيىلگەن تۆۋرۈك نېفىت مەھسۇلاتى بولغان پولى پروپىلىن مەھسۇلاتى. پولى پروپىلىن ئىنساننىڭ زىننەت، ئېھتىياج ۋە گۈزەللىك ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. ئورمانچۇ؟ ئۇ ئادەملەرنىڭ ئەمەس، ئىنسانىيەتنىڭ، بۈگۈنكىلەرنىڭ ئەمەس، تۇغۇلغۇسى ۋە كەلگۈسىدە ياشىغۇچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. بايلىقمۇ گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرەلەيدۇ، لېكىن ئۇ بەزىدە پاجىئەگىمۇ سەۋەبچى بولالايدۇ. لېكىن تەبىئەت گۈزەللىكى تەبىئەتنى گۈزەللەشتۈرگۈچىلەرنىڭ قەلبى ھېچقاچان، ھېچكىمگە پاجىئە كەلتۈرمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ يەردىكى بايلىق ياراتقۇچىلارغا، ئۆزلىرى ھەر كۈنى دەسسەپ تۇرىدىغان يەرنى ئۆزىنىڭ ئۇزىتىۋاتقان قىزىدەك ياساندۇرۇۋاتقان پاكىز قەلبلەرگە ئىنسان رەھمىتىنى ئېيتماي تۇرالمايمەن.

توغرا، ئىنسانىيەتنى سۆيۈش، باشقىلارنى سۆيۈش سىزنى تەبىئەتنى سۆيۈشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. تەبىئەتنى سۆيگەنلەر قەلبى گۈزەل، گۈزەللىك تۇيغۇسىغا باي ئادەملەر. تەبىئەتنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا بۇزغۇچىلار چىڭگىز ئايتماتوۋنىڭ «قىيامەت» ناملىق رومانىدىكى تاشچاينار ۋە ئەكبەرە ناملىق بىر جۈپ بۆرىلەرچىلىكمۇ گۈزەللىك ھېسسى بولمىغان ۋەھشىيلەر.

1987 - يىلى مەملىكەت بويىچە مۇھىتى گۈزەل زاۋۇت دېگەن باھاغا ئېرىشكەن ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتى بايلىقى بىلەنلا، تۆھپىكار ئەزىمەتلىرى بىلەنلا ھۆرمەت تېپىپ قالماي گۈزەل تەبىئەت ھۆسنى يەنى پاكىز كوچىلار، پۇراقلىق

گۈللەر، بۈك - باراقسان دەرەخلەرى بىلەنمۇ كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلاپ قەلبىڭىزدىن ئورۇن ئالالايدۇ.

يىغىنە يوپۇرماقلىق قارىغاي، ئارچىلىرى، يالتىراق يوپۇرماقلىق تېرەك، قارىياغاچ، تال - سۆگەت، ئاكاتسىيە، ئالما، نەشپۈت، شاپتۇللىرى؛ باراقسانلاشتۇرغۇچى گۈللەردىن قىزىلگۈل، ئەتىرگۈل، رەيھان، سېرىن، مەخمەل، جوخوا گۈللىرى بولۇپ 28 خىل دەرەخ، 12 خىل گۈللىرى كوچىلارنىڭ ھەممىلا يېرىدە سىزگە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ تەۋرىنىپ تۇرىدۇ. بۇ زېمىن زامانىۋى كوچا - بىنالىرى، 40 خىلدىن كۆپ دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلىرى بىلەن ھەر بىر قەلبتە يۇقىرىقىدەك گۈزەل مىسرالارنى پەيدا قىلالايدۇ.

— بۇ يەردە ئىشسىزلار يوق!

— بۇ يەردىكىلەرنىڭ تۇرمۇشتا غېمى يوق!

يېنىمىدىكى چىققان بىر پېشقەدەمنىڭ بۇ سۆزلىرى توغرىكەن.

مەن «شىفېڭ» شىركىتىگە كېلىپ، رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا ئىشەندىم (قەلەم ئىگىلىرى كۆپ چاغلاردا يالغان - ياۋداق گەپلەرگە ئىشىنىپ قالىدۇ). «شىفېڭ» شىركىتى بۇ باش زاۋۇتنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئەڭ چوڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانا ئىكەن. بۇ كارخانا ئون يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، خىمىيە سانائىتى، قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يېنىك سانائەت، قاتناش، باقمىچىلىق، سودا، مۇلازىمەت قاتارلىق توققۇز خىل ئىشنىڭ بىرلەشمە ئىقتىسادىي گەۋدىسىگە ئايلىنالىغان. بۇ كارخانىنىڭ 1633 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى ئاشۇ توققۇز خىل ساھەگە قاراشلىق 30 نەچچە زاۋۇت، كارخانىدا ئەمگەك قىلىپ، 1992 - يىلى 53 مىليون 310 مىڭ يۈەنلىك بايلىق يارىتىپ، ۋەزىپىنى 1991 - يىلدىكىدىن 14.4% ئاشۇرۇپ، 3 مىليون 117 مىڭ يۈەن ساپ پايدىغا ئېرىشكەن، زىيالىي ياشلار، ئائىلە ئاياللىرى ۋە مېيىپلارنىمۇ ئىش بىلەن تەمىنلەپ، باش زاۋۇتنىڭ كۈچلۈك ئارقا تىرىكىگە ئايلىنالىغان. بۇ شىركەتنىڭ رەھبەرلىرى تولىمۇ قىزغىن، ئىشچان يىگىتلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ كۆڭلىرى جىددىي ئىشلار بىلەن ئۆتىدىكەن. ئۇلار مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىكەن. ئادەملىرىنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ (ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشتىن بوشانغان 50 نەپەر خادىممۇ بارئىكەن)، دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ خىزمەت سالمىقى ئېغىر، ئىش تۈرلىرى كۆپ ئىكەن. كىچىك ئىدارە بىلەن چوڭ ئىش قىلىش ئۇلارنىڭ شوئارى ئىكەن. پارتكومدا بىر شۆجى، بىر ئىنتىزام تەكشۈرۈش شۆجىسىلا بارئىكەن. جىگلى، جۇرېنلىرى 37 ياشتىن 50 ياشقىچە، خادىملاردا ياشلار كۆپ، ئىشخانىلىرى ئاز ئىكەن. مەن ئۇلارنىڭ قىزغىن، ئىشچان رەھبەرلىرىدىن جاۋجېي، چېن جيەنشىن يولداشلار بىلەن ئۇزاق سۆزلەشتىم، ئۇلار مەن ئويلىغان شىركەت باشلىقلىرىغا زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن 60 - يىللار قۇرغۇچىلىرىنىڭ ئەستايىدىللىقى بىلەن ئۈمىدۋارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش توغرىسىدىكى ماتېرىيالىنى كۆرۈپ چىقىپ، بۇ رەھبەرلەرنىڭ

ئىشلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

— پۇل تېپىشتىن تارتىپ پىلانلىق تۇغۇت، كەلگۈسى ئەۋلادلارغىچە كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتىگىچە ھەممىسىلا بىزنىڭ ئىشىمىز. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئاساس قىلىمىز. ئىشچى — خىزمەتچىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئىدىيە ئۆزگەرتىش ئىشلىرىغىمۇ ئوخشاشلا كۈچ چىقىرىمىز.

— ئەلۋەتتە بۇ ئىنژېنېر ۋە شۇجى چىن جيەنشىننىڭ سۆزى.

— مەن بۇ زاۋۇتتىكى ئۇيغۇر ئىشچى — خىزمەتچىلەرگە دوكلات بەرگەندە ئادەملەرنىڭ سۈپىتى قاتلىمى توغرىسىدا خېلى تەسىرلىك گەپلەرنى قىلغان ئوخشايمەن. كېيىن بىلسەم، سۆزلىشىمىز چىن جيەنشىنغا ئوخشاش مۇشۇ توغرىدا سۆزلەيدۇ.

— ياخشى ئىقتىسادىي ئاساس، گۈزەل تەبىئەت مۇھىتى، سۈپەتلىك ئادەملەر تۈپى ئىنسانلار ئارزۇ قىلىدىغان كونكرېت شەيئىلەر. بۇ ئۈچ نەرسە تۈگەل بولغاندا ئادەم يەنە نېمىلەرنى ئارزۇ قىلاركىن تاڭ؟

كېزىتخانا خادىمىنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋاب بېرىشنى كەلگۈسىگە قالدۇرىمەن. ھازىرچە شۇنىلا دېيەلەيمەن: گۈزەللىك چەكسىز، غايە — ئارزۇمۇ چەكسىز!

لېكىن پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم ئىشچىلار بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرىمدە مەن بۇ نۇرلۇق ماكاندىمۇ خىرە بۇلۇڭلارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قالدىم:

— بىز زاۋۇتنىڭ قۇرغۇچىلىرى — جاپاسىنى تارتقۇچىلىرى. لېكىن ھالاۋىتى ياشلارنىڭ! — دېدى سۇك فىڭگاڭ ئىسىملىك پېشقەدەم ئىشچى نارازىلىقىنى يوشۇرماستىن، — باھا ئۆستى، بىزنىڭ پۇلىمىز ئۆسمىدى. ياشلار 500 — 600 يۈەن ئالىدۇ. بىز ئاران 300 — 400 يۈەن ئالىمىز. بىز قانچىلىك تەر تۆكتۇق، ئۇلار قانچىلىك؟

بۇ يەردە پېنسىيىگە ۋە دەم ئېلىشقا چىققان 655 نەپەر ئىشچى — خىزمەتچى بار ئىكەن، بۇنىڭ 76 نەپىرى كادىر ئىكەن. ئۇلار ئۈچۈن سېلىنغان بەش قەۋەتلىك بىنادا ئۇلارنىڭ ئىدارىسى، ئويۇنخانىلىرى بار ئىكەن. بۇ يەر ئەڭ ئاۋات، كۆڭۈللۈك جايلارنىڭ بىرى ئىكەن. 3100 كۋادرات مېتىرلىق مەنزىرىلىك جايدا بىر ئۆمۈر نېفىت خىزمىتى ئۈچۈن تەر تۆككۈچىلەر ئۆزلىرى خالىغان ئويۇنلىرى بىلەن كۆڭۈللىرىنى ئۈستۈرىدىكەن. لېكىن ئۇلار دەۋر قەدىمىگە ماسلىشالمىغانلىقى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىدىكەن. تەڭپۇڭسىزلىق نەدە يوق؟ ھەر بىر كىشىگە بېرىلىدىغان 40 — 50 يۈەن پۇل بىلەن كۆڭۈللۈك ئىش قىلغىلى بولمايدۇ. زاۋۇت كارخانىلارنى كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن بېرى قېرىلارنىڭ پەرزەنتلىرىمۇ ئۇلارغا ئانچە قارىمايدىغان بولۇۋالغان.

— سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى نەدە؟ — بىر بوۋاي گويا مەن ئۇنى قىيىن ھالغا چۈشۈرۈپ قويغاندەك ماڭا ھومىيىپ قاراپ مەندىن سورىدى، — بىر ئۆمۈر ئىشلەپ قېرىغاندا راھەت كۆرمەيمىزمۇ؟

راھەت ھەممە ئادەمگە زۆرۈر، بولۇپمۇ قېرىلارغا زۆرۈر. ئەمما راھەتمۇ ھەممە نەرسىگە ئوخشاش نىسپىي نەرسە.

ئۈرۈمچى نېفىت-خىمىيە باش زاۋۇتىدىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ سۇ يىغىش پونكىتىغا ماڭغاندا راھەتلىنىپ كېتىپ بېرىپ ماڭا سوئال قويغان قېرىلارغا جاۋاب بەردىم:

— ياشلار كۆرۈۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ راھىتى سىزنىڭكىدىن كۆپرەك. لېكىن ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ باشقىلارغا راھەت كۆرسىتىشنى ئويلىمايدىغان بىر قىسىم ئادەملەرگە قارىغاندا ياشلارنىڭ راھىتىمۇ ئاز، ناھايىتى ئاز، تەر تۆكمەي، جان كۆيدۈرمەي باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسى ھېسابىغا بىھېساب راھەت-پاراغەتكە ئېرىشكەن بىر قىسىم ئادەملەر بار. ئۇلارنىڭ نەپسىمۇ چەكسىز چوڭ. سىز شۇلارغا ھومىيىڭ، شۇلارنى ئەيىبلەڭ، چۈنكى ئۇلار چىرىگەنلەر، ئەيىبلىنىشكە ھەقلىق!

15-ئىيۇن مېنىڭ ئاخىرقى زىيارەت كۈنۈم. سۇ يىغىش پونكىتى مەن ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن يېڭىلىققا ئىگە جاي. بۇ يەر مەنزىرىلىك — ئورمانلىق، گۈللۈك باغ. بۇ يەردىكى سەككىز ماشىنا يەنى بېسىم بىلەن سۇ سۈمۈرۈش پومپىسى يىراقلارغا جايلاشقان 17 ئورۇندىكى 300 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى قۇدۇقلاردىن سېكۇنتىغا 0.9 كۇب مېتىر سۇ سۈمۈرەلەيدىكەن. بۇ قۇدۇقلاردىن بىر يىلدا 20 مىليون كۇب مېتىر سۇ يىغىلىدىكەن. ئانا يەرنىڭ تومۇر-تومۇرلىرىدىن سۈمۈرۈۋېلىنىغان بۇ سۇ مەخسۇس ياسالغان سېمونت كۆلگە ئەۋەتىلىدىكەن.

ئۈرۈمچى نېفىت-خىمىيە باش زاۋۇتىدىكى بەش چوڭ زاۋۇت بىلەن «شىفېڭ» شىركىتى قارمىقىدىكى بارلىق زاۋۇتلار مانا مۇشۇ كۆلدىن كېلىدىغان سۇ بىلەن تەمىنلىنىدىكەن.


شەربەت بەرگەن زېمىن ئۆز پەرزەنتلىرىگە ئۆز قان تومۇرلىرىدىنمۇ ئورۇن بەرگەن. بىز يەرنى شورايمىز، بىز يەردە كۆكلەيمىز، يەنە يەرنى كۆكلىتىمىز. لېكىن يەرگە بېرىدىغىنىمىز كۆپمۇ، يەردىن ئالىدىغىنىمىز كۆپمۇ بۇنى بىلمەيمىز. بۇ ھال بىر بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن ئالغان-بەرگەنلىرىنى زادىلا ھېسابلاپ باقمايدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ.

زېمىن بىزنىڭ ئانىمىز، ئۇ بىزگە شەربەت بېرىدۇ. لېكىن بىزچۇ؟ يەرنى دەسسەيمىز، بۇلغايمىز، خورلايمىز. پەقەت پاجىئەگە يولۇققانلارلا دۇم يېتىپ يەرنى سۆيىدۇ. شۇڭا ئادەملەر پاجىئەگە ئامراق ئەمەس. يەر بىلەن سۆزلەشكەنلەرنى ساراڭ دەيمىز. يەرنى سۆيگەنلەرنىمۇ نېرۋىسى چاتاق دەيمىز. ئەمما بىرى ياخشى نىيەت بىلەن سىزگە شەربەت سۇنسا، ئۇنىڭغا چىن دىلىمىزدىن رەھمەت دەيمىز. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن بىز بىر ئۆمۈر شەربەت سۇنىدىغان ئانىمىز — دەسسەپ تۇرغان زېمىنغا رەھمەت ئېيتمايمىز؟ مەن خەلقىم تىلى بىلەن ئانا يەرگە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ، ئۇنىڭغا باغرىمنى يېقىپ، كۆز يېشىم بىلەن ئۇنىڭ توپىسىنى نەم قىلىپ رەھمەت ئېيتاي:

— زېمىن، ئۆزۈڭ بىر شەربەت، ساڭا رەھمەت، بىھېساب رەھمەت!

1993-يىل 7-ئاي، غۇلجا.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل



# قالدۇرۇلغان ھېكايە

ئىدرىس بارات

(ھېكايە)

يېقىندا مەن يېقىن ئۆتمىشتىكى بىر ئاپتورنىڭ قالدۇرۇلغان ھېكايىسىنىڭ كوپىيىسىنى ئىزدەپ ئەسەر ئارخىپىنى ئاختۇرۇۋاتقىنىمدا قولۇمغا بىر قول يازما چىقىپ قالدى. ئادەتتە تەھرىر بۆلۈمىگە كەلگەن ئەسەرلەرنىڭ تۆپىسىگە مۇھەررىرنىڭ بىر تەرەپ قىلغان پىكرى ئېنىق يېزىلاتتى، بۇ ئەسەرنىڭ تۆپىسىدە مۇھەررىرنىڭ پىكرىمۇ يوق. ئەسەرنىڭ بېشىدا ماۋزۇسىمۇ، ئاپتورنىڭ ئىسمىمۇ يوق ئىدى. مەن مۇھەررىر بەلكىم شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا پىكرىمۇ يازماي قالدۇرۇۋەتكەن بولسا كېرەك، دېگەن ئويغا كېلىپ، نېمە بولسىمۇ ئەسەرنى ئوقۇپ بېقىش نىيىتىگە كەلدىم. ئوقۇپ باقسام بۇ ۋەقەنى بىر يەردە ئاڭلىغاندەكلا قىلاتتىم، ئەسەر خېلى تۈزۈكلا يېزىلىپتۇ، دەپ ئويلىدىم-دە، ئەسەرگە ئىسىم قويۇپ، ئۇنى ھېكايە دەپ ئاتىدىم، لېكىن ھېكايىنى ئاپتورسىز چىقارغىلى بولمايدىغۇ، ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى بېشىغا ئۆزۈمنىڭ ئىسمىنى يازدىم. ئىچىمدە بولسا ناۋادا ئەسلى ئىگىسى دەۋا قىلىپ قالسا، سېنىڭ شۇنداق ئەسىرىڭنىڭ قول يازمىسىنى چىقارغىنىدا، دېمەيمەنمۇ.

* *

ۋىلايەتلىك پارتكوم مەركىزىنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى چاقىرىقىنى ئىزچىللاشتۇرۇش تەدبىرى سۈپىتىدە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋالىي مەھكىمە پارتگورۇپپىسى بۇ يوليورۇقنى ئاساسەن ئىشنى ۋالىيلاردىن باشلاشنى، ۋالىيلارنىڭ تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشىنى ئۇقتۇردى.

ۋالىيلار كۆرۈنۈشتە خاتىرجەم كۆرۈنگىنى بىلەن، كۆڭلىدە قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتى. ھەممىسى ئۆز ئىشخانىلىرىغا بېكىنىپ، ئويۇن - تاماشا، كەيپ - ساپا-

لاردىن ۋاز كېچىپ، تاماكىنى پۈرقىرىتىپ
چېكىپ، ئۆزىنىڭ قايسى ئىشنى
پاش قىلىنىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى،
ئۇنى كىمنىڭ پاش قىلىش ئېھتىمالى بار-
لىقىنى، ئۇنىڭغا قارشى ئۆزىنىڭ قانداق
«قالقان» ۋە «ئوق» لارنى تەييارلىشى
لازىملىقى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلاشتى.
ۋالىيلارنىڭ رەت تەرتىپىنىڭ بۇزۇ-
لۇپ، ئۇقۇشماسلىق كۆڭۈل ئاغرىقىدىن
خالىي بولۇش ئۈچۈن، بۇ ھېكايىدا بىز
ۋالىيلارنىڭ ئىسمىنى ئېلىپبە تەرتىپى بو-
يىچە ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆردۇق.
A ۋالىي ئويلايتتىكى، ئەگەر B ۋا-
لىي مېنىڭ ئىككى ئىنىمنى ئىككى ناھى-
يىگە ۋە شەھەرگە دۇئاۋىن ھاكىم ۋە مۇ-
ئاۋىن شۇجى قىلىپ ئۆستۈرگەنلىكىمنى،
شەھەر ئىچىگە سالغان داچامنىڭ ياغاچ-
تاشلىرى ئەنە شۇ ئىنىلىرىمنىڭ «پادىشاھ-
لىقى» دىن كەلتۈرۈلۈپ يەتكۈزۈلگەنلىكى-
نى، بىر كادىر جىيەنىمگە شەھەرنىڭ
ئاۋات يېرىدىكى بىر مېھمانخانا ۋە رېس-
تورانىنى ئەرزان باھادا ھۆددىگە ئېلىپ
بېرىپ، يىلىغا 50 مىڭ يۈەن سىرتتىن
كىرىم قىلدۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئەركە نايىناق
قىزىمنىڭ غەلۋىسىنى بېسىقتۇرىمەن دەپ،
تۆت - بەش ئورۇنغا يۆتكىگەنلىكىمنى پاش
قىلىپ قېلىشى مۇمكىن. خوش، ئۇنداقتا
مېنىڭمۇ ئاغزىم ئېچىلىدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭ
قۇرۇلۇشلارنى تەستىقلاش ۋە قۇرۇلۇشنى
شىركەتلەرگە ھۆددىگە بېرىش ھوقۇقىدىن
پايدىلىنىپ، شەھەر سىرتىدىكى راھەتباغ
ئىچىدىن بىر مو يەر ئىگىلەپ، شۇ يەرگە
سالغان، ھازىر 100 مىڭ كويغا يارايدى-
غان ئاستى تاختايلىق ئىككى قەۋەت
«ئوردا - ساراي» دەل ئەنە شۇ قۇرۇلۇش-
لارنىڭ «قوشۇمچە قۇرۇلۇشى» ھېسابىدا
بىر سىنت خەجلىمەي پۈتكەنلىكىنى پاش
قىلىمەن. ئۆيىگە قويۇۋالغان ئالىي دەرى-
جىلىك سافالارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى،
ستېرېئولۇق ئالىي ئۈنئالغۇ، 27 ديۇم-
لۇق رەڭلىك تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، ئۆي-
لىرىگە سېلىۋالغان گىلەملەرنىڭ قانداق
پەيدا بولغانلىقىنى سورايمەن، ئىقتىساد
قىلىپ ئالدىم دېسە، ئەر - خوتۇن ئىككىسى-
لارنىڭ 400 — 500 يۈەن مائاشلار بىلەن
ئالتە بالىنى قانداق باقتىڭلار ئەمسە؟ دەپ
سورايمەن. ناۋادا C ۋالىي ئۆزىنى دەڭ-
سىمەي، مېنى چىشلەپ تارتىمەن دېسە،
مەنمۇ قىلچە يۈز - خاتىرە قىلمايلا، ئۇنىڭ
ئۆز يۇرتىدىن چاقىرتىپ چىققان ئاققۇن-
لاردىن قۇرۇلۇش ئەترىتى تەشكىللەپ،
M، L ناھىيىلىرىدىكى كۆۋرۈك، توما،
سۇڭگۈچ قۇرۇلۇشلىرىنى شۇلارغا يۇقىرى
باھادا ھۆددىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى
ئۆز ھوقۇق دائىرىسىدىكى سېمونت، پولات
بىلەن ئەرزان باھادا تەمىنلەپ، ئۈستىدىن
يىلىغا 100 مىڭ يۈەنلەپ «چوتى» ئايرىپ
ئېلىپ تۇرغانلىقىنى، بۇ ئىشنىڭ «بۇسى»
چىقىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، بۇ پۇللارنى
ئۇدۇللۇق ئۆز يۇرتىغا يوللاپ، ئۇ يەردە
ئالدىقاچان ئۈچ قەۋەتلىك داچا قۇرۇپ
بولغانلىقىنى، بۇ داچىنىڭ ھازىرقى يىللىق
ئىجارە ھەققىلا 30 مىڭ يۈەن ئىكەنلىكى-
نى (بۇ ئىشلارنى مەن ئېكسكۇرسىيىگە
بېرىش يولۇمدا ئۇنىڭ ئۆيىنى يوقلاپ
بارغاندا، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ماختىنىپ
دەپ بەرگەن)، كەم دېگەندە 30 — 40 قارا
نوپۇسنى شەھەر نوپۇسىغا ئالدۇرۇپ ئىشقا
ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى ئېچىۋې-
تىمەن. يەنە تېخى ياپونىيە شياڭ-
گاڭغا بىللە بارغاندا، ئاتالمىش تۇغقان-
لىرى سوۋغا - سالام قىلغان نەرسىلەردىن
ماڭا بىر ئالتۇن زەنجىر، بىر «تىتونى»
قول سائىتى بەرگەنلىكىنىڭ يۈز خاتىرىسىنى

قىلالمايلا، ئۇنىڭ ئاشۇ كاپىتالىستلار
سوۋغا قىلغان 30 دىيۇملۇق رەڭلىك
تېلېۋىزور، سىنئالغۇ، سائەت، ئالتۇن
زىننەت بۇيۇملىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى،
ئۇنىڭ بەدىلىگە ئاشۇ كاپىتالىستلاردىن
ئون كىشىنى «يىپەك يولىنى تەكشۈرۈش،
ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۆمىكى» دېگەن
نام بىلەن تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ھۆكۈ-
مەت پۇلى بىلەن كۈتۈپ، ھۆكۈمەت پۇلى
ھېسابىغا كەم دېگەندە ئاشۇ ئەللەرگە ئە-
چىقسا 100 مىڭ يۈەنگە يارايدىغان ھۈ-
نەر-سەنئەت بۇيۇملىرىنى سوۋغا قىلىپ
يولغا سالغانلىقىنىمۇ ئېچىۋېتىمەن. شۇنىڭ
بىلەن ئۇمۇ كۆرگۈلۈكنى كۆردۇ، تېخى.
ئالىمادىس D ۋالىينىڭ تاپقان ۋەجى-
قارىنى ئېسىپ، قىلغان ئەيش-ئىشرەت،
كەيپ — ساپالىرى بىلەن خۇدىنى يوقىتىپ
مېنىڭ پاچىقىمنى غاجاپ سالسا، ئۇنىڭمۇ
مېنىڭ ئالدىمدا تىلى تۇتۇلىدىغان
يەرلىرى ئاز ئەمەس. كۆرۈنۈشتە تېخى
كىشىگە ھەممىدىن پاكىتەك كۆرۈنىدىغان بۇ
جەمغۇرنىڭمۇ خېلى ئىشلىرىنى بىلىپ
قالدىم. ئۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان دېھ-
قانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق ئىش-
لىرىدا ئوەۇدىنىڭكىنى ئەمەس، ئۆزىنىڭكىنى
ئوبدان راۋاجلاندۇرۇپتۇ. مەن تاغلارنى،
باغلارنى ئارىلاپ كېلىشنى ياخشى كۆرد-
مەن، ئۇ يەرلەردە مېنى بىلىدىغانلار كۆپ،
D نىڭ ئىشىنىمۇ شۇ يەردىكى كىشىلەر
ماڭا ئىشىنىپ دەپ قويدى. ئاللا كارامەت،
بولۇم-لۆمەمۇ بوش ئەمەسكەن، بىزمۇ
ئۆزىمىزنى پۇختا دەپ يۈرۈپتۇق، دەۋەت-
تىم ئىچىمدە، ئۇ W ناھىيىسى بىلەن
× ناھىيىسىگە يايلاق بۆلۈپ بېرىش پۇر-
سىتى بىلەن، W تەرەپكە يان بېسىپ
1000 مو يايلاقنى كۆپ ئايرىپ بېرىپتۇ-
دە، ئۇنىڭ بەدىلىگە 200 قوينى ئۆزىنىڭ
«تەجرىبە ئېتىزى» قىلىپ بېقىپ بېرىشكە
ھاۋالە قىلىپتۇ، بۇ قويلار شۇ يايلاقتىن
بەھرىمەن بولىدىغان يېزا-كەنت-
لەرنىڭ ئوپچە ۋە شەخسىي قوي پادى-
لىرىدىن ھەشقاللا سوۋغىسى ھېسابىدا ئايرى-
لىپتۇ. ئۇ قويلارغا ھازىر ئۆزىنىڭ يېزىدىن
ئاپارغان ئىككى تۇغقىنى قارايدىكەن، بۇ
بەش يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش بولۇپ، بۇ
قويلار ھازىر كۆپىيىپ 670 كە يېتىپتۇ.
كالىسى 12، قوتىزى ئون بولۇپتۇ.
بەش يىلنىڭ ماباينىدە شەھەرگە ئەكەل-
دۈرۈپ يەۋەتكىنى ۋە سېتىۋەتكىنى بۇنىڭ
سىرتىدا، بۇ بىر ھېساب؛ تاغلاردىن بىكارغا
ياكى ئەرزان باھادا ئەكەلدۈرۈپ ئەيلە-
تىپ، شېنجېندىكى ئىنىسىنىڭ خۇرۇم شىر-
كىتىگە ئەۋەتىپ بەرگەن شاۋرۇنىڭ ئۆزى
1000 پارچىدىن ئاشىدۇ. ئۇ بەك پۇختا
ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆيىدىكى ئالىي ئېلېكتر
سايمانلىرىنىڭ ھەممىسى شۇ تەرەپتىن
كەلدى. مەن تېخى ئۇنىڭ ئىنىسى بەك
بېيىپ كەتكەن بولسا ياردەم قىل-
غاندۇ دەپتىكەنمەن، ئەمدى بىلسەك ئۇ
نەرسىلەر بۇ تەرەپتىن بىكارغا ئەۋەتىلگەن
نەرسىلەرنىڭ ھېسابىغا كەلگەنىكەن، ئۇ
يەرلەردە قانچىلىك پۇلى بانكىدا تېخى؟
بۇنى ھازىرچە بىلىپ بولالمىدۇق. شەھەر
ئەتراپىدىكى بىر يېزىدا 50 مو سەيلى-
كى بولۇپ،ئۇ يەرلەرنى ئۇنىڭ ئاققۇن يۇرت-
لۇقلىرى تېرىپ، يىل بويى ئۇنىڭ ئائى-
لىسىنى سەي-كۆكتات بىلەن تەمىنلەپ
تۇرغانىنىڭ سىرتىدا، كىرىمنىڭ خېلى بىر
قىسمىنى D غا كىرگۈزۈپ بېرىدىكەن،
چۈنكى ئۇ يەرلەر D نىڭ تەستىقى بىلەن
ئالۋان-سېلىقسىز قىلىۋېتىلگەنىكەن،
ئىش چىڭغا چىقسا بۇنىڭ ھېسابىنىمۇ ئې-
نىقلاپ چىقىمىز تېخى. D نىڭ ئۇ يەرگە
ئاۋۋال يېزا نوپۇسى قىلىپ ئەكىلىپ،
كېيىن شەھەر نوپۇسىغا ئالغان كىشىلىرى

ئىچىدە چىرايلىق قىزلاردىن ئۈچ - تۆتى بار، بۇ قىزلار ھەپتىسىگە بىر - ئىككى قې-تىمدىن بۇ «باشپاناھ» نى ئۆز ھوجرى-لىرىدا كۈتىدۇ، بۇمۇ كىچىك ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە. يەنە E، F لارنىڭ ئىشلىرىمۇ بار. گەپنىڭ تېشىلمىگىنى ياخشى، تېشى-لىپلا قالىدىكەن، ھېچقايسىمىز ساق قال-مايمىز. خۇدايا، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغاي-سەن بىزنى.

مانا بۇلار A ۋالىينىڭ بىر كېچە-كۈندۈزدە ئويلاپ يەتكەنلىرى ئىدى. ئۇ يەنە ناۋادا گەپ تېشىلىپ قالسا، كىملەر-نىڭ ئۆزىگە ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئېھتىمالى بارلىقىنى، كىملەرنىڭ ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلىشى مۇمكىنلىكىنى، يۇقىرىدا كىملەرنىڭ ئۆزىگە باشپاناھ بولۇپ، ئۆزىنى قوغ-داپ قېلىشقا تىرىشىدىغانلىقى ۋە ئۆزى-دىن باشقا B، C، D لارغا كىمنىڭ قانداق پوزىتسىيىدە بولىدىغانلىقى قاتارلىقلار ئۈستىدىمۇ بىر قۇر تەھلىل يۈرگۈ-زۈپ، كاللىسى قاپاق بولۇپ كەتتى. ئوھوي، نېمانداق مۇرەككەپ جەمئىيەت، نېمانداق مۇرەككەپ مۇناسىۋەت بۇ، دەۋەتتى ئۇ.

A ۋالىينىڭ قەلب ئېكرانىدىن ھەر خىل پىكىرلەر ۋە كۆرۈنۈشلەر كىرەلىشىپ ئۆتكىلى تۇردى: بۇ شامال بوش يەردىن چىقمىدى، شامالنىڭ ۋەھىمىسى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ، يۇقىرىدىمۇ بىر - ئىككىسىگە جازا بېرىلدى. ئۇلارنىڭ ئاشكارا بولغان ئىشلىرى بىزنىڭ ئىشلارغا سېلىشتۇرغاندا كىچىككىلا ئىشلار ئىكەن، ھەي شەرمسارلىق، ھەي نومۇس، بىر ھېسابتا ئادەم ئەمەلدار بولمىسىمۇ ياخشىكەن، غەم - ئەندىشىسىز خاتىرجەم تۇرمۇش نېمىدېگەن بەخت-ھە؟ بەخت؟ ھازىرقىنىڭ تەتۈرىسىچە ئەگەر سەن يۇقىرى بولساڭ، ئەمەلدارلارغا يېلىنىپ، يالۋۇرۇپ غۇربەتچىلىكتە ئۆتسەڭ بەخت بولامتى؟ ياق، ئۆمۈر دېگەن شۇنچە-چىلىك نېمىغۇ، 50 — 60 يىللىق ئۆمۈر-نىڭ بەش-ئون يىلىنى بولسىمۇ ھازىرقى-دەك كىشىلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمەت نەزىرى-دە، راھەت - پاراغەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋې-لىپ، ئاندىن نېمە بولسامۇ مەيلى ئەمەس-مۇ؟ جان كۈندە چېچەكلەمتى؟ كىشى ئۆلۈپمۇ كېتىدىغۇ ئاخىر؟ بوپتۇ، شەر-مەندە قىلىشسا، قىلىشار، كۆرگەن راھەت-پاراغەتلىرىمدىن ئارزۇ - ئارمانلىرىمغا يەتتىمغۇ!

ھەي - ھەي، مەن شەرمەندە بولۇپ پەگاغا چۈشۈپ قېلىپ، باشقىلار ساق قېلىپ تۆرنىڭ ئىگىسى بولۇشى، ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن بىز كۆرگەن مەئىشەتلەرنى كۆرۈشى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرىدۇ - دە. بۈگۈنكى ۋالىينىڭ ئەتىكى پالانى ئاخۇن، پوستا-نى ئاخۇنغا ئايلىنىشى كىشىگە تېخىمۇ ئەلەم قىلىدۇ، تېخى! ھەي تەڭسىز زامان، ھەي تەڭسىز زامان!

بۇنداق خىياللارنىڭ ھېچبىر چېكى-گە يەتكىلى بولمايتتى. تاماكىنى چېكىۋې-رىپ كاللىسى قاپاقلىشىپ كەتتى. ئاخىرى ئۇ ئورنىدىن دەلدەڭشىپ تۇرۇپ، ئىشكاپ-تىكى ھاراقتىن بىر رومكىغا توشتۇرۇپ قۇيدى - دە، ئۇنى نەچچە مىڭ كىشىلەر-نىڭ ھاجەتمەن كۆزلىرىنى تەلمۈرتكەن، نەچچىلىگەن چىرايلىق قىز - چو-كانلارنىڭ لەۋلىرىدىن لەززەت ئالغان ئاغ-زىغا ئاپىرىپ غورتۇلدىتىپ ئىچكىلى تۇر-دى، شۇ ئەسنادا ئايالى ئىشىكنى ئېچىپ كىردى - دە، بۇ ھالنى كۆرۈپ «ۋاي توۋا! ما ئادەمنىڭ نېمە قىلىقى بۇ!» دەپ چۇقان

ىسالدى. A ۋالىينىڭ خوتۇنىغا قاتتىق
ئاچچىقى كەلدى. ماڭ چىق! دەۋەتتى
ئۇ غەزەپ بىلەن. «ساراڭ بوپتۇمۇ بۇ»
دېدى ئايالى چىقىپ كېتىۋېتىپ. ھاراق
ئۇنى بىرئاز خامۇش قىلغان بولسىمۇ، لې-
كىن ئۇنىڭ دەككە - دۈككىسى تېخىمۇ
ئاشتى. ئۇ بىردەم سەگگىلى سىرتقا چىق-
تى. تۈن نىسپى بولغانىدى، قوشنىلار-
نىڭ دېرىزىلىرىگە قارىدى، باشقا ۋالىيلار-
نىڭ چىراغلىرىمۇ يېنىق ئىدى، ئىش ئې-
نىق ئىدى. غەم - ئەندىشە ئۇنىڭ يۈرىكىنى
قۇرت غاجىلىغاندەك غاجىلايتتى. كېچىچە
كۆزىگە تۈزۈككىنە ئۇيقۇ كىرمىدى. ئەتى-
سى قاپاقلىرى ئىششىپ قوپتى...

دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى باش-
لاندى. ئۇ سەپالدىكى، يىغىنغا كەلگەن
بىر نەچچەيلەننىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش قاپى-
قى ئىششىپ كەتكەن، كۆزلىرىنىڭ ئېقى
قىزىرىپ كەتكەن، ئۇلار بىر - بىرىگە ئانچە
چىراي ئاچماي سۈرلۈك قىياپەتتە لاپسى-
يىپ ئولتۇرۇشتى، ئادەتتە يىغىن ۋاقتىدا
بىر - بىرى بىلەن چېقىشىپ دېيىشىدىغان
چاقچاقلارمۇ يىتكەنىدى. بىرەر سائەت
سۈكۈت ئىچىدە ئۆتتى. كىمدۇر بىرى سۆز
باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارغىمۇ جان
كىردى. بۇ سۆزلەر بىر - بىرىگە تولىمۇ
ئوخشىشىپ كېتەتتى؛ ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك
بولۇشنىڭ مۇھىملىقى، زۆرۈرلۈكى، تەخىر-
سىزلىكى بۇ ھەقتىكى ئەمىر - پەرمان،
نىزاملارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنىڭ ئىنى-
تايىن توغرا بولغانلىقى، قەتئىي ئىزچىل
ئىجرا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ،دەل ۋاقتىدا
بولغانلىقى، قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىش-
نىڭ زۆرۈرلۈكى؛ بىر ئوچۇم پارىخور،
خىيانەتچىلەرنى ئىنقىلاپ چىقىپ جازاغا
تارتىشنىڭ مۇھىملىقى زۆرۈرلۈكى... كەڭ-
كۇشادە سۆزلەندى. شۇ ئارىدا كىمدۇر
بىرى: بىز ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى بېجىرىشتە
ئاساسىي قانۇنغا، پارتىيە ئىشلىرىنى بېجى-
رىشتە پارتىيە نىزامنامىسىگە ئەمەل قىلى-
مىز. مەن ئاساسىي قانۇننى ھەم پارتىيە
نىزامنامىسىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىقتىم،
بىراق ئۇنىڭ ھېچبىر ماددىسىدا «پاكلىق
قۇرۇلۇشى» دېگەن ئاتالغۇنى ئۇچراتمىدىم،
بۇ قانداق گەپكىن؟ — دەپ قويدى. شۇ-
نىڭ بىلەن يىغىن ئەھلى دەررۇ جانلىنىپ،
بۇ ھەقتە بىر ھازا مۇنازىرە قىلىشتى.
بەزىلەر «بۇ سۆز شياڭگاڭ مەمۇرىلىرىنىڭ
پاك ھاكىمىيەت مەھكىمىسى» دېگەن ئاتال-
غۇسىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن دېدى، يەنە
بەزىلەر بۇ ئاتالغۇ بۇرۇن ئۆتكەن ئۇلۇغ-
لارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرىمايدۇ، نۆۋەتتىكى
بۇ ھەرىكەتنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى نې-
مىكىن؟ دېدى. يەنە بەزىلەر بۇ ئاتالغۇ
مەملىكەتنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ
ئىجاد قىلىنغان، دېدى. ئىشقىلىپ ئاتال-
غۇلار ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسلار ئۈستىدە
مۇنازىرە كەسكىن بولدى، ھەممەيلەن كۆڭلىدە
يىغىننىڭ مۇشۇ كەيپىيات ئىچىدە داۋام-
لىشىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ناۋادا سىرتتىن
بىرەر چوڭ ئەرباب بۇ يىغىنغا كېلىپ قالسا،
بۇلارنىڭ يىغىندىكى قىزغىن كەيپىياتىغا
يۇقىرى باھا بەرمەي قالمايتتى.

بىرەيلەن دانالىق بىلەن:

— ئەڭ ياخشىسى، ۋىلايىتىمىز تەۋە-
سىدە پاك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى قانداق
كۆچەيتىش توغرىسىدا بىر بەلگىلىمە ياكى
قارار چىقارساق، ئۇنداقتا ئەمەل قىلىدى-
غان نىزام بولغان بولاتتى، — دېدى. بۇ
پىكىر دەرھال قوللاپ - قۇۋۋەتلەشكە ئېرىشتى

هەم كاتىپلارغا بۇ ھەقتە ھۆججەت تەييار-
لاش تاپىلاندى. كاتىپلار كېچىچە مېڭىسىنىڭ
قېتىقىنى چىقىرىپ باش قاتۇرۇپ، ئۇ كې-
زىتە بۇ ماتېرىيالدىن كۆچۈرۈپ، قۇراش-
تۇرۇپ، بىر لايىھەنى تەييارلىدى.

يىغىن ئەتىسى جانلىق كەيپىيات
ئىچىدە داۋاملاشتى. يىغىن ئىشتىراكچىلىرى
كاتىپلار تەييارلاپ چىققان لايىھەنىڭ
ماددىلىرىنى، سۆز - ئىبارىلىرىنى ئەستايى-
دىل قاراپ چىقىپ، مۇھىم تۈزىتىشلەرنى
كىرگۈزدى. مەسىلەن، مۇقەددىمە قىسمى-
دىكى ۋىلايىتىمىز رەھبەرلىرى مەخسۇس
يىغىن ئېچىپ، پاك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى
مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى، تولۇق مۇ-
زاكىرە قىلىش ئارقىلىق مۇنداق قارار قو-
بۇل قىلىندى، دېگەن جۈملىگە زور
پرىنسىپاللىق تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، مۇن-
داق ئۆزگەرتىلدى: «ۋىلايىتىمىز رەھبەر-
لىك بەنزىسىنىڭ بارلىق ئەزالىرى يۇقىرى
دەرىجىلىك پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرى-
قىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، يۇقىرىنىڭ
يوليورۇقلىرىنى، ئەمىر - پەرمانلىرىنى
قەتئىي تۈردە ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ۋى-
لايىتىمىزنىڭ پاك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى
يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە كۈچەيتىپ،
ھەر مىللەت خەلقىنى دادىل يېتەكلەپ
يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن
× × × × - يىل × - ئاينىڭ × - كۈ-
نىدىن × - كۈنىگىچە ۋالىي مەھكىمە مەج-
لىسخانىسىدا مەخسۇس يىغىن ئېچىپ،
پاك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئىل-
گىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىش، پارىخور،
خىيانەتچىلەرنى قاتتىق جازالاش مەسىلى-
سىنى يەنە بىر قېتىم مەخسۇس مۇھاكىمە
قىلدى. يىغىن بىردەك مۇنداق قارارىدى:
ۋىلايىتىمىزنىڭ ۋەزىيىتى پۈتۈن مەملىكەت-
نىڭكىگە ئوخشاش چوڭ ياخشى، ئەزەلدىن
ھازىرقىدەك ياخشى بولۇپ باقمىغان، پاك
ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى ۋەزىيىتىمۇ پۈتۈن
مەملىكەتنىڭكىگە ئوخشاش چوڭ ياخشى،
ئەزەلدىن ھازىرقىدەك ياخشى بولۇپ باق-
مىغان. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك
ۋىلايىتىمىز رەھبەرلىرىنىڭ خىزمىتىدىن
رازى. ئىشىنىمىزكى، ۋەزىيەت توغرىسىدى-
كى بۇ ئىلمىي يەكۈنگە ۋىلايىتىمىزدىكى
كەڭ ھەر مىللەت خەلقى پۈتۈنلەي قوشۇلىدۇ.
يىغىندا پاك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى مەسىلىسىنىڭ
ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى،
نەزەرىيىۋى ئاساسى، نۆۋەتتىكى چوڭقۇر
رېئال ئەھمىيىتى ۋە يىراق كەلگۈسى
ئەھمىيىتى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ
مۇھىملىقى، زۆرۈرلۈكى، كەسكىنلىكى ۋە
تەخىرسىزلىكى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قى-
لىندى. كۆپچىلىك تولۇپ تاشقان دېموك-
راتىك كەيپىيات ئىچىدە، پارتىيە ۋە خەلق
ئىشلىرىغا سادىق بولۇشتەك ئىنقىلابىي
قىزغىنلىقى بىلەن كەڭ - كۇشادە پىكىر
بايان قىلىپ، تولۇق غۇلغۇلا قىلىش ئار-
قىلىق تۆۋەندىكىچە قارار ماقۇللىدى. ۋى-
لايىتىمىز تەۋەسىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھ-
بەرلىكنىڭ قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىج-
را قىلىشىنى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئەس-
تايىدىل ئۆگىنىش قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.»

شۇنداق قىلىپ، بۇ قېتىمقى
ئەسلى نامى دېموكراتىك تۇرمۇش
يىغىنى ئاخىرىدا مۇھىم قارار ماقۇللاش
يىغىنى بولۇپ غەلىبىلىك تاماملاندى، يى-
غىن تۈگىگەندە A ۋالىي ئۆزىنى يېنىك
سەزدى، تۈنۈگۈنكى بىھۇدە خىياللىرىنى
ئېسىگە ئېلىپ، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئەمدى
بۈگۈن تازا بىر كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش بولىدى،
دەپ ئويلىدى ئۇ، دېمىسىمۇ بەزىمىز، نەز-
مىسىز كۈنلەر كىشىنى زېرىكتۈرىدۇ - دە...

مەسئۇل مۇھەررىر: ئالىمجان ئىسمائىل

قاھار جېلىل



# ئانا قەبرى ئالدىدا

(ھېكايە)

بۇ — مەرھۇم ئانامنىڭ قەبرىسى. ئۇنىڭ مەڭگۈلۈككە ھەرىكەتتىن توختىغان جىسمىنىڭ مۇشۇ بىر دۆۋە تۇپراق ئاستىغا كۆمۈلگىنىگە مانا ھەش - پەش دېگۈچە ئىككى يىلدىن ئاشتى.

بىز پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىمىز ھايات ۋاقتىدا كۆپىنچە ئۇلارنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تولۇق ھېس قىلالمايدىكەنمىز. ئوقۇش، خىزمەت ۋە باشقا تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىن تاشقىرى نادانلىق، بەڭباشلىق ۋە يەنە ئاللىقانداق ئارزۇ - ھەۋەسلەر بىزنى چىرمىۋېلىپ، پەرزەنتلىك بۇرچىمىزنى ئادا قىلغۇزمايدىكەن. بەزىلىرىمىز ئۆمرىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ ئەيىبىمىزنى تونۇمايلا تۇپراققا ئايلىنىپ كېتىدىكەنمىز، يەنە بەزىلىرىمىز ھايات ۋاقتىمىزدا ئۇنى چۈشىنىشكە ئۈلگۈرسەكمۇ، لېكىن ئۇ چاغدا ئاتا - ئانىمىز باقىي ئالەمگە كېتىپ قالغان بولىدىكەن. ھاياتلىقىدا ئاتا - ئانىسى ئۈچۈن كۆپرەك خىزمەت قىلغان بالىلارمۇ باردۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئۇلارمۇ پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى تولۇق ئادا قىلالىدىم دېيەلمىسە كېرەك.

مۇشۇ ئىككى يىلدىن بۇيان مەن بۇ توغرىلىق كۆپ ئويلىدىم. بىر پەرزەنت سۈپىتىدە ئۆتەشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلارنىڭ زىممەمدە قەرز قالغانلىقىنى چۈشەندىم.

كۆزۈڭنى يۇم، كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل.
— جالالىدىن رۇمى

تېخى تاڭ ئاتمىغان، ئەمما شەرق تەرەپ ئاقىرىپ كەلمەكتە. جىمجىت ۋە سۈرلۈك قەبرىستانلىق. مەن باراقسان بولۇپ ئۆسكەن بىر تۈپ يۇلغۇن تۈۋىدىكى قەبرە ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردۇم. ۋۇجۇدۇم سېغىنىش، پۇشايمان ۋە ھەسرەتتىن لەرزىگە كەلدى، كۆزلىرىم گويا بىر جۈپ بۇلاققا ئايلاندى.

بىراق ئەمدى ئۇنى ئادا قىلاي دېسەم ئانام بۇ ئالەمدە يوق، قانچە ئىزدىسەممۇ ئۇنى تاپالمايمەن. ماڭا قالغىنى پەقەت ئەسلىمىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالدى، خالاس.

بىز بىر دادا، بىر ئانىدىن تۆت ئوغۇل ئىدۇق، مەن كەنجىسى ئىدىم. دادام مەن ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى ۋاپات بولۇپ كەتكەنىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ ھەققىدە ھېچ نەرسىنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئەمما ئانام ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىمنىڭ چېكى يوق. مەن تىنولا چاغلاردا باشقا ئىشلارنىڭ ئەسلىمىلىرىمگە دەخلى يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن بىرەر خالىي يەردە ئولتۇرۇپ، كۆزلىرىمنى يۇممەن. شۇ ھامان ئالدىمدا مەرھۇم ئانامنىڭ شادلىق ۋە تەشۋىشلەر گىرەلىشىپ كەتكەن، ئەمما باشتىن - ئاياغ مېھرىبانلىق ئۇرغۇپ تۇرىدىغان نۇرانە چىرايى گەۋدىلىنىدۇ.

ھازىرمۇ شۇنداق بولىدى. قەبرە ئالدىدا كۆزلىرىمنى يۇمغان پېتى سۈكۈتكە چۆمدۇم، كۆڭلۈم شۇ ھامان ئەسلىمىلەر بىلەن قاناتلىنىپ، ئانامنىڭ خىيالىمدا نامايان بولغان نۇرلۇق سىماسى بىلەن سىرداشقا باشلىدىم.

* *

جېنىم ئانا، سىزنى ئەسلەشكە باشلىساملا نېمىشقىدۇر ھېلىقى ئايرىلىش مەزگىلى ئېسىمگە كېلىۋالىدۇ. ئېسىڭىزدىمۇ، شۇ چاغدا سىزنى ئۈرۈمچىگە بىز بىلەن بىللە كېتىشكە تەۋسىيە قىلدۇق. لېكىن سىز كۆنمىدىڭىز.

— باللىرىم، سىلەردىنمۇ ھۇددەس① ئايرىلغۇم يوق، — دېدىڭىز دەردلىك خورسىنىپ، كىرپىكلىرىڭىزگە مەرۋايىتتەك ياش تامچىلىرى قوندى، — لېكىن بۇ يەردە يەنە ئۈچ ئوغلۇم، ئونلىغان نەۋرە - چەۋرىلىرىم بار. ئۇلارنىڭ غەم - تەشۋىشى سىلەرنىڭكىدىن كۆپ. مەن شۇلار بىلەن قالاي. سىلەر پات - پات كېلىپ يوقلاپ تۇرارسىلەر.

شۇنداق، ئاكىلىرىمنىڭ غەم - تەشۋىشلىرى راستىنلا كۆپ ئىدى. ئۇ چاغ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى بولۇپ، خەلق كوممۇنىسىدىن ئىبارەت «جەننەتكە كىرىشنىڭ ئالتۇن كۆۋرۈكى» دېھقان بىچارىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مادارىنىمۇ تامام قۇرۇتۇپ بولاي دەپ قالغانىدى. مەن ۋە ئايالىم ھەر ئايدا 40 نەچچە سومدىن ئىش ھەققى ئېلىپ تۇرىدىغان «ئايلىقچى» لاردىن بولغىنىمىز ئۈچۈن تۇرمۇشىمىزنى ھەر ھالدا يامان دېگىلى بولمايتتى. شۇنىڭغا قارىماي سىز ئاكىلىرىمنىڭ يېنىدا قېلىشنى لايىق كۆردىڭىز. ماڭا ئوخشاش تۇرمۇش قولايلىقىنى، شەخسىي ئارزۇ ۋە ھەۋەسنى ئەمەس، ئانىلىق مەسئۇلىيىتىڭىزنى ئۆلچەم قىلدىڭىز. پات - پات ئويلاپ قالىمەن: مۇبادا دۇنيادا ئادەمزاتنى باپباراۋەر ھالەتتە كۆرسىتىدىغان بىرەر خىسلەتلىك ئەينەك بار دېيىلسە، ئۇ پەقەت ئاتا - ئانا قەلبىلا بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن پەرزەنتلىرىنىڭ شاھ ياكى گادايلىق، باي ياكى پېقىرلىق، مەنسەپدار ياكى پۇقرالىق پەرقى

① ھۇددەس — ھەرگىز، مۇتلەق، زادى. (ئاپتور)

يوق. ئەپسۇسكى، بىز پەرزەنتلەرچۇ؟ ئاتا-
ئانىلىرىنىڭ ھوقۇق ياكى بايلىقىدىن ماخ-
تىنىپ، ئاددىي پۇقرا ياكى پېقىرلىقىدىن
نومۇس قىلىدىغان باللار تۇرمۇشتا زادى
يوقمۇ؟!

كېيىنكى چاغلاردا ھەر قېتىم يۇرتقا
كەلگىنىمدە سىز چوڭقۇر خورسىنغان ھالدا
مۇنداق دەيتتىڭىز:

— بالام، مەن كۆڭۈلدىن - كۆڭۈلگە ئاجىز-
لاپ كېتىۋاتىمەن. ئارىلىقىمىز بەك يىراق
بولۇپ قالدى. «جان بار يەردە قازا بار»
دەپتىكەن، مۇبادا ياراتقان ئىگەم ئۇشتۇم-
تۇت ئامانەتنى تاپشۇر دەپ قالسا، يۈز
كۆرۈشەلمەي قالارمىزمىكىن، دەپ بەك
ئەنسىرەيمەن.

بۇ كەملەردە سىز 90 ياشقا ئۇلى-
شىپ قالغانىدىڭىز. مۇنچىلىك ئۆمۈرنىڭ
ناھايىتى كەمدىن - كەم كىشىلەرگىلا مەن-
سۇپ بولىدىغانلىقى، شۇڭا ئەندىشىلىرىڭىز-
نىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكى ماڭا بەش قول-
دەك ئايان ئىدى. شۇنداقتىمۇ مەن ھەمىشە
مۇنداق تەسەللى بېرەتتىم: — ئانا، كۆڭ-
لىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. خۇدايىم سىزنى
يەنە كۆپ يىللار ياشاشقا نېسىپ قىلار.
ئاندىن قالسا، ئۈرۈمچى بىلەن بۇ يۇرتنىڭ
ئارىسى ئايروپىلاندا ناھايىتى ئىككى - ئۈچ
سائەتلىكلا يول. ئاغرىپ - تارتىپ قالسى-
ڭىز، تۇغقانلار ماڭا تېلېفون بېرىدۇ. مەن
ھايال شمايلا ئالدىڭىزدا ھازىر بولىمەن.

— ئۈلگۈرەلەرسىزمىكىن، — دەيتتىڭىز
مەيۈسلەنگەن ھالدا.

ئىككىمىزنىڭ ئاخىرقى قېتىم دىدار-
لىشالمايدىغانلىقىمىزنى كۆڭلىڭىز بۇرۇنلا
تۇيغانىكەن. مەن بولسام قانداقتۇر
ئايروپىلان ۋە تېلېفونلار توغرىسىدا گەپ
سېتىپ سىزنى ئالداپ قويۇپتىمەن. بىچارە
ئانا، سەكراتقا چۈشكەن ۋاقتىڭىزدا ماڭا
قانچىلىك تارتىشقانسىز - ھە! ئىككى يىل-
دىن بۇيان مېنى ئىزچىل قىيناپ كېلى-
ۋاتقان ھەسرەتلىرىمنىڭ بىرى مۇشۇ ئىش.
چۈنكى، شۇ چاغدا سىزنىڭ ئاغرىپ قال-
غانلىقىڭىز ھەققىدە تېلېفون ئالغانىدىم.
بىراق شۇ كۈنلا يولغا چىقالمىدىم. ئاي-
روپىلان بېلىتىغۇ ئىككى - ئۈچ سائەتكە
قالماي قولۇمغا تەگدى. بىراق ئۇ ئەتىسى
ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ بېلىتى ئىدى. مەن
قانچە تەقەززا بولغىنىم بىلەن 2000 كىلومېتىر-
دىن ئاشىدىغان مۇساپىنى قانات چىقىرىپ
ئۇچۇپ ئۆتەلمەيتتىم. ئەتىسى چۈشتىن
كېيىن كىندىك قېنىم تۆككەن مەھەللى-
مىزگە يېتىپ بارغىنىمدا مېنى سىز ئەمەس،
ھازىدار تۇغقانلىرىم كۈتۈۋالدى. مەن يۈز
بەرگەن ھادىسىگە ئىشىنىشنى خالىماي
ئاكىلىرىمغا ئېسىلىپ:

— ئانام قېنى؟ ماڭا ئانامنى كۆرسى-
تىڭلار! — دەپ پەرياد چەكتىم.

لېكىن بۇ چاغدا سىزنىڭ مۇبارەك
تېنىڭىز ئاللىقاچان تۇپراق ئاستىغا كىرىپ
بولغانىكەن. مېنىڭ پەريادلىرىمنى ئېھتىمال
سىزنىڭ كۆكتە پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن
روھىڭىز ئاڭلىسا ئاڭلىغاندۇر، بىراق ئۇ
ماڭا ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى.

ئانا، ئېسىڭىزدىمۇ؟ بۇرۇن ھەر قېتىم
سىزنى يوقلاپ يۇرتقا بارغان چېغىمدا
يېزىدىكى چوڭ ئۆيىمىزگە ئادەتتە ھەر
قېتىم كەچكە يېقىن يېتىپ باراتتىم. سىز
ئالدىنئالا خەۋەر تاپقاچقا ھەمىشە دەر-
ۋازا ئالدىغا چىقىپ، ھاسىڭىزغا تايانغان
ھالدا يولۇمغا قاراپ تۇراتتىڭىز، ئاندىن
مېنى كۆز يېشى قىلىپ كۈتۈۋالاتتىڭىز،

ئۇرۇق قوللىرىڭىز بىلەن قۇچاقلاپ ئىس-
سىق باغرىڭىزغا باساتتىڭىز. بۇ چاغدا مەن
بۇ مېھرىبان كۆكرەكتىن 40 نەچچە يىل
بۇرۇنقى ئوغۇز سۈتىنىڭ تولمۇ مەززىلىك
پۇرىقىنى ھىدلىغاندەك بولاتتىم. ئارقىدىن
قوللىرىڭىز دەم بېشىمنى، دەم يۈزۈمنى،
دەم مۈرىلىرىمنى سىيلايتتى.

— جان بالام، جىگەر پارەم بالام! —
دەيتتىڭىز تىترەك ئاۋازدا، — ئەجەبمۇ
سېغىندۇردىڭىز مېنى...

ۋۇجۇدۇم لەرزىگە كېلەتتى.

— جېنىم ئانا، خىزمىتىڭىزنى قىلال-
مىدىم، ۋاپاسىز ئوغلىڭىزنى... — دەپ
گەپ باشلايتتىم كۆز چاناقلىرىم ياشقا
تولۇپ.

— ئۇنداق دېمەڭ بالام! — ئالدىراپ
سۆزۈمنى بۆلەتتىڭىز، — مەن سىزدىن رازى،
مىڭ مەررە رازى، ئىككىلا ئالەمدە رازى.

شۇندىن كېيىن ئاكىلىرىمنىڭ ئارى-
لىشىشى بىلەن مېنى باغرىڭىزدىن ئاستا بوشى-
تاتتىڭىز. كۆز ياشلىرىڭىز تامام توختىمىغان
بولسىمۇ، چىرايىڭىزنى يېقىملىق تەبەس-
سۇم ئىگىلەيتتى. مېنى يېنىڭىزدا ئولتۇر-
غۇزۇۋېلىپ، گاھ كېلىنىڭىز ۋە نەۋرىلىرى-
رىڭىز ھەققىدە، گاھ مېنىڭ سالامەتلىكىم،
تۇرمۇشۇم توغرىسىدا قايتا - قايتا سورايت-
تىڭىز. مەنمۇ تەكرار جاۋاب بېرىشتىن
ئېرىنمەيتتىم. ئانا - بالا ئىككىمىزنىڭ بۇ
تەرىقىدە كۆرۈشۈشىمىزگە نەۋرە كۆرگەن
ئاكىلىرىم ۋە يەڭگىلىرىم كۆزلىرى ياشلانغان
ھالدا چەكسىز تەسىرلىنىش ۋە زوقلىنىش
ئىلكىدە قارىشىپ تۇراتتى.

كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە سالا-
مەتلىكىم جىددىي ھالدا يامانلىشىپ، تولا
چاغلاردا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم.
دوختۇرلار يىراقىراق يەرلەرگە سەپەر
قىلىشىمنى چەكلەپ قويدى. شۇڭا يىلدا
بىر قېتىم يۇرتقا بېرىپ سىزنى يوقلاش
مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلالمىدىم. سىز
ئىلگىرى ئەۋەتكەن خەتلىرىڭىزدە ئۆز ئەھ-
ۋالىڭىزنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، مەن
بىلەن تېززەك دىدارلاشقۇڭىز بارلىقىنى
تەكرار ئىزھار قىلاتتىڭىز. لېكىن ئەمدىكى
خەتلىرىڭىزدە: «مەندىن ئەندىشە قىلماڭلار،
خۇدايىمنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئوبدان
تۇرۇۋاتىمەن» دەپ قويۇپلا، ئاندىن نېمە-
لەرگە دىققەت قىلىشىمنى قايتا - قايتا
جېكىلەيدىغان بولدىڭىز. ئېھتىمال، سېغى-
نىشلىرىڭىزنى زادى باسالمىغان بولسىڭىز
كېرەك، بىر قېتىملىق خېتىڭىزدا: «سىزنى
شۇنداق كۆرگۈم كەلدى بالام، لېكىن
كەل دەپ زورلىيالمايمەن، ياراتقان ئىگەم
بىر كۈنلىرى دىدارىمىزغا قاندۇرار» دەپ
يېزىپتىكەنسىز، ئۇنى ئوقۇۋېتىپ كۆز ياش-
لىرىمنى توختىتالماي قالدىم. سىز بىچا-
رىنىڭ پەرزەنت ئىشقىدا ئوت - كاۋاپ
بولۇپ يېنىۋاتقانلىقىڭىز، ئەمما مېنىڭ
ئامانلىقىم ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى زورغا بېسىپ
تۇرۇۋاتقانلىقىڭىز كۆز ئالدىمدىن نېرى
كەتمىدى. مەن ئۈچۈن بەكرەك ھاياجان-
لىنىش زىيانلىق ئىدى. بىر دەمدىن كېيىن
مىجەزىم ئۆزگىرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ
قالدىم. ئايالىم بىلەن باللىرىم پايپېتەك
بولۇپ كېتىشتى. ئەتىسى كەچتە سىزنىڭ
يەنە بىر پارچە خېتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدىم.
خېتىڭىزنىڭ بېشىدىلا ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەپ:
«بالام، مەن ئەقىلسىزنى ئەپۇ قىلىڭ،
ئۇنۇڭۇنكى خېتىمدە سىزنى بىئارام قىلى-
دىغان گەپلەرنى يېزىپتىمەن. كېچىچە كۆپ
پۇشايمان قىلدىم. مەن ئۈچۈن ھەممىدىن

ئەۋزىلى سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز. مەندىن غەم قىلماڭ. كۆرىمەن دەپ كېلىشكە ئۇرۇنماڭ، كۆڭلىڭىزنى توق ۋە خۇشال تۇتۇپ، ئوبدان داۋالىنىڭ. سىز تېخى ياش، جەزمەن ساقىيىپ كېتىسىز، قاچان دوختۇر رۇخسەت قىلسا شۇ چاغدا كېلەر-سىز» دېگەنلەرنى يېزىپسىز.

ئاھ، ئانا قەلبى، سەن راستىنلا مېھرىبانلىق ئوكيانى ئىكەنسەن. ياق، ئوكيانمۇ چېكى بولىدۇ، لېكىن سەن چەك-سىز بىپايان، ھەتتا كائىناتمۇ سېنىڭ ئالدىڭدا تارلىق قىلىدۇ!

سىزنىڭ بۇ خېتىڭىز يەنە بىر قېتىم كۆزلىرىمنى ياشلىدى. لېكىن بۇ ياشلار ۋۇجۇدۇمدىكى كېسەللىك ئىللەتلىرىنى ئېقىتىپ كەتكەندەك بىردىنلا يەڭگىللەپ قالدىم.

ئاكىلىرىمنىڭ ئېيتىشىچە، سىزنىڭ ۋاپاتىڭىز بەكمۇ ئۇشتۇمتۇت ۋە تېز ۋاقىت ئىچىدە يۈز بېرىپتۇ. شۇ كۈنى شەھەردە خىزمەت قىلىدىغان ئىككى جىيە-نىم خوتۇن - بالىلىرىنى ئېلىپ سىزنى يوق-لاپ كېلىشكەنىكەن.

— بالىلىرىم، سىلەرنىڭ بىر داستى-خان ئەتراپىدا جەم بولغانلىقىڭلاردىن بېشىم ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولىدى، — دەپسىز بىر چاغدا كۆز يېشى قىلىپ، — لېكىن ئىككى ئوغلۇم بىلەن ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرىنى ئويلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولىدى.

تۇغقانلار مەرھۇم ئىككىنچى ئاكامنى ئەسلىشىپ خېلىغىچە سۈكۈتكە چۆمۈپتۇ، ئاياللار سىزگە قوشۇلۇپ كۆز يېشى قىلى-شىپتۇ. نېمىشقىدۇر، ئۇ كۈنى سىزنىڭ كەيپىياتىڭىز قاللىقانداق مەيۈس، دۈگلۈق بولۇپ قالغانىكەن.

— بالىلىرىم، — دەپسىز يەنە بىر دەمدىن كېيىن، — ئىككى ئىنىم بىلەن بىر ئوغلۇم مەندىن بۇرۇن بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. ياراتقان ئىگەم ماڭا مۇشۇنچە-لىك ئۆمۈر بېرىپتۇ. بۇنىڭغا مىڭ مەررە شۈكۈر قىلىمەن. ئەزرائىل ئالدىمغا ئەتە كېلەمدۇ، ئۆگۈنمۇ؟ بۇ — بىر خۇدانىڭ ئىلكىدىكى ئىش...

— ئانا، مۇنداق دېمەڭ، خۇدايىم ئۆمرىڭىزنى بېرەر، — سۆزىڭىزنى بۆلۈپتۇ چوڭ ئاكام.

كىچىك ئاكاممۇ ئۇنىڭغا ئۇلاپلا:

— ئانا، تېنىڭىز ساق، يەنە ئۇزاق يىللار ياشايسىز تېخى، — دەپتۇ.

كېلىنلىرىڭىز بىلەن نەۋرىلىرىڭىزمۇ ھەر خىل سۆزلەر بىلەن كۆڭلىڭىزنى ياساشقا تىرىشىپتۇ.

— رەھمەت بالىلىرىم، — دەپسىز چوڭ-قۇر تەسىرلەنگەن ھالدا، — بۇرۇن قىز بالام يوق، قېرىغاندا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالسام قانداق قىلارمەن؟ دەپ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولاتتى. بىكار ئەندىشە قىپ-تىكەنمەن. سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار مەن ئارزۇ قىلغاندىنمۇ ئارتۇق خىزمىتىمنى قىلى-دىڭلار. خۇدايىم ماڭا ۋاپادار ئوغۇللىرىنىلا ئەمەس، يەنە ئىنسابلىق، كۆيۈمچان كېلىنى-لىرىنىمۇ بېرىپتىكەن. بۇ دۇنيادا ئارزۇ - ئارمانىمغا يەتتىم. بالىلىرىم، مەن ھەممىڭلار-دىن مىڭ مەررە رازى!

كېيىنكى چاغلاردا سىز مۇشۇ ماۋ-زۇدا پات - پات سۆزلەپ تۇرىدىكەنسىز. شۇڭا تۇغقانلار بۇ قېتىممۇ باشقىچە ئوي-لاردا بولماي، بۇرۇنقىدەكلا كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىشىپتۇ:

— ئانا، ھەر قانچە قىلساقمۇ پەر-

زەنتلىك قەرزىمىزنى ئادا قىلىپ بولالمايمىز.

— ئانا رازى، خۇدا رازى دەپتىكەن.

— بىزمۇ ئۆز قىزلىرى.

— سىلە بىزگە ئۆز ئانىمىزدىنمۇ كۆپرەك ياخشىلىق قىلدىلا...

تۇغقانلار ناھايىتى كەچ تارقىشىپ، ئۆيدە سىز ۋە سىزگە ھەمراھ بولۇپ ياتىدىغان كىچىك يەڭگەملا قاپسىلەر. يەڭگەم ئاۋۋال ئورنىڭىزنى يېڭىباشتىن راسلاپ سېلىپ، سىزنى ياتقۇزۇپتۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئورنىنى سېلىپ چىراغنى ئۆچۈرمەكچى بولغانىكەن، سىز بىردىنلا:

— قىزىم، توختاڭ، بىر قىسما بولۇۋاتىمەن، مېنى يۆلىگا، — دەپ قاپسىز.

يەڭگەمنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ، دەرھال يېنىڭىزغا بېرىپتۇ-دە، ئارقا تەرىپىڭىزگە ئۆتۈپ، سىزنى يۆلەپ، قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ كىچىك ئاكام كىرىپتۇ. ئۇ بۇ ئۆينىڭ چىرىغى تېخىچە ئۆچمىگەنلىكىنى كۆرۈپ نېمىدىندۇر ئەنسىرەپ كىرگەنىكەن.

— ھوي، نېمە ئىش بولدى؟ — ھەيرانلىق ۋە ئەنسىرەش ئىلكىدە سوراپتۇ ئۇ، — ئانا، بىئارام بولۇۋاتامسىز؟

— بالام، ئوبدان كىردىڭىز، — دەپسىز تولىمۇ پەس ئاۋازدا، — مېڭىڭ، ئاكىڭىز بىلەن يەڭگىڭىزنى چاقىرىپ كىرىڭ، چوڭ نەۋرىلىرىمنىمۇ كىرسۇن.

ئىككى ئوغۇل، ئىككى نەۋرە ۋە تۆت كېلىن يېنىڭىزدا جەم بولغاندىن كېيىن مۇنداق دەپسىز:

— باللىرىم، ئامانەتنى تاپشۇرىدىغان ۋاقىت ئاخىرى يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆڭلۇم تۇيدى. كىچىك ئوغلۇمنى بەكمۇ كۆرگۈم بار ئىدى، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرانە خوشلىشالمايدىغان ئوخشايمەن. تەقدىر-قىسمەت شۇنداق بولسا نېمە دېگۈلۈك. ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، مەن ئۇ بالامدىنمۇ، كىچىك كېلىنىمدىنمۇ مىڭ مەرتىۋە رازى. ئىلاھىم، ئۇلارمۇ بالا-چاقىلىرىنىڭ راھىتىنى كۆرەر... — سىز ئارتۇقچە سۆزلەشتىن قىينالغاندەك بىر پەس جىم بولۇپ قېلىپ، يەنە سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇپسىز، — سىلەرگە باشقا سۆزۈم يوق. لېكىن ماۋۇ ئىشلار ئېسىڭلاردا بولسۇن: نەپىسىم توختىغاندىن كېيىن دەرھال يىغلاپ ھازا ئاچماي، ئېڭىكىمنى تېڭىپ قويۇپ، ئاۋۋال بىر تەرەپتىن ھويلا ۋە ئۆيلەرنى سىرىپ-سۈپۈرۈپ، كىگىز-كېچەك سېلىپ، نەرسە-كېرەكلەرنى بېسىقتۇرۇپ تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار، نامىزىمغا ناھايىتى كۆپ ئادەملەر كېلىدۇ، سىغماي قالمىسۇن. يەنە بىر تەرەپتىن، يىراق-يېقىندىكى ئۇرۇق-تۇغقان، تونۇش-بىلىشلەرنىڭ جىمىسىگە خەۋەرچى ئەۋەتىڭلار. مۇشۇ ئىشلارنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، ئاندىن ھازا ئاچساڭلار بولىدۇ. بولمىسا يۇقىرىدا تاپىلىغانلىرىم چالا قالىدۇ...

ئاھ، بۇ نېمىدېگەن ۋەھىمىلىك سۆزلەر! ئاكىلىرىم، جىيەنلىرىم ۋە يەڭگىلىرىم نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي ۋە چىدىيالماي يىغلاشقانىكەن، سىز:

— باللىرىم، باياتىنقى گەپلەرنى كىمگە قىلدىم؟ ھېلىتىنلا يىغىنى باشلىدىڭلار-يا؟ — دەپ نارازى بولۇپسىز ۋە ئەسلى كېيىنكىزنى توختىتىۋېلىشقا ئالدىراپسىز، — ناۋادا كىچىك ئوغلۇمغا خەۋەر بەرمەكچى بولساڭلار، مېنى ۋاپات بولدى

دېمەي، ئاغزىپ قالدى دەڭلار. ئۇ بالامنىڭ كېسىلى بار، ئېغىر خەۋەرنى كۆتۈرەلمەي قالدۇ.

ئاھ، مېھرىبان ئانا، سىز يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىنكى مەزگىللەر ئۈچۈنمۇ مېنىڭ غېمىمنى يەپسىز، سەكرات ئىلكىدە تۇرۇپ مېنىڭ ئامانلىقىمنى ئويلاپسىز!

تۇغقانلار سىزنىڭ تاپىلىغانلىرىڭىزنى تەلتۆكۈس بەجا كەلتۈرۈشكە ۋەدە بېرىشىپتۇ، كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي ئۈنسىز يىغلىشىپتۇ. سىز گويا ئۇلارنىڭ ياشلىرىنى كۆرمەي دېگەندەك بېشىڭىزنى كېلىنىڭىزنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ كۆزلىرىڭىزنى يۇمۇپسىز. بۇ ھالەت بىرنەچچە مىنۇت داۋاملىشىپتۇ. شۇڭغىچە سىز بىر تەكشى نەپەس ئېلىپ تۇرغانىكەنسىز، بىر چاغدا بۇرنىڭىزنىڭ ئەتراپى ۋە لەۋلىرىڭىز سارغايغاندەك بولۇپتۇ-دە، بېشىڭىز بىردىنلا بىر تەرەپكە لەپپىدە قىيشىيىپتۇ. قورسىقىڭىز ئۈستىدە تۇرغان ئوڭ قولىڭىز پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپتۇ. لېكىن چىرايىڭىزدا قىلچىمۇ قىينالغانلىق، پۇت-قولىڭىزدا ئازراقمۇ تارتىشقانلىق ياكى تىترىگەنلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلمەپتۇ. بەئەينى شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندەكلا جىمجىت ھالدا نەپەس ئۈزۈپسىز.

بۇ خەۋەر سىزنىڭ مۇنۇ گەپلىرىڭىزنى ئېسىمگە كەلتۈردى:

— بالام، ئۆلۈم دېگەن بەك قورقۇنچلۇق ئىشمىش، — دەيتتىڭىز بەزىدە، — شېرىن جان بەدەندىن ئاجرايدىغان چاغدا ئادەم بەك قىينىلارمىش، جىمى ئەزالىرى بىر-بىردىن ئاجرارمىش. بولۇپمۇ گۇناھى كۆپ كىشىلەرنىڭ جېنى بەكمۇ تەستە چىقارمىش. مەن ھەمىشە ياراتقان ئىگەمدىن ماڭا ئوڭاي ئۆلۈم بېرىشىنى تىلەيمەن.

بىراۋغا، بولۇپمۇ ئۆز ئاناڭغا ئۇنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا قانداقمۇ بىرەر نەرسە دېگىلى بولسۇن! مەن قىسىلغان، تەڭلىكتە قالغان ھالدا گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋېتەتتىم. ئەمما ماڭا شۇنىسى ئېنىق ئىدىكى، مۇبادا بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈمىنىڭ قىيىن ياكى ئوڭاي بولۇشى — ئۇنىڭ گۇناھ ۋە ساۋابلىق ئىشلارنى قانچىلىك قىلغانلىقىغا باغلىق دېيىلىدىكەن، ئۇ ھالدا سىزنىڭ ئەڭ ئوڭاي، خۇددى شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندەك بىر خىل ھالەتتە ئۆمرىڭىزنى ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقىڭىزغا قىلچە گۇمان قىلمايتتىم. چۈنكى سىز بىر سەممىي، ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولۇپلا قالماي، بالا-چاقىلىرىڭىزغىلا ئەمەس، يات كىشىلەرگىمۇ قولىڭىزدىن كېلىشىچە مېھرىبانلىق كۆرسىتىدىغان بىر شەپقەتچى ئىدىڭىز؛ بىراۋنىڭ يىڭنە چاغلىق نەرسىسىگە كۆز قىرىڭىزنى سالماي ئۆمرىڭىزنى ئانا سۈتىدەك پاك ئۆتكۈزگەنىدىڭىز.

ھاياتتا پاك ئارزۇ-تىلەك بىلەن نەتىجىنىڭ ئوخشاش چىقىدىغان چاغلىرى كەمدىن-كەم ئۇچرىسىمۇ، ھەر ھالدا كىملەردۇر بەزىدە مۇنداق ئامەتكە نائىل بولالايدۇ. مەن سىزنىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى تىلىكىڭىزگە ئۆزىڭىز ئۈمىد قىلغاندىنمۇ ئارتۇقراق ئېرىشكەنلىكىڭىزگە ئىشەندىم.

* *

جېنىم ئانا، سىز بىز تۆت ئوغۇل ئۈچۈن ھەم مېھرىبان ئانا، ھەم مەسئۇلى-

يەتچان دادا ئىدىڭىز. بىزنى بېقىپ ئۆس-
تۈرۈپ قاتارغا قوش-قۇچە چەككەن جەب-
ري - جاپالىرىڭىزنى ساناپ تۈگىتەلمەيمەن.
لېكىن شۇ تاپتا ـــ قەبرىڭىز ئالدىدا مۇڭغا
پېتىپ ئولتۇرغان چېغىمدا ئۆزۈم شاھىت
بولغان ئىشلاردىن بەزىلىرى كۆز ئالدىمدا
بىر - بىرلەپ نامايان بولدى ۋە نېمىشقىدۇر
ئۇلارنى سىزگە سۆزلەپ بەرگۈم كەلدى:
1965 - يىلى ناھىيىدە بۆلۈم باش-
لىقى دەرىجىلىك خىزمەت ئىشلەيدىغان
ئىككىنچى ئاكامنىڭ ئۇشتۇمتۇت «پارتىيىگە
قارشى ئۇنسۇر» دەپ ئەيىبلىنىپ خىز-
مەتتىن ھەيدەلگەنلىكى جەمەتىمىز ئۈچۈن
ناھايىتى ئېغىر زەربە بولدى. ئىلگىرى
نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا خۇشامەت قى-
لىپ ئەتراپىدا پايىپېتەك بولۇپ يۈرۈ-
شەتتى. ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىسى
بىر ئۆرۈلۈپلا ئاكامغا «غەزەپلەنگۈچىلەر»
ۋە «لەنەت ياغدۇرغۇچىلار» غا ئايلىنىشتى.
يەنە بەزىلىرى ئىلاجىسىز ھالدا «ھوش-
يارلىقنى ئۆستۈرۈپ» چەك - چېگرا ئاج-
رىتىشقا مەجبۇر بولۇشتى. ھەتتا بىر بال-
لىق بولغان ئايالىمۇ «ئۆزى ۋە بالىسىنىڭ
ئىستىقبالىنى كۆزلەپ» ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپ
كەتتى.

ئاكام ئۆزى ئۈستىدە چىقىرىلغان
ھۆكۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن نېمىشقىدۇر
مەن بىلەنمۇ كۆرۈشمەي ئۇدۇل يېزىغا ـــ
سىزنىڭ يېنىڭىزغا كەتكەنىكەن. مەن بۇ
خەۋەرنى ئەتىسى ئاڭلاپ، شۇ ھامان
يېزىغا باردىم. ئاكام سىزنىڭ يېنىڭىزدا
ئىكەن، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق قىسمەتكە
يولۇققانلىقىدىن خىجىل بولدىمۇ ياكى
«ئىنىم ئەيىبلەرمىكىن؟» دەپ ئويلىدىمۇ،
ئەيتاۋۇر مېنى كۆرۈپ سەل ھودۇققاندەك
بولدى. لېكىن سىزنىڭ كەيپىياتىڭىزدىن
بۇرۇنقىدەكلا بىر خىل تەمكىنلىك چىقىپ
تۇراتتى.

ـــ ھەممىڭلار ئايرىم ئۆيلۈك - ئوچاق-
لىق بولۇپ كېتىپ يالغۇز قېلىۋىدىم، ـــ
دېدىڭىز ئالدىمىزغا داستىخان سېلىۋېتىپ، ـــ
ھەر نېمە بولسا، خۇدايىم بۇ ئوغلۇمنى
يېنىمغا ئەكىلىپ بەردى. ئەمدى يالغۇز-
لۇق تارتمايدىغان بولدۇم.

بىر دەمدىن كېيىن ئاكامنىڭ نېمە
ۋەجىدىن جازالانغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم:
ئادەتتە خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلى ئۇنىڭ
كۆپ ۋاقتى يېزىلاردا ئۆتىدىغان بولغاچقا،
دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى توغرىلىق كۆپ
ئەھۋاللارنى بىلىدىكەن، بىرمۇنچە ئىشلار
ئىدىيىسىدىن ئۆتمەيدىكەن.

ـــ نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ قولىغا
تېگىدىغان دارامىتى يىلدىن - يىلغا ئاز-
لاپ كېتىۋاتىدۇ. ئاشلىق نورمىسىمۇ يې-
تىشمەيۋاتىدۇ، ـــ دېدى ئاكام قىزىشقان
ھالدا، ـــ كادىرلار ئارىسىدا خىيانەتچىلىك،
زىناخورلۇق، دېھقانلارنى ئۇرۇپ - تىللاش
ھادىسىلىرى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ.
دېھقانلار بۇ ئىشلار توغرىسىدا ئېغىز
ئېچىپ قويسىلا كادىرلار ھەر خىل ئامال-
لار
بىلەن ئۆچ ئالىدىكەن، بەزىلىرىگە ھەتتا
«بۇزۇق ئۇنسۇر» دەپ قالپاق كىيگۈزى-
دىكەن. شۇڭا دېھقانلارنىڭ ئەمگەك قىز-
غىنلىقى سۇۋۇپ كېتىپتۇ. بەزى يېزى-
لاردا ياش يىگىتلەرنىڭ بىر مۇنچىسى ئۆز
يۇرتىنى تاشلاپ نەلەرگىدۇر كېتىپ قې-
لىشىپتۇ. يېزىلاردا سوتسىيالىستىك تەر-
بىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىپ يۇقىرىقى
ئىشلار سەل - پەل تۈزۈلگەندەك قىلىنغان
بولسىمۇ، تامام تۈگەپ كەتمىدى. يەنە

تېخى تەربىيە كادىرلىرى يېزىدىن كەتكەندىن كېيىن يېڭى كادىرلىرى يېتىشىپ باشتىن كونا سەنئەتكە دەسسىگىلى تۇردى. ئۇكام، ئويلاپ بېقىڭا، ئەھۋال مۇشۇنداق داۋاملىشىۋەرسە، قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ؟ مەن بۇ ئىشلار ھەققىدە كۆپ باش قاتۇردۇم ۋە ئاخىرى بىر قېتىملىق سىياسىي ئۆگىنىشتە ئويلىغانلىرىمنى ئوچۇق-يورۇقلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدۇم. مەن تېخى، پىكىرلىرىم رەھبەرلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىسا، ئۇلار بۇ مەسىلىلەرنى تېزرەك ھەل قىلار، دەپ ئويلاپتىمەن. لېكىن بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى ئويلىغىنىمنىڭ ئەكسىچە بولدى. بىرىنچى شۇجى مېنى ئالدىغا چاقىرتىپ: «سەن كۆپچىلىك ئالدىدا ئۇتتۇراتقۇلۇق قىلىپ پارتىيىگە، خەلق كوممۇنىسىغا زەھەر خەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىپسەن، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىنى يوققا چىقىرىپسەن» دېدى. مەن قايىل بولمىدىم. ئەتىسىدىن باشلاپ رېۋىزىيە كومىتېتى مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ مەسىلىلىرىمنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. ئادەمنى دومىلە باسسا بېسىۋېرىدىكەن، مېنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولغان كادىر بىلەن بۇرۇن بىر ئىشتا ئازراق قىزىرىشىپ قالغانىدۇق. مەنغۇ ئۇنى ئېسىمدىن چىقىرىۋەتكەن. لېكىن ئۇ ئۇنتۇماپتىكەن، بۇ ئىشنى پۇرسەت بىلىپ ماڭا خىيالىمغىمۇ كەلمىگەن ئالدىقانداق ئەيىبلەرنى قويغىلى تۇردى. ئۆزى ئالدىن يېزىپ تەييارلاپ قويغان ماتېرىيالغا مەجبۇرىي قول قويغۇزماقچى بولدى. مەن رەت قىلدىم. بارا-بارا قىزىرىشتۇق. ئۇ ئاخىرى مېنى ھاقارەتلەشكە ئۆتتى. مەن تاقەت قىلالماي ئۇنى ئىشخانامدىن قوغلاپ چىقاردىم. بولغان ئىشنىڭ ھەممىسى شۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن تونۇم پىچىلدى.

ئاكام ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى تۈگەتتى. مەن ئۇنىڭ ئۇۋالچىلىقىنى تۈگىمەتتىمەن دەپ ئۆزىمۇ ئۇۋالچىلىقتا ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندىم. جەمئىيەتتە مۇنداق ناھەق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ تۇرىدىغانلىقىدىن مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار ئىدى. لېكىن ئۇ ھەقتە سۆز قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەيتتىم، بولۇپمۇ ئاكامدەك سىياسىي ئۆگىنىشلەردە «قارشى مۇقام تۇۋلايدىغان» گەپلەرنى زادى قىلمايتتىم. چۈنكى مېنىڭ نەزەرىمدە مۇنداق سىياسىي ئۆگىنىشلەر مەخسۇس مەدھىيىلەش، ماختاش ئۈچۈنلا تەسىس قىلىنغاندەك تۇيۇلاتتى.

— ئاكا، شۇ ئىشلار ھەققىدە ئېغىز ئۆپرىتىپ نېمە قىلار ئىدىڭىز؟ مانا ئەمەدى...— دېدىم مەن ۋە ئارقىدىنلا ئورۇنسىز سۆزلەپ قويغىنىمنى ھېس قىلىپ، تۈزىتىشكە ئالدىرىدىم،— بوپتۇ، بەك قايغۇرۇپ ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويماڭ. مېنىڭچە، سىزگە كۆرۈلگەن چارە پۈتۈنلەي خاتا ئىكەن. يۇقىرىغا ئەرز يازسىڭىز بەلكىم مەسىلىگە توغرا قارايدىغانلارمۇ چىقىپ قالار.

— مەنمۇ شۇنداق قىلاي مىكىن دەيمەن،— دېدى ئاكام.

— ئەمما سىز بۇ پىكرىمىزگە قارشى چىقتىڭىز:

— بالام، سىز دېھقان بىچارىلەر ھەققىدە ئازراقمۇ يالغان گەپ قىلماپسىز،— دېدىڭىز ئاكامغا قاراپ جىددىي ھالدا،— ئۇنىڭغا بىزنىڭ مۇشۇ يەردىكى ئىشلارمۇ گۇۋاھ بولالايدۇ. سىزنى جازا-

لىغان چوڭلىرىڭىز نېمە دېسە دېسۇن،
ئەمما راست سۆزلىگەن ئادەمنىڭ يۈزى
ھەممىشە يورۇق بولىدۇ. ھەرگىز پۇشايمان
قىلماڭ. يۇقىرىغا ئەرز يازمەنمۇ دېمەڭ.
نېمىشقا دېگەندە، بىرىنچىدىن، ھۆكۈمەتكە
ھۆكۈمەت ئۈستىدىن ئەرز يېزىپ ئاقتۇ-
رالمايسىز. ئىككىنچىدىن، كادىر بولمىسى-
ڭىز نېمە بوپتۇ؟! بالام، ئىلگىرى بىز-
نىڭ يۇرتتىن نى - نى چوڭ مەنسەپدار-
لار، بەگلەر چىقىپتىكەن. ھەممىسى ئۆلۈپ-
تۇ، كېتىپتۇ. ئەل - يۇرت ئۇلارنى پاتلا
ئۇنتۇپ كېتىشتى. ناگان - ناگاندا بىر
ئەسلەپ قويۇشىمۇ، ھەرگىز ياخشى كې-
پىنى قىلىشمايدۇ. ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا
سىزنىڭ ئەمەلىڭىز قانچىلىكتى. «ئېشىكى
يوق ھوللامنىڭ قۇلىقى تىنچ» دەپتىكەن.
خۇدايىم بىزگە ئاتا قىلغان رىزقى - نېسى-
ۋىمىزگە شۈكۈر قىلىپ، تىنچقىنا ياشايلى،
بالام،— سىز بىرئاز تۇرۇۋېلىپ، كېيىن
يەنە مۇنۇ گەپلەرنى قوشۇپ قويدىڭىز،—
خەقلەر نېمە دېسە دېسۇن، مەن ئۈچۈن
سىزمۇ باشقا ئوغۇللىرىمغا ئوخشاشلا قە-
دىرلىك، جىگەر پارەم سىز. جېنىم تېنىمە-
دىلا بولىدىكەن، سىزنى ھەرگىزمۇ مۇش-
كۈلچىلىكتە قالدۇرمايمەن.

ئاكا - ئۇكا ئىككىمىز چوڭقۇر تەسىر-
لەنگەن ھالدا چىرايىڭىزغا ھۆرمەت
بىلەن تىكىلدۇق. ئەتىسى ئۆيدە ئاكام-
نىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ماڭا مۇن-
داق دېدىڭىز:

— بۇ ئىش ئاكىڭىزغا بەك ئېغىر
كەلدى. مېنىڭمۇ ناھايىتى ئىچىم ئاغرىي-
دۇ. ئەمما تەقدىر - قىسمەتكە تەن بەر-
مەي ئىلاج يوق بالام. ئاكىڭىز بۇرۇن
ياخشى يەپ، ياخشى كىيىپ ئۆگىنىپ
قالغان. مەنمۇ ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسەمنى
ئايىمايمەن. سىزمۇ پات - پات ئۇنىڭ
ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇڭ.

قەدىردان ئانا، بۇ گەپلىرىڭىز ماڭا
ئانىلىق قەلبىڭىزنىڭ يەنە بىر خاسىيىتىنى
نامايان قىلىپ بەردى: قارىماققا ئاكام-
نىڭ بېشىغا كەلگەن پالاكەت سىزگە ھېچ-
قانداق تەسىر قىلمىغاندەك تۇرغىنى بىلەن
كۆڭلىڭىزدە بۇ ئىشتىن چەكسىز قايغۇرۇ-
ۋاتقانلىقىڭىزنى، ئەمما ئۇنىڭ دەردىنى
يەڭگىللىتىش ئۈچۈن قولىڭىزدىن كېلىشى-
چە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىڭىزنى
چۈشەندىم. بەرھەق، دۇنيادا ئۆز ئاناڭ-
دىن ئارتۇق سىرداش مەدەتكار يوق
ئىكەن!

ئاكام يۇقىرىغا بىر نەچچە قېتىم
ئەرز يازدى. لېكىن سىز توغرا ئېيتىپتى-
كەنسىز، ھېچقانداق سۈرۈشتۈرۈش، قايتا
تەكشۈرۈش دېگەنلەر بولمىدى، ھەتتا
ئەرزلىرى ھەققىدە ئۇچۇرغىمۇ ئېرىشەل-
مىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي «مەدەنىيەت زور ئىنقى-
لابى» دەپ ئاتالغان مۇدھىش تېررورلۇق
باشلىنىپ كېتىپ، ئاكامنىڭ ئىشى شۇ
پېتىچە قېپقالدى.

ئەمدى مېنىمۇ دومىلە باستى. مەك-
تىپىمىزگە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى خىز-
مەت گۇرۇپپىسى» كېلىپ، مەنمۇ «گېزەن-
دىلەر» سېپىگە قېتىلدىم. بىر مۇنچىلىغان
ۋەھىمىلىك قالپاقلار بېشىمغا ئۈستى-
ئۈستىلەپ كىيگۈزۈلدى. جەمئى كىشىلەر
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ئۈزۈپ تاشلى-
نىپ، قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىندىم.
قانۇندىن سىرتقى مەھبۇسلۇق ھاياتىم
باشلاندى.

قەدىرلىكىم ئانا، ھايات ۋاقتىڭىزدا

ياشانغان يۈرىكىمىزنى زېدە قىلماي دەپ ئاشۇ مۇدھىش كۈنلەردىكى تارتقان جەبرى-جاپالىرىمىنىڭ تەپسىلاتىنى سىزدىن يوشۇرغانىدىم. ھازىر سىزنىڭ پاك روھىڭىز بىلەن سىردىشىۋاتقان چېغىمدا ئۇلارنى ئېنىقراق قىلىپ ئېيتىپ بەرگۈم كەلدى.

راست، مەن سولانغان جاي تۈرمە ئەمەس مەكتەپ، تۇرىدىغان ئۆيۈم كامېر ئەمەس، ئوقۇغۇچىلار ياتىقى ئىدى. لېكىن بۇ يەردىكى نازارەت، بېسىم، باشقۇرۇش ۋە تىل-ھاقارەتلەر ھەقىقىي تۈرمىدىكىدىن ئېشىپ چۈشەتتى. كۈندە دېگۈدەك ئۇرۇش-قىيناشتىن خالىي بولالمايتتۇق. ئاڭلىشىمچە، ھەقىقىي تۈرمىلەردە مەھبۇسلار ئوپچە كامېرلارغا سولىنارمىش، ئۆزئارا پاراڭلىشارمىش. ناگان-ناگاندا بىرەر قېتىم سىرتقا ئېلىپ چىقىلغاندىن باشقا چاغلاردا ۋاقتى ئاسان بىكار ئۆتەرمىش، شۇڭا ئۇلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن ئارام ئالىدىغان، يېتىپ ئۇخلايدىغان چاغلىرى كۆپ بولارمىش، بىمالال ئوي-خىيال سۈرەلەرمىش. لېكىن بىزچۇ؟ ھەر بىرىمىز ئايرىم-ئايرىم سولانغانىدۇق. كۈندۈزلىرى يا ئاتالمىش «جىنايەت ماتېرىياللىرى» يېزىپ تاپشۇراتتۇق، يا چوڭ-كىچىك يىغىنلاردا كۈرەش-پىپەن قىلىناتتۇق (ياپىر، مۇنداق يىغىنلار شۇنداق سۈرلۈك كەيپىياتتا ئېچىلاتتىكى، ھازىر ئويلىسامۇ ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولىشىدۇ!) ۋە ياكى يۈزلىرىمىزگە قازان قارىسى سۈرتۈلۈپ، بېشىمىزغا ئالىيېشىل قالپاقلار كىيگۈزۈلۈپ، كوچا ئايلاندۇرۇلۇپ سازايى قىلىناتتۇق. يەنە تېخى مەيدانغا سۇ چاچتۇرىدىغان، كۆتەك يارغۇزىدىغان ئىشلارمۇ بار ئىدى. مەيدانغا سۇ چاچتۇرۇشمۇ بىر خىل قىيناش ئۇسۇلى ئىدى. ئېرىقتىن ئىككى قولىمىزدا ئىككى چېلەك سۇنى ئېلىپ ماڭغانىدىمۇ، مەيداندىن ئېرىققا سۇ ئالغىلى قايتقاندىمۇ بەيگىگە چۈشكەن ئاتلاردەك يۈگۈرۈشكە مەجبۇر قىلىناتتۇق. مەيدانغا يېتىپ بارغۇچە چېلەك سىلكىنىپ سۇنىڭ يېرىمى قالاتتى. گۇندىپايلىق ۋەزىپىسىنى ئارتقۇرۇۋاتقان «باتۇر ئەزىمەت» بولسا، بىزنى سۇنى قەستەن تۆكۈۋېتىپ ئاز ئەكەلدىڭ، دەپ تىللايتتى. «پۈتۈن دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىغا ئىگە» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان بۇ «قەھرىمان» نىڭ بۈيۈك ئەقلىگە «چېلەكلەر ئۈزلۈكسىز سىلكىنىپ تۇرسا ئىچىدىكى سۈيى تۆكۈلمەي قالمايدۇ» دېگەن مۇشۇ ئەقەللىي پىكىرنىڭ كەلمىگىنىگە ھەيران بولاتتۇق، لېكىن ئاغزىمىزدىن چىقىرالمايتتۇق. ئىشقىلىپ بىرەر سائەت ۋاقىت سۇ چېچىش ئارىلىقىدا توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان مەيدانمۇ، ئۈستى-بېشىمىزمۇ ھۆل بولاتتى، ئەمما كۈن بويى جۇۋاز سۆرىگەن ھۆكۈزدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ماغدۇرىمىزدىن كېتەتتۇق.

ئۇ چاغلاردا مەكتىپىمىزدە قىشلىقى ئاساسەن ئوتۇن يېقىلغۇ قىلىناتتى. ئىلگىرىكى يىللاردا بۇرۇنلا يېرىپ قۇرۇتۇپ قويۇلغان تەييار ئوتۇنلارنى سېتىۋالىدىغان. شۇ يىلى قايسى ئەقىللىق ئويلاپ تاپتىكىن، نەچچە يۈز جىڭ كېلىدىغان كۆتەكلەرنىلا سېتىۋاپتۇ. ئېھتىمال، بۇمۇ بىزنى قىيناش ۋەجىدىن تۇغۇلغان پىكىر بولسا كېرەك! مەكتىپىمىزدىكى «گېزەندىلەر» سېپىدە 50 تىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدۇق. بىراق كۆپىنچە-

چىسى ياشانغانلار، ئاغرىقلار ۋە ئاياللار
بولۇپ، ھېلىقى كۆتەكلەرنى يېرىپ پار-
چىلاش مەن دېمەتلىك يەتتە - سەككىز
ساغلام يىگىتنىڭ زىممىسىگە چۈشتى.
ھەر بىرىمىزگە ساپلانغان ئىككىدىن پالتا
تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. يا تولۇق قۇ-
رۇمىغان ياكى ھۆل ئەمەس بۇ كۆتەكلەر
تازىمۇ بەز ھالەتتە بولۇپ، ئۇلارنى يې-
رىپ پارچىلاشتا تولىمۇ قىينىلاتتۇق. پال-
تىنىڭ سېپى ئۇگايلا سۇنۇپ كېتەتتى.
ئاندىن زاپاس پالتىنى قولىمىزغا ئالاتتۇق،
ئۇ كاردىن چىقىپ بولغۇچە ئالدىنقىسى
ساپلىنىپ تەييار قىلىناتتى. كۆتەك يېرىش
بىر مىنۇتمۇ ئۈزۈلۈپ قالمايتتى. نۇرغۇن-
لىغان «كىچىك ئەزىمەتلەر» ئەتراپىمىزغا
توپلىشىپ قاراپ تۇرۇشاتتى، مەسخىرە
قىلىشاتتى. لېكىن بەزىلىرىنىڭ چىرايى
ۋە كۆزلىرىدىن چوڭقۇر ئىچ ئاغرىتىش ۋە
ھېسداشلىق ئالامەتلىرىنىمۇ كۆرۈپ قالات-
تۇق. ئىشقىلىپ، ئاشۇ ھېسابى يوق كۆ-
تەكلەرنى يېرىپ بولغۇچە بەدىنىمىزدىن
تونىلاپ تەر، ئالقانلىرىمىزدىن تالاي
قانلار ئاقاتتى...

سوراقچىلار ۋە نازارەتچىلەرنىڭ سو-
ئاللىرىغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزگە ھوقۇ-
قىمىز يوق ئىدى. تاماق ئەكىرىشكە ياكى
ھاجەتكە چىقساقمۇ يېنىمىزدىن ئىككى
نەپەر «قىزىل قوغدىغۇچى» ئايرىلمايتتى.
ئاخشىمى يېرىم كېچىگىچە يا «قىزىل كىتاب-
لار» نى ئوقاتتۇق ياكى كىچىك «جەڭ-
گىۋار گۇرۇپپا» لاردا قىيىن - قىستاققا
ئېلىناتتۇق. بۇنىسى رەسمىي تېررورلۇق
سورۇنى ئىدى. سوراقچىلار سەن زادى
ئويلاپ باقمىغان ئاجايىپ غەلىتە سوئاللار-
نى سورايتتى (سەن شولوخوۋ، ئايبېك

قاتارلىق شيۇجېڭجۇيىچىلار بىلەن نەچچە
قېتىم خەت - ئالاقە قىلىشتىڭ؟ دېگەن
بىر سوئالى ھازىرمۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ).
بىز ئەلۋەتتە ئۇلار قانائەتلەنگۈدەك جا-
ۋاب بېرەلمەيتتۇق، نەتىجىدە «ئىنقىلابىي
خۇرۇچى ئۆرلەپ پەلەككە تاقاشقان كى-
چىك ئەزىمەتلەر» يەڭلىرىنى شىمايلاپ،
كۆزلىرىدىن قەھرى - غەزەپ ياغدۇرۇپ
بىزگە تاشلىناتتى - دە، ئۇرۇش، قىيناش
باشلىنىپ كېتەتتى. مۇنداق چاغلاردا كۆ-
پىنچە، نېمىشقىدۇر چىراغ بىر - ئىككى
مىنۇت ئۆچۈپ قالاتتى ۋە بىز ئۆزىمىزنى
كىمنىڭ ئۇرۇپ، كىمنىڭ دۇمبالاۋاتقانلى-
قىنى بىلمەي قالاتتۇق.

جېنىم ئانا، ئېسىڭىزدىمۇ، مەن ئۇ
چاغدا ئاران 23 ياشقا كىرگەنىدىم، ئالىي
مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچى بولغىنىمى-
غىمۇ تېخى تۆت يىللا بولغانىدى. لېكىن مەن
شۇ بىرنەچچە ئاي ئىچىدە پۈتۈن ئۆمرۈم-
گە يېتەرلىك - ئاشقۇدەك جەبرۇ - جاپالارنى
بېشىمدىن كەچۈردۈم.

مەن بەدىئىي ئەسەرلەرگە بەكمۇ
ئامراق ئىدىم. ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىمدا!
بىزنىڭ نامرات دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ نامرات
تەبىقىگە تەئەللۇق بولغىنىمغا قارىماي،
ھەر ئايدا ناھايىتى تەستە ئېرىشىدىغان
2 - 3 سوم پۇلۇمغا يايمىلاردا باھاسى
چۈشۈرۈلگەن بەزى ئەدەبىي كىتاب ۋە
ژۇرناللارنى سېتىۋالاتتىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە
سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغانلىرى
خېلى كۆپ بولۇپ، تاشكەنتتە ئۆزبېك
تىلىدا چىقىدىغان «شەرق يۇلتۇزى» نام-
لىق ژۇرنالنىڭ ئون نەچچە سانىمۇ بار
ئىدى. ئوقۇشۇم پۈتكەندە ئۇلارنى يۇر-
تۇمغا بىللە ئېلىپ كەلدىم. ياش، بويتاق

ئوقۇتقۇچىلار كوللېكتىپ ياتاقلاردا ياتاتتۇق. ھەر كۈنى كەچتە كىتاب، ژۇرنال ئوقۇيدىغان ئادىتىم بولغاچقا، ئۇلاردىن ياتاقداشلىرىمۇ خەۋەر تاپتى ۋە سوراپ ئېلىپ ئوقۇشتى. گەرچە ئۇ چاغلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان كىتابلارنى ئوقۇش رەسمىي رەۋىشتە چەكلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن 1963 - يىلى مەكتىپىمىزدە ئېلىپ بېرىلغان «شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش» ئۆگىنىشىدە ئۇلارنى ساقلاش، ئوقۇش قانداقتۇر شيۇجېڭجۇيىچىلارغا چوقۇنغانلىق، زەھەرلەنگەنلىك دەپ قارالدى. مەن سەل چۆچۈپ قالدىم. ئەمما ھېلىقى كىتاب، ژۇرناللىرىمنى تاپشۇرۇپ بەرگۈم ياكى يوقىتىۋەتكۈم كەلمىدى، شۇڭا ئۇلارنى ئاكامدىن يېزىدىكى ئۆيگە ئەۋەتىۋەتتىم. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا «كېزەندە» بولغىنىمدىن كېيىن بەزىلەر تەشكىلگە ئاشۇ كىتاب - ژۇرناللىرىمنىڭ تەپسىلىي تىزىمىنى تاپشۇرۇپتۇ. سوراقتا مەنمۇ ئىقرار قىلدىم ۋە ئۇلارنىڭ ھازىر نەدىلىكىنىمۇ ئېيتىپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى «خىزمەت گۇرۇپپىسى» نىڭ بىر كادىرىنىڭ باشچىلىقىدا يەتتە - سەككىز ئوقۇغۇچى مېنى ئالدىغا سېلىپ يېزىغا ئېلىپ باردى. شۇ چاغدىكى كۆرۈشۈش ھېچقاچان ئېسىمدىن چىقمايدۇ. بىز يېزىغا يېرىم كېچىگە يېقىن يېتىپ باردۇق، سىز ۋە ئاكىلىرىم ئويغىتىلدىڭلار. بىر - ئىككى ئېغىز ئەھۋال سورىشىشقىلا رۇخسەت قىلىنمىدى. ئاكام كىتاب - ژۇرناللارنى تولۇق ساقلىغانىكەن. ھەممىسىنى تاپشۇرۇپ بەردى. شەھەر بىلەن يېزىمىزنىڭ ئارىسى 10 نەچچە كىلومېتىر كېلەتتى. پىيادە ماڭغانلىقىمىز ئۈچۈن ھەممەيلەن خېلىلا چارچىغانىدۇق. شۇنىڭغا قارىماي «خىزمەت گۇرۇپپىسى» نىڭ كادىرى دەرھال قايتىشىمىزنى بۇيرۇدى. شۇنىڭغىچە سىز ۋە ئاكىلىرىم ئەنسىرىگەن ۋە قايغۇرغان ھالدا ماڭا سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇرۇشقانىدىڭلار. قايتىش گېپىنى ئاڭلاپ سىزنىڭ سەۋرى قاچىڭىز تاشتى.

— توختاڭلار، بىزدە ئۆيگە كەلگەن ھەر قانداق يات ئادەم مېھمان ھېسابلىنىدۇ. بىرەر پىيالىدىن چاي ئىچىپ مېڭىڭلار! — دېدىڭىز.

لېكىن «ئىنقىلابچىلار» بۇ تەكلىپىنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلدى.

— ئەمىسە بوپتۇ، — دېدىڭىز يەنە بىر خىل قەيسەرلىك بىلەن، — مېنىڭ ئاش - تۇزۇم ئۆز ئوغلۇمغا ھالال. سىلەر ئازراق تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار. مەن ئۇنىڭغا ئۆز قولۇم بىلەن بىر ۋاقلىق غىزا ئېتىپ يېگۈزۈۋالاي.

— ھەي خوتۇن، قوي مۇنداق گېپىڭنى، بىز ساقلاپ تۇرالمايمىز! — سىزنى قوپاللىق بىلەن سىلكىۋەتتى «كىچىك ئەزىمەتلەر» دىن بىرى.

«خىزمەت گۇرۇپپىسى» نىڭ خادىمىمۇ قاپىقىنى تۈرۈپ:

— بىز دەرھال قايتمىساق بولمايدۇ! — دېدى.

ئانا، شۇنداق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: سىز ئاجايىپ بىر خىل تەمكىنلىك بىلەن ئاۋۋال ھېلىقى «كىچىك ئەزىمەت» كە:

— ھەي بالام، سەن مېنىڭ نەۋرەمچىلىك باركەنسەن، ئۆزۈڭدىن چوڭلارغا بىھۆرمەتلىك قىلما! — دېدىڭىز،

ئاندىن ھېلىقى خادىمغا بۇرۇلۇپ سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇردىڭىز.— ئاڭلىسام، كۆلدىكىخانىغا سولانغانلارغىمۇ ئۆيدىكىلەر ئېلىپ بارغان غىزانى كىرگۈزەرمىش. سىلەر مېنىڭ بالامنى ئالدىمغا ئېلىپ كەپسىلەر، ئۆز قولۇم بىلەن بىر ۋاق غىزا ئېتىپ بېرىشىمگىمۇ ئۇنىمامسىلەر؟

سىزنىڭ سۆزىڭىز بەزىلەرگە ئازتولا تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ، ئۇلار باشلىقلىرىنى بىر يەرگە قىلىشىپ نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشىپتى، باشلىقلىرىنى لىڭشىتىشىپتى. لېكىن ھېلىقى خادىم يەنىلا:

— بۇ توغرىلىق باشلىقلاردىن يوليورۇق سورىمىغان، ئۆز ئىختىيارىمچە رۇخسەت قىلالمايمەن,— دەپ تۇرىۋالدى.

ھەرقانداق ئىشتا باشلىقنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشقا كۆنۈپ كەتكەن ئۇ «ئىنقىلابچى» نى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈش راستتىن قىيىن بولۇپ قالغانىدى. لېكىن سىز كۈتۈلمىگەن بىر جاسارەت بىلەن ئۇنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدىڭىز.

— بىر ئانىنىڭ مۇشۇنچىلىك ئىلتىجاسىنىمۇ راۋا كۆرمىدىڭ كادىرىم،— دېدىڭىز بىر خىل مەردانە قىياپەتتە،— ئەمىسە بوپتۇ، مۇشۇنداق يامان ئوغۇلنى تۇغقان ئانا مەن بولغاندىكىن، مېنىمۇ بىللە ئاپىرىپ سولاڭلار!— ئاندىن مېنىڭ يېنىمغا كەلدىڭىز - دە، بىر ياقتىن سۆزلىگەچ، بىر ياقتىن ئۇششىنەمنىڭ ئارتىلغان تاغارنى سىلكىپ پەسكە چۈشۈردىڭىز،— بالام، بۇ بالا تەككۈر كىگىز كىتابلارنى تەڭ كۆتۈرۈپ ماڭايلى.

— ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن بۇ ئىش «ئىنقىلابچىلار» نى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇلار يەنە بىر پەس نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاشتى - دە، ئىككىسىدىن باشقىلىرى سىزنىڭ باشتىكى تەلىپىڭىزگە قوشۇلۇشتى.

— ئەمىسە، تېزرەك بولۇڭ، غاچ-غۇچ پىششىدىغان بىر نەرسە ئېتىڭ!— دەپ ئەسكەرتتى «خىزمەت گۇرۇپپا» خادىمى.

سىز ھەش - پەش دېگۈچە بىر نەچچە كۆش نان پىشۇردىڭىز، بۇ چاغدا مېنىڭغۇ بىر نەرسە يېگۈم يوق ئىدى، ئەمما سىزنىڭ بۇ غىزانى ماڭا يېگۈزۈش ئۈچۈن قانچىلىك ھەرەج تارتقانلىقىڭىزنى ئويلاپ تازا تويغۇچە يېدىم. سىز يەنە بىر نەچچە تۇخۇم پىشۇردىڭىز. ئېشىپ قالغان ئىككى، ئۈچ كۆش ناننى ئۇلارغا قوشۇپ بىر سومكىغا سېلىپ مۇرەمدىن ئۆتكۈزۈپ قويدىڭىز. ئاندىن كىچىك ئاكامغا قاراپ:

— بالام، ئېشەكنى توقۇۋېلىپ، ماۋۇ ئۇۋا تەككۈز① كىتابلارنى ئېشەككە ئارتىپ شەھەرگە يەتكۈزۈپ بېرىڭ،— دېدىڭىز.

«ئىنقىلابچىلار» سىز بىلەن يەنە دە - تالاش قىلىشنى راۋا كۆرمىدىمۇ ياكى تېزرەك مېڭىپ ھايالىشقان ۋاقىتنىڭ ئورنىنى چىقىرىۋالماقچى بولۇشتىمۇ، ئىيتاۋۇر، بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشقا قارشى چىقمىدى.

خوشلىشىدىغان چاغدا سىز مېنى بىردىنلا قۇچاقلاپ باغرىڭىزغا مەھكەم باستىڭىز.

① ئۇۋا تەككۈز — بالا تەككۈز (ئاپتور).

— ئوغلۇم، خەقلەر نېمە دېسە دېسۇن، سىز مېنىڭ جىگەر پارەم، ئوبدان بالام! — دېدىڭىز تىترەك ئاۋازدا. — ھەرگىز كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. مەكتەپتىكى سوئال - سوراقلار تۈگىگەندە ئالدى - كەينىڭىزگە قارىماي قايتىپ كېلىڭ. ھۆكۈمەت سىزنى لازىم قىلمىسا مەيلى، مەن ۋە ئاكىلىرىڭىز سىزنى بېشىمىزغا ئېلىپ كۆتۈرىمىز.

بىر يىل ئىلگىرى ئىككىنچى ئاكامغا قارىتىپ ئېيتىلغان بۇ گەپلەرنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاپ شۇ تاپتا مېنى ئۆزىگە مەھكەم چاپلاپ تۇرغان ئانا يۈرىكىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

— ئوغلۇم، سىزگە نەسىھىتىم شۇ بولسۇن، — دېدىڭىز يەنە مېنى سەل - پەل بوشىتىپ چىرايىمغا جىددىي ھالدا تىكىلىپ، — ھەرقانچە، قىيىن - قىستاققا ئېلىنسىڭىزمۇ ھەرگىز يالغان سۆزلىمەڭ. ئۆزۈمگە ئوڭايلىق بولارمىكىن، دەپ باشقىلارنى چىشلەپ تارتماڭ...

— بولدى، ئەمدى گېپىڭىزنى توختىتىڭ! — سۆزىڭىزنىڭ بېلىگە تەپتى «خىزمەت گۇرۇپپا» خادىمى.

لېكىن سىز ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي گېپىڭىزنى داۋاملاشتۇردىڭىز:

— بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەمما باشقىلارغا قىلىنغان ياخشىلىقمۇ، يامانلىقلارمۇ ئۇنتۇلمايدۇ. كېيىن كىشىلەر سىزنى قارغىمايدىغان بولسۇن، بالام. بۇ گەپلىرىمنى قۇلىقىڭىزدا مەھكەم ساقلاڭ!

ئەمدى «ئىنقىلابچىلار» تاقەت قىلالمىدى - دە، مېنى دەرھال ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى. مەن ھويلا دەرۋازىسىدىن چىقىش ۋاقتىدا كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىدىم. چوڭ ئاكام تۇتۇپ تۇرغان چىراغ يورۇقىدا كۆزلىرىڭىزدىن يامغۇردەك ياش قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، مېنىڭ كۆزلىرىممۇ بۇلاقتا ئايلاندى.

مەن ئاقلىنىپ، نامىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن سىزنى شەھەرگە يېنىمىزغا ئەكىلىۋالدۇق. ئاھ، قانداق ياخشى چاغلار ئىدى ئۇ! راست، تۇرمۇشىمىزنى باياشات دېگىلى بولمايتتى، مەنمۇ، ئايالىممۇ «سېسىق توققۇزىنچى»لارغا مەنسۇپ بولغىنىمىز ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتىمۇ يەنە پات - پات يەكلىنىشكە ئۇچراپ تۇراتتۇق. بىراق چۈشلۈكى ۋە كەچقۇرۇنلۇقى ھەممىمىز ئۆيىمىزگە جەم بولۇپ، بىر داستىخان ئەتراپىدا ئولتۇرغان چېغىمىزدا بىزدە غەم - ئەندىشە، قايغۇ - ھەسرەت دېگەندىن ئەسەرمۇ قالمايتتى. ئۈچ ئەۋلادنى باغرىغا ئېلىپ تۇرغان بۇ كىچىككىنە ئائىلە مېھرىبانلىق، سەمىمىيلىك، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت - ھۆرمەتنىڭ مۇقەددەس قەسرىگە ئايلىناتتى. سىز بۇ چاغدا 70 ياشقا تاقاپ قالغان بولسىڭىزمۇ ناھايىتى تېتىك ئىدىڭىز، چېچىڭىزغا ئاندا - ساندا ئارىلىغان ئاقلارنى ئاز ۋاقىت ئىچىدە بىرمۇبىر ساناپ تۈگەتكىلى بولاتتى. ئۈچ كىلومېتىر نېرىدىكى شەھەرگە پىيادە بىمالال كىرىپ چىقالايتتىڭىز.

شەنبە چۈشتىن كېيىن ياكى يەكشەنبە كۈنلىرى يېزىدىكى تۇغقانلىرىمىز بەزىدە بىر - ئىككىدىن، بەزىدە ھەممىسى يىغىلىپ بىزنى يوقلاپ كېلەتتى. مۇنداق كۈنلىرى ئۆيىمىزدە گويا باي-رام

بولاتتى. سىز بۆلەكچە شادلىنىپ تېخىمۇ
تېتىكلىشىپ كېتەتتىڭىز. ئايالىم بىلەن ئەڭ
ئەزىزلىك غىزالارنى ئېتىش ھەققىدە مەس-
لىھەتلىشەتتىڭىز. ماددىي تۇرمۇشىمىز
قەدىر - ئەھۋال ئۆتۈۋاتقان كۈنلەر بول-
سىمۇ، مۇنداق چاغلاردا ئايالىم جەمەت-
مىزنىڭ تەۋەررۈكى بولغان سىز بۇز-
رۈكۋارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن
نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان جىمىكى ئاق
ئۈن، گۆرۈچ ۋە گۆش - مايلىرىنى تو-
لۇق سەرپ قىلىۋېتىشتىنمۇ ئايانمايتتى،
غىزا ۋاقتىدا سىزنى داستىخاننىڭ تۆرىگە
ئولتۇرغۇزاتتۇق. ئۆزىڭىز ئانچە، كۆپ بىر
نەرسە يېمەيتتىڭىز، ئەمما ئوغۇللى-
رىڭىز، كېلىنلىرىڭىز ۋە نەۋرىلىرى-
ڭىزنىڭ بىر داستىخان ئەتراپىغا جەم
بولغانلىقىدىن چەكسىز سۆيۈنۈپ، ھېلى-
ئۇنى، ھېلى بۇنى كۆپرەك يېيىشكە زور-
لايتتىڭىز. بىز يېزىغا — ئاكىلىرىمىنىڭ ئۆ-
يىگە بارغان چېغىمىزدىمۇ خۇددى شۇنداق
بولاتتى. داستىخان ئەتراپىدا ئۆزىگە
خاس قانداشلىق غەمخورلۇقى، جەمەتىنىڭ
كۆيۈمچانلىقى جۇش ئۇرۇپ ھەممىمىزگە
ئىپادىلەش تەس بولغان بىر خىل ئىناق-
لىق ۋە بەختىيارلىق تۇيغۇسى بەخش ئې-
تەتتى! قاچا - قۇچىلار يىغىلىپ دۇئا قى-
لىنىۋاتقان چېغىمىزدا سىز قوللىرىڭىزنى ئۇ-
زاققىچە چۇشۇرمەي ئاللىنېمىلەرنى پىچىر-
لايتتىڭىز، ئاندىن ئاۋازىڭىزنى قويۇپ بېرىپ:
— ئۇلۇغ خۇدا، ئوغۇللىرىمنىڭ،
كېلىنلىرىمنىڭ ئىككىلا ئالەمدە يۈزىنى
يورۇق، يولىنى كەڭ، مەرتىۋىسىنى ئېگىز
قىلغايسەن! ئۇلارغا ھەمىشە خۇشاللىق
ھەمراھ بولغاي! — دەپ تىلەيتتىڭىز.
ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا قېيىن ئانا ۋە

كېلىنلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتە
كۆپىنچە قېيىن ئانىلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگە-
لەيتتى. كېلىنلەر ئۆز ئالدىغا ئۇچرايت-
تى. ئەمما ھازىر ئەھۋالدا ئۆزگىرىش
بولدى. ئەمدى كۆپ ھاللاردا كېلىنلەر
ئۈستۈنلۈك قازىنىپ قېيىن ئانىلار ئازار
يەپ قالىدىغان بولۇشتى. ئوغۇللارنىڭمۇ
بەزىلىرى بىلىپ تۇرۇپ، بەزىلىرى ئامال-
سىز ھالدا ئاياللىرى بىلەن بىر سەپتە
تۇرىدىغان بولۇۋېلىشتى. ئانىلارنىڭ ئوغۇل-
لىرى بىلەن بىر ئائىلىدە ياشاۋاتقانلىرى
ئىچىدە «ئارتۇقچە يۈكلەر»، باشقا - باشقا
يەردە ياشاۋاتقانلىرى ئىچىدە «ئۇنتۇلۇپ
قېلىنىۋاتقانلار ياكى ناھايىتى كەمدىن
كەم ئەسكە ئېلىنىدىغانلار» بارغانسېرى
كۆپەيمەكتە.
ئانا، سىز ۋە كېلىنلىرىڭىز بۇ
جەھەتتە تەلەيلىك چىقتىڭلار. سىز ئۇلار-
نى ئۆز قىزلىرىڭىزغا ئوخشاش ئاسرىدى-
ڭىز، ئىززەت قىلدىڭىز. ئۇلارمۇ سىزگە
ئۆز ئانىسىغا ئوخشاش كۆيۈندى، جان
دىلى بىلەن خىزمىتىڭىزنى قىلدى. ھەت-
تا نەۋرە كېلىنلىرىڭىزمۇ سىزنىڭ كۆپ-
رەك دۇئايىڭىزنى ئېلىۋېلىشقا تىرىشتى.
شۇ تاپتا مۇنداق بىر ئىش ئېسىمگە
كېلىپ قالدى، بىر كۈنى كىچىك ئاكام-
نىڭ ئايالى شەھەرگە — بىزنىڭ ئۆيگە
كېلىپ، سىزگە ئېسىلغىنىچە يىغلاپ كەت-
تى. بىز ئۇنىڭ سول مەڭزىنىڭ كۆكىرىپ
ۋە ئىششىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ نېمە
ۋەقە سادىر بولغانلىقىنى پەملىدۇق. سىز
ۋە ئايالىم ئۇنى بىر مۇنچە بەزلىگىنىڭلار-
دىن كېيىن، ئۇ ئاستا - ئاستا ئۆزىگە
كەلدى - دە، ئېسەدەپ تۇرۇپ يۈز بەر-
گەن ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردى: ئاكام

ئۇنى ئۇرۇپتۇ، ئەپسۇسكى، بۇ ماجىراغا سەۋەب بولغىنى ئەرزىمەس بىر ئىش ئىكەن.

— بالام قويۇڭ، شەيتانچاقىڭىزنى① مىنىپ ئۇ ھارامزادىنى تېپىپ كېلىڭ!— دەپ بۇيرۇدىڭىز ماڭا ۋە مەن ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا يەنە مۇنۇ گەپنى قوشۇپ قويدىڭىز،— زورۇر ئىشلىرى بولمىسا چوڭ ئاكىلىرىڭىزمۇ كەلسۇن!

ئاكىلىرىمنى چاقىرىپ كەلگەن چېغىمدا كەچلىك تاماق تەييار بولۇپ قالغانىكەن، سىز چوڭ ئاكىلىرىم بىلەن قىسقىچە سالاملاشتىڭىز، كىچىك ئاكامنىڭ چىرايىغا قاراپمۇ قويمىدىڭىز. لېكىن تاماق يېيىلىپ داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قاتتىق كايىپ كەتتىڭىز.

— ھەي ھارامزادە، ئېيتقىنا، مۇشۇ ئاجىز بىچارىنى ئۇرۇشقا يۈرىكىڭ قانداق چىدىدى؟— دەپ ئارقا - ئارقىدىن سوئال قويدىڭىز ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ،— مۇشۇ بىچارە تۇغۇپ ئۆستۈرگەن بەش بالاڭدىنمۇ نومۇس قىلمىدىڭمۇ؟ مەن سېنى مۇشۇنداق باغرى تاش لوكچەك بولار دەپ ئويلىمىغانىدىم؟

ئاكام خېلىغىچە گەپ قىلالماي يەرگە قارىغىنىچە ئۆپكىدەك ئېسىلىپ ئولتۇردى، ئاندىن گۇناھىنى تونۇپ تۆۋا قىلدى. باشقىلىرىمىز سىزگە تەسەللى بەردۇق. شۇندىن كېيىن سىز سەل پەسكارىغا چۈشۈپ، بىز ئاكا - ئۇكىلارغا نەسىھەت قىلدىڭىز:

— بالىلىرىم، خۇدايىم سىلەرگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولسۇن دەپ قوشقان ھالال جۈپتۈڭلارغا دىل ئازار بەرگۈچى بولماڭلار. سىلەرنى مەن قانداق ئەتىۋارلاپ باققان بولسام، كېلىنلىرىمنىمۇ ئاتا - ئانىسى شۇنداق بېقىپ ئۆستۈرگەن، قايسى ئاتا - ئانا ئۆز قىزلىرىنى يات بىرسىگە تىل - دەشنام ئاڭلىسۇن، تاياق - دۇمبا يېسۇن دەپ بېرىدۇ؟ بىچارە كېلىنلىرىم كۈن بويى ئېتىزلىقتا ئەمگەك قىلىپ، بالا ئوقۇتۇپ، يەنە ئېرىڭلارنى ياقىدۇ، غىزايىڭلارنى ئېتىدۇ، كىرلىرىڭلارنى يۇيىدۇ، بالاڭلارنى تۇغۇپ قاتارغا قوشىدۇ. بۇ ئىشلار ئوڭايمۇ! ئۇلارمۇ بەدىنى گۆش بىلەن سۆڭەكتىن پۈتكەن ئادەم زاتىغۇ! سىلەر بولساڭلار تەييارغا ئىگە بولىسىلەر. نېمىشقا ئۇلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمايدۇ سىلەرنىڭ! بالىلىرىم، بۇندىن كېيىن مۇنداق باغرى تاشلىق قىلغىنىڭلارنى ھەم ئاڭلىماي، ھەم كۆرمەي. يەنە قايسىڭلار شۇنداق قىلساڭلار ئىككىلا ئالەمدە رازى بولمايمەن. ئۇقتۇڭلارمۇ؟!

ھەممىمىز بەس - بەستە ۋەدە بەردۇق ۋە كېيىنمۇ ۋەدىمىزگە ئەمەل قىلدۇق.

ئانا، سىزنىڭ كۆيۈمچانلىقىڭىز ئۆز جەمەتىڭىزدىكىلەر بىلەنلا چەكلەنگەن ئەمەس. سىز مەيلى شەھەردە، مەيلى يېزىدا تۇرغاندا بولسۇن، قولۇم - قوشنىلار بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتەتتىڭىز، بىزنىمۇ شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلاتتىڭىز. ھەر قېتىملىق تاماق ۋاقتىدا ئىككى يان قوشنىمىزغا بىر چىنىدىن غىزا چىقارماي داستىخانغا ئولتۇرمايتتىڭىز، ئۇلارمۇ بىزگە تاماق كىرگۈزمەي قويمايتتى. قولۇم - قوشنىلار ئارىسىدىكى ھەرقانداق جېدەل - ماجىرا، ئازارلىنىشلار سىز

① شەيتانچاق — ۋېلىسىپىت (ئاپتور).

ئارىلاشقان ھامان بېسىقىپ قالاتتى، يۇرتتا كىم ئاغرىپ، كىم ۋاپات بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ھەرقانچە يىراق بولسىمۇ بارماي قالمايتتىڭىز. يېزىدا تۇرۇۋاتقان چېغىڭىزدا بىز سىزنى يوقلاپ ئېلىپ بارغان قەنت - گېزەك، تاتلىق تۈرۈملەرنى مەھەللىدىكىلەرگە بىر تال، يېرىم تالدىن بولسىمۇ تارقىتاتتىڭىز.

— تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر بالىلىرىم، — دەيتتىڭىز بىزگە. بۇ ئادىتىڭىز تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر داۋاملىشىپتۇ. ئاكىلىرىمنىڭ ئېيتىشىچە، شەھەردىكى جىيەنلىرىم سىزنى قۇۋۋەتلىكرەك غىزالانسۇن دەپ گۆش، كاۋاپ، ھەسەل دېگەندەك نەرسىلەرنى پات - پات ئېلىپ بارىدىكەن، سىز ئۇ نەرسىلەردىن جەمەتىمىزدىكى چوڭ-كىچىك ھەممەيلەنگە، قولۇم - قوشنىلارغا ئېغىز تەگكۈزمەي قالمايدىكەنسىز، تۇغقانلار:

— ئانا، سىز ياشىنىپ قالدىڭىز ھەم كېسەلچان، بۇ نەرسىلەرنى ئۆزىڭىز يېسىڭىز بولاتتى، — دېيىشسە، سىز:

— ئۆگىنىپ قاپتىمەن بالىلىرىم، يالغۇز يېيىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، — دەيدىكەنسىز.

ئانا، سىز ئوقۇغۇچىلارغىمۇ بەك كۆيۈنەتتىڭىز. مەكتەپتە بىر مەزگىل تەرتىپ-ئىنتىزام قاتتىق چىڭىتىلىپ، ھەر ھەپتىدە خۇلاسىلەپ تەقدىرلەش ۋە تەنقىدلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ مەن سىنىپ مۇدىرى ئىدىم، سىنىپىمدا شەھەرلىك بالىلار كۆپرەك بولۇپ، يەھۇدە شوخلۇق قىلىدىغان، دەرسلەرگە كېچىكىدىغان، قاتنىشالمايدىغان ئىشلار ھەمىشە يۈز بېرىپ تۇراتتى. شۇڭا ھەر قېتىملىق خۇلاسىلەشتە «قارا بايراق» بىزگە مەنسۇپ بولۇپ قالاتتى. مەن ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسامۇ، سەۋەنلىكلەرنى تامام تۈگىتەلمىدىم. راست، ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى ئالدىنقى قاتاردا تۇراتتى. لېكىن ھېلىقىدەك ئىشلار تۈپەيلىدىن «قالاق» دېگەن ئاتاقتىن قۇتۇلالمىدۇق. سىنىپنىڭ ئىلغارلىق - قالاقلىقىنى باھالاشتىكى بۇ خىل شەكىلۋازلىق ئىدىيەمدىن ئۆتمىسىمۇ، ئۇنى قوبۇل قىلماسلىققا ئامالسىز ئىدىم، جىدەل بولاتتىمۇ، بويسۇناتتىم. بىر شەنبە كۈنى ئاۋۋال سىنىپ ھەيئەتلىرى، ئاندىن ھەممە ئوقۇغۇچىلار بىلەن يىغىن ئېچىپ، ئالدىمىزدىكى ھەپتىدە «ئىلغار» دېگەن نامغا ئېرىشىشكە قەتئىي نىيەت باغلىدۇق، تەدبىرلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتتۇق. شۇ ھەپتىسى سىنىپ ماڭا بۆلەكچىلا ياخشىلىنىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئىنسان بالىسى تەمەدىن تامامەن خالىي بولالمايدىكەن، ھەپتە ئاخىرلاشقانسېرى مەنمۇ: «بۇ نۆۋەت چوقۇم تەقدىرلىنىدىغان بولدۇق» دەپ ئۆز-ئۆزۈمنى خۇشال قىلىپ يۈردۈم. بىراق، خۇلاسە يىغىنىدا يەنە تەنقىد ئاڭلىدىم، «قارا بايراق» يەنىلا ئورنىدىن قوزغالمىدى. مەلۇم بولۇشىچە، ھەپتىنىڭ 6-كۈنى شەھەرلىك بىر ئوقۇغۇچى 5 - سائەتلىك دەرسكە 10 مىنۇت كېچىكىپ قاپتۇ. بۇ قېتىم ئۆزۈمنى زادى باسالمىدىم. مەجلىس ئارىلىقىدا غەپپىمدە سىرتقا چىقىپ ھېلىقى ئوقۇغۇچىنى تاپتىم - دە، مەن يىغىندىن قايتقۇچە ئۆيگە قايتىپ كەتمەي سىنىپتا مېنى ساقلاپ تۇرۇشنى بۇيرۇدۇم. يىغىندىن كېيىن سىنىپقا بارسام، ئۇ ئوقۇغۇچى گۇناھكارلارچە

شۇمشىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنى كۆردۈمۇ، ئۆزىنى ئاقلاشقا ئازراقمۇ پۇرسەت بەرمەي تالاپ كەتتىم. 15 - 16 ياشلارغا كىرەپ قالغان بۇ يىگىت ئۈنسىز ياش تۆكۈشكە باشلىدى. شۇندىمۇ ئەيىبلەشتىن توختىمىدىم. بىر چاغدا ئىشىك تاراققىدە قىلىپ ئېچىلدى. ئاچچىقىم بىلەن بۇرۇلۇپ قارىشىمغا سىزنىڭ غەزەپلەنگەن چىرايىڭىزغا دۈچ كەلدىم.

— بالام، قاچاندىن بېرى مۇنداق زالىملىشىپ كەتتىڭىز؟— دەپ سورىدىڭىز ماڭا مىختەك تىكىلىپ ۋە جاۋاب كۈتمەيلا سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇردىڭىز،— باياتىنىقى ئاڭلاپ تۇرسام، ئۆتمۈشتىكى ئەمەلدار - بەگلەردىنمۇ قاتتىق دەشنەم بەردىڭىز بۇ بالىغا.

— ئانا، بۇ ئىشقا ئارىلاشماڭ!— دەپ گېپىڭىزنى بۆلدۈم مەن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم سىزگە شۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىپ.

— نېمىشقا ئارىلاشمىغۇدەكمەن؟— دېدىڭىز ماڭا تېخىمۇ قاتتىق تىكىلىپ،— مېنىڭ زالىم بالام بوزەك قىلىۋاتقان بىر بىچارىنى مەن قوغدىمىسام، كىم قوغدايدۇ؟

— لېكىن مەن مۇشۇ بالا تۈپەيلىدىن يەنە تەنقىد ئاڭلىدىم. شۇڭا ھازىر بۇ ھارامزادىنى...

— تىلىڭىزنى تارتىڭ!— سىز غەزەپ بىلەن سۆزۈمنى بۆلۈۋەتتىڭىز،— ئالدىڭىزدا تىترەپ تۇرغان بۇ بىچارىگە تىل تەگكۈزمەڭ! ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ نېمانچە باغرى تاشلىق قىلىسىز؟

سىز ئۆمرىڭىزدە ماڭا ھېچقاچان مۇنداق چېچىلىپ باقمىغانىدىڭىز، شۇڭا ئۈجۈقۇپ كەتتىم. ھېلىقى بالا بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. سىز ماڭا تازا بىر ئالىيىۋېتىپ، ئۇنىڭ يېنىغا باردىڭىز - دە، لېچەكىڭىزنىڭ ئۇچى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ، تەسەللى بەردىڭىز. بالا بىرھازادىن كېيىن ئېسەدەپ تۇرۇپ:

— دادام دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان، چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئۇنىڭغا تاماق ئاپىرىمەن دەپ...— دېدى.

سىز ماڭا شۇنداق زەردە بىلەن قارىدىڭىزكى، مەن ئۈچۈن ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق بولدى.

جېنىم ئانا، شۇ تاپتا مۇشۇ ئىشلارنى ئەسلەۋېتىپ، يەنە كۆز ياشلىرىمنى توختىتالماي قالدىم. سىز راستتىنلا بىر مېھرىبانلىق پەرىشتىسى ئىكەنسىز. سىزدەك پەرىشتىلەر مەڭگۈ ئۆلمەي ھايات ياشىسا، بۇ ئالەم قانداق بەختىيار بولۇپ كېتەر ئىدى - ھە!

شۇ تاپتا بىر دانىشمەننىڭ مۇنۇ بىر سۆزى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئۆمرىنى سايىغا ئوخشىتىپ: «بىزمۇ شۇنداقلا بىر سايە خالاس، ئاشۇ سايىگە ئوخشاش ئىلىپ، لا قىلىمىز - دە، غايىب بولىمىز» دەپتىكەن، ئېھتىمال، ئۇ بۇ يەردە ئىنساننىڭ ئۆمرىنىڭ تولىمۇ قىسقا بولىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتتىمىكىن دەپ ئويلايمەن. ئىنساننىڭ شۇ قىسقا ئۆمرى ئىچىدە قىلغان - ئەتكەن ياخشى-يامان ئىشلىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنداق دېگىلى بولمىسا كېرەك. چۈنكى، سايە دېگەن ئۆچكەندىن كېيىن ھېچقانداق ئىز قالدۇرمايدىغان نەرسە. قەدىردانىم ئانا، سىز بىز پەرزەنتلەر ئۈچۈن

ھەرگىزمۇ لەپ قىلىپ ئۆچكەن سايە ئەمەس! بىزنىڭ قانداق ئادەم بولىشىمىز ئۈچۈن سىز قالدۇرۇپ كەتكەن ئۆرنەكلەر بەك تولا. مېنىڭ بۈگۈن ئەسلىگەنلىرىم بىر نەچچە تامچىلا، خالاس!

ئانا، ھايات ۋاقتىڭىزدا: «سىلەرگە قىلىدىغان ئاخىرقى ئىلتىماسىم، قازا قىلغىنىمدىن كېيىن مېيتىمنى ھەممە قائىدە - يوسۇنلارغا مۇۋاپىق ئۇزىتىڭلار، بىرەرسىمۇ قېلىپ قالمىسۇن» دېگەن گەپنى كۆپ تەكرارلايتتىڭىز. ھازىر سىزگە شۇ توغرىلىق سۆزلەپ بەرمەكچىمەن:

ئاكىلىرىمنىڭ ئېيتىشىچە، مېيىتىڭىز ئۇزىتىلىشتىن ئىلگىرى ئىككى - ئۈچ سائەت ھەلقە قىلىنىپتۇ، يىغىلغان ئادەملەر ھويلىمىزغا سىغماي كوچىدىمۇ سەپ بولۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. شەھەردىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ ماشىنىلىرى مەھەللىمىزگە سىغماي قاپتۇ. جىنازىڭىزنى تالىشىپ كۆتۈرۈشكەن ئادەملەرنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىكەن. قەبرىڭىز ئالدىدا يۇرتىمىزدىكى ئەڭ ئابرويلۇق موللام ئۇزاققىچە تەپسىر ئېيتىپتۇ، سىزنىڭ پەزىلەتلىرىڭىزنى بىرمۇ بىر بايان قىلىپتۇ. ھېچكىمنىڭ سىزدە قەرزى ياكى دەۋا - دەستۈرى يوق ئىكەن. قەبرىڭىز ئالدىغا چېدىر تىكىلىپ 10 نەچچە ئۆسمۈرنىڭ قۇرئان ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بۇ ئىش ئۈچ كېچە - كۈندۈز داۋاملىشىپ تۆتىنچى كۈنى ئاندىن توختىتىلدى. ئۈچ، يەتتە، يىگىرمە ۋە قىرىق نەزىرلىرىڭىز تولۇق بېرىلدى.

يەنە بىر ئىشنىمۇ ئېيتىپ ئۆتەي، بۇنى ئاڭلىسا روھىڭىز تېخىمۇ خۇشال بولىدۇ.

سىز دەپنە قىلىنغان كۈننىڭ ئۆتەر كېچىسى يېزىمىزدىكى يۈزلىگەن ئاياللار ھويلىمىزغا جەم بولۇپ تۈنەك قىلىشتى. شۇ ئاخشىمى بىز ئاكا - ئۇكىلار يانىدىكى چوڭ ئاكامنىڭ ئۆيىدە سىزنى ئەسلىشىپ ئولتۇرغاندۇق. بىر چاغدا، ئاياللارنىڭ چوڭ ئۆي تەرەپتىن بىر ھۆكمەت① ئوقۇۋاتقان زىل ئاۋازى ئاڭلاندى. مەن باشتا: «بىرەر بۇۋىمىزنىڭ قىزغىنلىقى قوزغىلىپ قالغان بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپتىمەن، لېكىن ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي بايىقى يېگانە ئاۋازغا بىر توپ ئاياللارنىڭ تەكشى ھالدىكى: «ھا - ھۇم» دېگەن ئاۋازى قوشۇلۇپ ئىختىيارسىز دىققىتىمنى تارتتى.

— ئاياللار مەرھۇم ئانامنىڭ روھىغا ئاتاپ ھەلقە قىلىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى چوڭ ئاكام بۇ ھەقتىكى سوئالىمغا. — ئۇلار بۇ ئىشنى تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشتۇرىدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولدۇم. بىزنىڭ بۇ يۇرتتا ئەزەلدىن مۇنداق بىر ئادەت بار ئىدى: يۇرتتا كىمنىڭكى ۋاپات بولسا (مەيلى ئۇ ياشانغان بوۋاي، موماي

① ھۆكمەت - ھېكمەت سۆزىنىڭ خەلق تىلىدا تەلەپپۇز قىلىنىشى. بۇ يەردە ئاممىۋى دىنىي پائالىيەتلەردە ئاياللار تەرىپىدىن ئاھاڭغا سېلىنىپ ئوقۇلىدىغان تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى شېئىرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ياكى تېخى چىشى چىقمىغان بوۋاق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر)، ئۇنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى جامائەت مىيىت چىققان ئۆيگە جەم بولۇپ، بىرەر ھاپىزنىڭ باشلامچىلىقىدا مەلۇم ۋاقىت ھەلقە قىلىپ، جەرە سالاتتى. بۇ خىل پائالىيەتكە ئىشتىراك قىلغۇچىلار سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىنى ۋە ئۇنىڭ قانچىلىك ۋاقىت داۋاملاشقانلىقى مەرھۇمنىڭ ئەل - يۇرت ئىچىدىكى ئابرويىغا مۇناسىۋەتلىك بولاتتى. بۇ ھېچقانداق مەجبۇرىيەت ياكى ماددىي مەنپەئەت تۈسىنى ئالمىغان ئىختىيارىي ئاممىۋى پائالىيەت بولغاچقا جامائەتنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان كىشىلەرنىڭ ھەلقىسىگە ناھايىتى كۆپ كىشىلەر قاتنىشاتتى ۋە خېلى ئۇزاق داۋاملىشاتتى. لېكىن ئۆتەر كېچىسى ئاياللارنىڭمۇ مۇنداق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئۇنى پۈتۈن بىر كېچە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ھەم كۆرمىگەن، ھەم ئاڭلىمىغانىكەنمەن.

— بۇ ئادەت بۇرۇنمۇ بارمىدى؟ — ئىختىيارسىز قىزىقىپ سورىدىم.

— بار ئىدى، لېكىن ھازىرقىدەك ئەمەس، ئۇرۇغ - تۇغقان، قولۇم - قوشنا ئاياللار بىلەنلا ئېلىپ بېرىلاتتى؛ ھازىر باشقا مەھەللىلەردىن، ھەتتا خېلى يىراق جايلاردىنمۇ كېلىدىغان بولۇشتى. ھېلىقى بالىلارنىڭ ئانىسىدىن ئاڭلىسام، بۈگۈن بۇ يەرگە يىغىلغانلار ئىچىدە قوشنا يېزىلىق ئاياللارمۇ بارمىش.

مەن بىر پەس خىيالغا چۆكتۈم:

بۇ ئىش قارىماققا نۇقۇل دىنىي پائالىيەتتەك كۆرۈنىدۇ، ئاڭلىشىمچە، ئەرەبىستان ۋە پاكىستان تەرەپلەردە مۇنداق ئىش يوقمىش. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇ بىر خىل دىنىي مەزھەپنىڭ مەھسۇلى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاش مۇمكىن. بىراق بىزنىڭ يۇرتلۇقلار بىلەن ئوخشاش مەزھەپكە تەئەللۇق بولغان بەزى جايلاردا مۇنداق ئادەت يوق ئىكەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇ مەزھەپكىمۇ تەۋە بولماي، بەلكى مەھەللىۋى خاراكتېرگە مەنسۇپ بولۇپ قالىدۇ. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭدا مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك مۇنداق بىر نۇقتا بار: كىمكى تىرىكلىكىدە ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىپ، ئەل - يۇرتنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولسا، ئۆلۈمىمۇ شۇنچە قەدىر - قىممەت تاپىدۇ! ھازىر شەھەرلەردىمۇ بەزى داڭلىق ئەربابلارنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن داغدۇغىلىق تەزىيە يىغىنلىرى ئېچىلىدىغۇ. بىر خىل سىياسىي پائالىيەتتەك كۆرۈنگەن مۇنداق يىغىنلار ئەمەلىيەتتە مەرھۇمنىڭ ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەت ئالدىدىكى ئىززەت - ھۆرمىتىنىڭ يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىنىشى. يېزىلاردىكى ئاددىي ئادەملەر ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلگەن بۇ خىل پائالىيەتلەر دىنىي شەكىل ئالغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەل - يۇرتنىڭ مەرھۇمغا بولغان ئىخلاسىنىڭ چوڭقۇر ئىپادىسى سۈپىتىدە ئوخشاشلا قەدىرلىكتۇر! بۇ خۇددى «ھەممىنىڭ يۈزى كەبىگە قارىغان. كەبىنى

ئېلمۇەتسە مەلۇم بولىدىكى، ئىنسانلار بىر-بىرىسىنىڭ قەلبىگە سىغىنىدۇ. بىرىنىڭ قەلبى باشقىسى ئۈچۈن سەجدىگاھ»① دېيىلگىنىگە ئوخشاش.

*　　*

يەنە قەبرىستانلىق. بىر چاغدا ئارقا تەرىپىمدىن خىرتىلدىغان، ئىسەدىگەن ئاۋازلار قۇلىقىمغا كىردى. ئىختىيارسىز ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىدىم. 40 — 50 تەك ئادەم ئارقامدا رەتسىز تىزىلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلارمۇ، بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان يىگىتلەرمۇ بار، ھەممىسىنىڭ چىرايى قايغۇلۇق، كۆزلىرىدە ياش.

بۈگۈن پەيشەنبە كۈنى ئىدى. كىشىلەرنىڭ بۇ كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن قەبرە يوقلايدىغانلىقى ئېسىمگە كەلدى. ئېھتىمال، بۇ ئادەملەر ئۆزلىرى كۆزلەپ چىققان قەبرىلەرنى ئىزلەپ بولۇپ، مۇشۇ يەرگە كېلىشكەن بولسا كېرەك. مەرھۇم ئانامنىڭ قەبرىسىگە دۇئا قىلىشقا كېلىشتىمىكىن ياكى مەن بەك ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتكەچكە ماڭا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن كەلگەنمىدۇ؟ مەن تېخى سوئالىمغا جاۋاب تاپماي تۇرۇپلا ئۇلار ئارقا-ئارقىدىن يۇمشاق توپا ئۈستىگە تىز چۆكۈشتى. ئاندىن ئەڭ مويسىپىت بىرەيلەننىڭ ئىشارىسى بىلەن بىر ياش يىگىت گېلىنى قىرىپ قويۇپ «تابارەك»② نى باشلىدى. ئەمدى بايىقى سوئالىمغا جاۋاب تاپتىم: بۇ كىشىلەرمۇ بۇ يەرگە مەرھۇم ئانام ئۈچۈن كېلىشكەنىكەن!

جىمجىت قەبرىستانلىق ئاسمىنىدا قارىينىڭ مۇڭلۇق ۋە رىتىملىق ئاۋازى ئۈزلۈكسىز ياڭراپ، بىز تىرىكلەرنىڭ مەرھۇملارغا بولغان سېغىنىشىمىز ۋە قايغۇمىزنى ئۇلارنىڭ ئالەمدە پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن روھلىرىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا قۇلاق سالغاچ، ئانامنىڭ جىسمىنى ئۆز باغرىغا ئېلىپ تۇرغان بىر دۆۋە تۇپراققا سۈكۈت ئىچىدە قاراپ ئولتۇرۇپ مەشھۇر مۇتەپەككۇر ئابدۇل ھەسەن ھەرەكانىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى ئەسلىدىم: «ئاھ، يەر ئۈستىدە يۈرگەن بەزى ئادەملەرنى بىز تىرىك ھېسابلايمىز، ئەسلىدە ئۇلار ئۆلۈك. يەر ئاستىدا ياتقان بەزى زاتلارنى بىز ئۆلۈك ھېسابلايمىز، ئەسلىدە ئۇلار تىرىك.»

1993 - يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

مەسئۇل مۇھەررىر: روزىمۇھەممەت جۇمە

① «جالالىدىن رۇمى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

② تابارەك — قۇرئاندىكى بىر سۈرە.

ئادىلجان تۇنىياز

# غايەت زور يۇلتۇزدۇر بۇگۈن يەر شارى

## ئۆي

بار بولغاچقا دېرىزە،
ئوخشىمىغان ئۆيلەر قەبرىگە.

تۈگىلاپ قالغان دەرەخزار ئارا،
خىلۋەت كەنت پۈركۈنۈپ قارغا،
ئاق توشقاندەك ياتار جىمغىنا،
پاكار - پاكار قىڭغىر ئىشىكلەر.
چۈشلىرىدە قىلار تەبەسسۇم،
ساقاللىرى ئاپئاق پورەكلەپ،
كىرىپ كەلگەن يات يولۇچىغا.
تام ئۈستىدە بەزى - بەزىدە،
ئاي نۇرىدىن چۆچۈپ ئويغانغان،
چوكا مۇزلار قالار يالتىراپ.
يىغلىغاندەك ھاۋشۇيدۇ ئىتلار،
لېكىن ماڭا ئەمەس يېڭىلىق.
پەنجىرەمدە نەپىس تور توقۇپ،
بەزىلىمەكچى بولار ئۆمۈچۈك.
بىرەلمەيدۇ لېكىن ئىللىقلىق،
ياشلىرىمنى سۈرتۈمەن پەقەت،
شېئىرىمنى قول ياغلىق قىلىپ.

مەن سەھرانىڭ غېرىب شائىرى،
غېرىب ئاي ھەم يۇلتۇزدىن باشقا،
تونۇمايدۇ ھېچكىممۇ مېنى.
خىيالىمغا سالغان كەپەمگە،
كەپ باقمىدى تېخى بىر ئادەم.
كەلمەسلىكى مۇمكىن ئەبەدىي،
(بەلكىم يالغۇز مېنىڭدۇ ئالەم).
خىيالىمنىڭ يىراق چېتىدىن،
شولا تارتىپ كۆتۈرۈلەر كۈن.
بەرىبىردۇر ئەتىمۇ يەنە،
بەرىبىردۇر كۈنلەر مەن ئۈچۈن.
مەن سەھرانىڭ غېرىب شائىرى.

## چۈشكە قايتىمش

تاڭ يىپلىرىدا،
رۇجىكىڭنى ئۇلاپ قويۇپ
رۇجەكلىرىمگە،
پىچىرلىشايلى تاتلىق چۈشلەرنى.
سەن ئېيتىپ بەر چۈشۈڭنى ماڭا،
مەن ئېيتىپ بېرەي چۈشۈمنى ساڭا.
كىم بىلىدۇ ئىككىمىزنىڭ
ئەڭ ئاخىرقى ئوخشاش بىر چۈشى،
مەڭگۈلۈك بەختنىڭ

باشلىنىشى بولامدۇ تېخى؟
يا ئازابلىق رېئاللىقنىڭ مۇقەددىمىسى؟
كېلىپ قالساڭ ئۇخلاۋاتقان چېغىمدا،
كىرپىكىمگە ئىلىنىدۇرۇپ قوي،
چوكۇلدىتىپ سۆيۈشلىرىڭنى.
قالدۇرۇپ كەت تامچە يېشىم ئۈستىدە،
گۈگۈمدىكى جىمجىت كۈتۈشنى.

*　　*

سەن چۈشكەن چىنارىدا،
ئۈۋىلىسا مېنىڭ قۇشلىرىم.
مەن چۈشكەن گۈلزاردا،
پورەكلىسە سېنىڭ گۈللىرىڭ.
بېغىڭدىكى سۆيۈملۈك ئالما،
بىرەلەرمۇ كەچكۈزدە ماڭا،
شاخ ـ شېخىدا ساڭگىلاپ تۇرغان،
ئالما كەبى ئۇتلۇق يۈرەكنى.

*　　*

ئانام تىكىپ بەرگەن شاپاق دوپپامنى،
كالا باققان يەرلەردە يىتتۈرىۋەتكەندەك.
ئاناڭ توقۇپ بەرگەن گۈل ياغلىقىڭنى،
ئوت ئالغان ئېتىزدا ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك
ئۇنتالىشىمىز مۇمكىن قانچە رەت،
بىرلا قېتىم كۆرگەن شۇ چۈشنى؟!

*　　*

بۇزۇلسىمۇ چۈشىمىز بىزنىڭ،
دۇنيا يەنە قالار قىز پېتى.
سىغدۇرمىغاندەك
بىر ۋاقىتتا ئاي بىلەن كۈننى،
سىغدۇرمىسا بىزنى ئادەملەر
يۈر! قولۇڭنى بەر!
قايتىپ كېتەيلى گۈزەل چۈشلەرگە.

## يالغۇزلۇق

خانەم سوغۇق تاملار بەك سوغۇق،
ئېھ قورقىمەن يالغۇز قېلىشتىن.
كارىۋات سوغۇق يۈرىكىم سوغۇق،
قورقىمەن جىم خىيال سۈرۈشتىن.

دېرىزەمنى ئېچىپ قويىمەن،
توڭلاپ كەتتىم كىرسۇن دەپ باھار،
ئەللەي ئەتكىن مېنى تەبىئەت،
ئۇخلاي بىغەم كۆلسۇن ئاپئاق قار...

ئەنۋەر مەتسەيدى

## غەزەللەر

1

تېتىدىم نەچچە زامان يېگانىلىقنىڭ تەمىنى،
مىڭ تۈزۈككەن يار ئۈچۈن يۇتماق رەقىبلەر زەھرىنى.
قورشىسا كۈن ـ تۈن دىلىمنى شۇ غېرىپلىق لەشكىرى،
كىم قىلۇر تاقەت، يۇتۇپ بىچارىلىقنىڭ دەردىنى.

يار دېگەن ئامەت ئىكەن، دۆلەت ئىكەن، سۆلەت ئىكەن،
يەڭگىلى ئۆتكۈر قورال شۇم قىسمىتىمنىڭ قەھرىنى.
چاقنىسۇن سۆيگۈ، ساداقەت كۆكىدە كۈندەك ئەبەد،
نۇر بېرىپ ئاسمان - زېمىنغا ياشنىتىپ بار شەيئىنى،
يۈرگىمنىڭ ئۆلگەنگە تەڭ «يۇلغۇن» يېگانە غەم بېسىپ،
چىن ۋاپادار يار ئۈچۈن كەچكىن ساداقەت بەھرىنى.

2

ئاق چىراي، ئاپئاق چىرايلار مەستلىكىمنى كەلتۈرەر،
گۈل سىياق، گۈلدەك سىياقلار مەستلىكىمدىن يەشكۈزەر.
كۆن دېسەم ئاھۇ كۆزى بار، گۈل دېسەم ئاھۇ شىسال،
چاچىسا ئىپار ھىدلىرى، ئەقلۇ ھوشۇمنى كەتكۈزەر.
بۇ گۈزەل باغ ئەركىسى رەڭدار كېپىنەكلەرمۇ يا،
جانىمنى رەققاسىمان شادلىق كۆلىگە چۆككۈزەر.
خۇش تەبەسسۇم، خۇش سالام، خۇش پېئىللىك، خۇش كالام،
بەلنى يا چاقتەك ئېگىپ، باشىمنى كۆككە يەتكۈزەر.
مەنمۇ چۆلنىڭ زىننىتى دەپ بولما «يۇلغۇن» ناپىسەنت،
كىمگە بەردىڭ زوق - ھۇزۇر، بىلگىن «نومۇس ئەر ئۆلتۈرەر».

3

راھىتىنى كۆرمىدىم سۆيگۈ دېگەننىڭ دەپتىمەن،
بىر كۆيۈپ، مىڭ بىر ئۆلۈپ غەملەر يېگەننىڭ دەپتىمەن.
ئاھ ئۇرۇپ ھىجران چۆلىدە بىداۋا بىمار بولۇپ،
دەردىدىنى تارتىم ۋىسالغا يەتمىگەننىڭ دەپتىمەن.
نە پەرى، نە ئادىمىنى ئىستىمەس ئاشىق ئۈچۈن،
كەچتە يوق ھىجران، جىمىسى ئەتىگەننىڭ دەپتىمەن.
بولسا گەر ئىشقىم خۇسۇسىي، مىكرىدىن تاپقاي ۋىسال،
چۈنكى گۈل، بۇلبۇل سىياقى شائىرغانىڭ دەپتىمەن.
بىلكى «يۇلغۇن» سۆيگۈسى — ھىجران چۆلىنى كۆكلىتىش،
ئۇنچە تېز چۆلنى كۆكەرتمەك ئالجىغاننىڭ دەپتىمەن.

4

ئى گۈزەل يار ئالدىراپ مەن «بىۋاپا» نى تاشلىماڭ،
سىزنى دەپ قان يىغلىغان قەلبى يارانى تاشلىماڭ.

باشتا سۆيگەندىم ساداقەت بىلدۈرۈپ مىنىڭ جان بىلەن،
روھىي ئىستەك توزىغان بەختى قارانى تاشلىماق.
مەن نىيەتىي، شۇ جان ئانام باغرىمى زەرداب ئەيلىسەم،
ئۆزى تەگلىك ئىلكىدە قەلبى نازانى تاشلىماق.
ئۇندا سىز، مۇندا ئانام، ئۇندا ئۆيۈم، مۇندا ئۆزۈم،
جەملىمەككە بىر ئۆمۈر جانى پىدانى تاشلىماق.
تىلىكىم: سۆيمەك بۆلەكنى ۋە يانا كۆيمەك ماڭا،
ۋە تامام ئۇنتۇك، يەنە ئىككى ئارانى تاشلىماق.
كىم بىلەر، يىلتىز تىرەنلىك ياگۇناھ، ياكى ساۋاب؟!
ھېچ ئەمەس ئۆلگەندە «يۇلغۇن» سىز مازارنى تاشلىماق.

ئابابەكرى تۇيغۇن

## شۇنداق گۈزەل ياتسەن ئۇخلاپ...

شۇنداق گۈزەل ياتسەن ئۇخلاپ،
ئۇنتىغاندەك تۆرەلگىنىڭنى.
روھىڭ نەگە كەتكەندۇ چاچراپ؟
تاشلاپ نازۇك لېۋەنلىكىڭنى.
ئاھ! مەن كەلدىم بولۇپ ئاق تۇمان،
ۋۇجۇدۇڭنى يۆكلە پەرىزات!
كۆكسۈم سېنىڭ بولسۇن ئۆز ئۆيۈڭ،
يۈرىكىمدە كۆكلە پەرىزات!

شۇنداق گۈزەل ياتسەن ئۇخلاپ،
ئۇنتىغاندەك تۆرەلگىنىڭنى.
كىم ئۇ سەرسان كۆيىمنى يادلاپ،
يۇدۇپ يۈرگەن نازۇك ئۇنۇڭنى؟

ئەجەب تاتلىق شېرىن سۈكۈتىڭ،
ئويناق بىر روھ ياراتتىڭ ئاخىر.
ئۇچۇپ كەتتىڭ چەكسىزلىك تامان،
پەرۋازىڭنى ئويناتتىڭ ئاخىر.

ئويۇپ قالغان كۆكسۈڭدە دېڭىز،
ئەگىپ يۈرگەن ئۇۋىسىز بىر مۇڭ،
قۇشلىرىنى ھۆركۈتتى توگەل،
سوغۇقىنا .كۈيلەپ بىر غەزەل:
كىرپىكىڭدە كۆيۈپ قاتقان كۈي
تۇرار مەڭگۈ سىيرىلماس بولۇپ.
سىغدۇرارسەن ناخشاڭنى نەگە،
زىنىقىڭغا ئۇ ئالسا قونۇپ؟

نەسرۇللا ئابلەت

## تارىم ناخشىسى

تەسىرلىك، يېقىملىق ناخشاڭغا تارىم
كىرگەندە ئەقلىمگە قويدۇم مۇھەببەت.
مەندىكى چىن غايە ئېتىقاد پەقەت
ناخشاڭنىڭ كۈيچىسى بولۇش تا ئەبەت!

سەن ناخشا مەنبەئى، ئەقىل بۇلىقى،
سەن يۈرەك پارىسى، ئۇنىڭ چېرىغى.
مەن كەچكى شەپەققە باقسەن تاغلار
ئوتقاش رەڭ ئالدۇ ئاخشامدا ھەيۋەت.

مەن سامان يولىغا تاشلىسام نىگاھ،
سەن ئۇندا ئاقسەن، تۆكۈسەن شەربەت.
سەن شەپەق ئىنسانلار ئىستىلىدىغان،
سەن نۇرلار مەنبەسى تۈگمەيدىغان.
يۇەران، ئۇز نىھالدەك ساناقسىز بوۋاق
ئىگىلەپ تۇغۇلار قۇچاقلىرىڭدا.
سەن تەگرى تېغىغا قۇرداش دەرياسەن،
تاۋلاندى ئىرادەم ئوچاقلىرىڭدا.
ھاياتلىق بەرىسەن ئانىغا بۆشۈك،
بىر ئىللىق ئوچاقسەن، سەن ئالتۇن كۆشۈك.

سەن مەۋجۇت-مەن مەۋجۇت ئىكەن‌دا ھامان،
تەسەددۇق ئەيلىدىڭ شۇنداق مۇھەببەت.
سەن چايقاپ ئاققاندا ئالتۇن، قاشتېشى،
ھاياجان ياشلىرىم ئاققان بىتاقەت!
سەن ۋۇلقىت مەن ئۈچۈن كۆكلەشكە قابىل،
سەن بوشلۇق مەن ئۈچۈن ئۆرلەشكە كامىل.
سەن تاغلار بېشىدىن ساقىپ كېلىسەن،
تاغلارنى باغلارغا ئۇلاپ ياشارتىپ.
نى باغلار جەم بولار قۇملۇقلار ئارا،
سەن شەربەت ئىچكۈزگەچ چۆلنى ئازايتىپ.
سەن تاغلار بېشىغا ئورالغان لېچەك،
سەن باغلار ھۆسنىگە باغلانغان يېپەك.

تەگرى تاغ يىراقتىن باقىدۇ ساڭا،
يان - يېنى سەن ئۈچۈن تۈگمەس بۇلاق.
مىڭ يىللاپ مۇشۇنداق سالماقتا نەزەر،
ھەر نىگاھ شەنىگە ئوقۇلغان قوشاق.
جىمىكى ئېقىنلار چېتىلغان ساڭا،
جىمىكى قوشاقلار قېتىلغان ساڭا.

ھەر كۈنى سۈبھىدەم ئۇپۇق ئاقارسا،
بالقىيدۇ يۇرىكىم كۆكتە قۇياش.
بۇركۈت بوپ مەن كۆكتىن باقسام،
تۇغىسەن،
مىسالى مىڭ قۇياش، دىلداش قەلبداش،
سەن قۇياش ئانىسى، ئەي ئۇلۇغ دەريا،
سەن ھايات كۆيچىسى، ئەي بەدەر - بەرنا.

ۋادىلار قىرغاقلار يېشىل بىر جاھان،
يىل بويى ھەر يەردە ئوتۇق نامايان.
تەۋرىنەر ھەر ياندا ئاق بولۇتلار ھەم
كىشنىشەر يىلقىلار قوچۇپ شەرەپ - شان.
سەن گۈزەل ماكانىڭ بىباھا سۈيى،
سەن ھېكمەت - سىرلارنىڭ تۈگىمەس
كۈيى.

يان، يېنىڭ گوياكى بىر گۈزەل جىلغا،
يىللارنىڭ سوۋغىتى، زىننىتىمۇ ئۇ؟
شۇ جىلغا، شۇ يارلار بەئەينى جەننەت،
سۆيگىنىڭ كۆچىمۇ، ئىززىتىمۇ ئۇ!
سەن بىلەن ياشىرار بۇ كەڭرى ماكان،
پەقەت سەن بېرىسەن ماكانغا ئىمكان.

گاھىدا ھېكمەت كۆپ تەبىئەت سېخىي،
ئۇستۇڭدىن تۆكۈلەر بولۇتلار يېشى.
بىلمەيسەن شۇئاندا ئۇپۇق چېتىنى،
قەيەر كۆل، ھاسىل ھەم ئېقىنلار بېشى.
تەبىئەت تۇمۇرى سەن بىلەن تۇتاش،
سەن بىلەن ھەتتاكى ئاسمانمۇ دىلداش.

شۇ چاغدا جانلىنىپ كېتىسەن ھەيۋەت،
تەبەسسۇم ئەيلىسە ھەسەن - ھۆسەن ھەم.
ئوقۇيسەن كىشىلىك مەرغۇللىرىنى،
يەر - زېمىن شادلىقى ساڭا مۇجەسسەم،
جىمىكى ئىللىقلىق تۇغۇلار سەندە،
شادلىقنىڭ شاۋقۇنى ئۇلغىيار سەندە.

ئويناقشىپ ئاقسەن، دولقۇنۇڭ ھەيۋەت
خىيالار، ئۇپقۇنلار ئۆزرە ئوينايدۇ.

كىم ساڭا شۇنچە كۆپ تېرەنلىك بەرگەن؟
ئۆركەشلىك قايىنىمىڭ زوقىنى قوزغايدۇ.
دولقۇنۇڭ مىسالى قاتار - قاتار تاغ،
شۇ ئۇلۇغ ئېقىنىڭ قەلبىم كۆلگەن چاغ.
كۆكتىن ئاي مارىسا، قۇياش ئىللىتار،
كۆز قىسىپ يىراقتىن چاراقلار يۇلتۇز.
ھەيۋەتلىك شاۋقۇنلار تۈگىمەس يۇلتۇز.
ھەيۋەتلىك شاۋقۇنلار تۈگىمەس ناخشا،
پىلتىڭلاپ سۇيىڭدە ئوينايدۇ قۇندۇز.

ئاشىقلار كۆزىنىڭ نىگاھى ئۆزۈڭ،
جىمىكى ئۇزلۇقنىڭ دەرگاھى ئۆزۈڭ.
سەن ھەرگىز قۇرىماس دەرياسەن تارىم،
سۇغاردىڭ ئانا يەر — چۆللۈك ماكاننى.
سۇغاردىڭ يۈرەكنى، ئەمگەكچان ئەلنى،
سۇغاردىڭ مېھرىڭدە پۈتكۈل زاماننى.
سەن زېمىن ئەركىسى، ئاقسەن ئەبەت،
سەن بىلەن ياشنايدۇ سۆيگۈ - مۇھەببەت!

تاھىرجان مۇھەممەت

# ئۈمىدلىرىم كەتتى چېچەكلەپ

## ئۈمىدلىك بوسۇغا

جىمجىت سىنىپ، قەدىردان پارتا.

تاقالمىغان سىنىپ ئىشىكى،
بىرى كېلەر چەكسىز يېقىنلاپ.
خىيالىمدا يېقىملىق ئۆرلەش،
ئۈمىد بىلەن ئويلايمەن بىرى،
چېكەر چوقۇم ئىشىكنى شۇ تاپ.

بەك لىپىلداپ كەتتى سول قېشىم،
كارىدوردا تونۇشلا تىۋىش.
ئەسلىمىدىن بىخالاس قەلبىم، —
ئۇيقۇ باسقان خىرە كۆزۈمنى،
ئىگىلىدى ئۆزگە ئويغىنىش.

كۆزلىرىنى يىراققا تىكىپ،
مۆكگەيدۇ غېرىب بوسۇغا.

كىرىپ كېلەر بەلكى پوچتالىيون،
سېغىنغان جاي خېتىنى ئېلىپ.
دادامىكىن يا ئانامىكىن،
غۇۋا چۈشتەك ھېلىقى قىزمۇ؟
ئۆتۈپ كەتتى «لىپ» پەدە قىلىپ.

ئولتۇرىمەن بىلىپ ھەممىنى،
قايتىپ كەلمەس ئەللەي ناخشىسى،
ئاۋغۇستتىكى كۆكۈش رەڭ تۇيغۇ.
نېمىشقىدۇر شۇنداق تۇرۇپمۇ،
بوسۇغامنى يوقلىماس ئۇيقۇ.
«چوقۇم بىرى كىرىپ كېلىدۇ».

تىۋىش چىقتى سوغ كارىدوردا.

## ئەسلىمىگە يېتىۋېلىش

كەتسەڭمۇ گەر سەن مېنى تاشلاپ،
كېتەلمەيسەن مەڭگۈ يىراقلاپ.
تۈن كېچىدە ياڭغان ئۈمىدىم،
يېتىۋالار ساڭا شۇ جايدا،
بېسىپ كىرەر خىلۋەت مۇجراڭغا،
توسالغۇنى تامام پاچاقلاپ.

دەل مۇشۇ جاي،
چىمەنلىك بىر باغ،
خىيالىمغا گۈل بەرگىنىدەك.
باشلاپ كېلەر سېنىمۇ چوقۇم،
خەتلىرىڭنى گۈزەل كېپىنەك،
قانىتىغا چېكىپ كەلگەندەك.

ھەر ئاخشىمى ياتسام غەمسىنىپ،
تىنىقىمدىن تۈتۈن چىقىرىپ.
دېكابىردا ئاۋغۇست شامىلى،
ياتىقىمغا كېلىدۇ كىرىپ،
ھەسرەتلىك بىر سېغىنىش بېرىپ.

سېغىنىش ئوت سېلىپ ئىچىمگە،
كەتكىنىمىز سەنمۇ ياكى مەن؟
قىزىل گۈلنى تۇتۇپ خىيالچان،
تۈن كېچىنى ئايدەك يورۇتۇپ،
يىغلاپ تۇرغان پەرىزات كىمسەن؟

ئېخ، سۆيۈملۈك ئەسلىمىلىرىم
قاياقلارغا مۆكۈندۈڭ شۇ تاپ.
بارسام بولۇپ جەنۇب شامىلى،
ئەسلىمىگە ئورناشقان گۈللەر
ئېچىلارمۇ قايتا غۇنچىلاپ.
قايتا سىزاي سۈرىتىڭنى مەن
ۋەتىنىڭنىڭ كۆكلىگە ئاتاپ.
ئاۋغۇست، باغ، بىر جۈپ قىزىلگۈل؟
ئىكەنمىكىن گىرىمسەن خىيال،
سېغىنىشتا ياتسام ئوت بولۇپ.
لەيلەپ يۈرەر تونۇشلا پۇراق.
ئۈمىدىمۇ ئېچىپتۇ چېچەك،
سېغىنىشتىن كەتتىم قۇتۇلۇپ.

## كۆك چۆچۈرىسى

ئىنتىلىدۇ سىرتقا خىيال،
ئىسسىق ئېقىم تاراتقاندا پار،
دەپ قالىمەن بولدىمۇ باھار.
يىراقتىكى ئاقباش چوققىلار
ئۈمىدىمگە سېپىۋەتتى سۇ.
تۇمانلاردىن زېرىكتى قۇياش،
ئېتىزلىقتا ئۈمىدسىز بالا
دەيدۇ «بېدە كۆكى چىقماپتۇ.»

جىمجىت ياتاق، پارلانماقتا تۈن،
ئاڭلىنىدۇ يېنىك پۇشۇلداش.
سەزمىگەنمۇ غەمسىز دوستلىرىم،

كۆك چۆچۈرىسى سېغىنمىغانمۇ،
نېمىدېگەن تۈگىمەس ئۇخلاش؟

خىيال سۈردۈم جىمجىت ئولتۇرۇپ،
مەن بىلمىگەن بىلەن دوستلىرىم،
سەھەر كۆرگەن شېرىن چۈشىگە،
يېتىشقاندۇ مەنلەر قورۇپ.

تاغ ئارقىسى يىراق يېزىدا،
باشلانغاندۇ يېقىملىق سەھەر.
ھويلا سۈپۈرۈپ قالغاندۇ ئانا،
ئىللىقىنا بىر كۈلۈمسىرەش،

«چوقۇم قۇرۇق قايتىشىدىغۇ،
كۆكەرمىگەن بولسا يەر ئەگەر.»

خىيالىمغا بەردى نۆل نومۇر،
قۇياش نۇرى ياتاقىا كىرگەچ.
ئۆكىلىرىم خۇشال بوپ كەپتۇ،
ئويغىنىڭلار، ئويقۇدىن دوستلار،
دېرىزىنى ئېچىۋېتىڭلار،
تۇتۇش قىلدى مانا ئانىمىز،
كۆك چۆچۈرىسى يەيمىز بۈگۈن كەچ.

## ئالتىنچى مۇھەببەت

كۆرەلەيسەن شاد كۈلكەمنىلا،
ياشلىرىمنى تۆكسەم پىنھاندا.

ئۇچراپ قالدىڭ قايسى گۈلشەندە،
ھەۋەسىمنىڭ قۇربانى بولۇپ.
ھەممە قىزلار ياسىغاچ ئاچقۇچ،
ئېچىپ كىرەر قەلبىم ئۆيىگە،
مېنىڭدە بار شۇنداق بىر قۇلۇپ.
كىرەلەيسەن سۆيۈملۈك بولۇپ.
قوللىرىڭنى ئېلىپ قاچمىغىن،
ئېخ، سۆيۈملۈك يەپيېڭى قىزچاق.
قېنىۋالسۇن ئاچكۆز لەۋلىرىم،
قېنىپ بولۇپ تاشلىسام سېنى،
بولالمايدۇ لېۋىمىز ئىناق
بىلىنىدۇ لەۋلىرىڭ قىرتاق.

كۈلدۈۋالغىن قېنىپ بۇ كېچە،
كۈلەلمەيسەن كېيىنچە بەلكىم.
يۇلتۇزلارمۇ چىقالماس نۇرلۇق،
سۆگەتلەرمۇ تارقاتماس ئىپار،
تونۇلغاندا ھەقىقىي ئەپتىم،
تولۇنئايمۇ شۇنچىلا غەمكىن.
مەن،
ئاچكۆزلۈكتە بىرەقىپ لۈكچەك،
ياشلىرىڭنى تۆكمىگىن بىكار.
بىز سىرداشقان ئاشۇ كېچىلەر،
سەن ئۈچۈن بىر شېرىن ئەسلىمە،
لېكىن،
مەن ئۈچۈن بىر ئادىيلا شىكار.
قويۇۋەتكىن قولۇمنى قىزچاق،
لەۋلىرىڭنى ئېپ كەتكىن يىراق:
توپىلاردا كۆمۈلسە جىسمىم،
ئېگىپ بېرەي ساڭا بوينۇمنى،
مۇنكىر - نەكىر قىلغاندا سوراق.
قېنىپ - قېنىپ ئۇرغىن شاپىلاق.

مەخەيىر
چۈشلۈكىمنى خۇش قىلغان قىزچاق،
تاپاي ئەمدى مەن كەچلىك تاماق.
كۈنلەر ماڭا مەنىسىز تۇرسا،
نە ئامالىم قىلماي ئاشۇنداق.
ياشلىما سەن كۆزۈڭنى جېنىم،
ۋە يېنىمدىن يوقالغىن تېزراق.

كۈتۈپ تۇرار يەتتىنچى قىزچاق،
كۈلۈشلىرى بۆلەكچە ئوماق.
كۈلۈۋالغىن قېنىپ بۇ كېچە،
كۈلەلمەيسەن كېيىنچە بەلكىم.
يۇلتۇزلارمۇ چىقالماس نۇرلۇق،
سۆگەتلەرمۇ تارقاتماس ئىپار.
تونۇلغاندا ھەقىقىي ئەپتىم،
تولۇنئايمۇ شۇنچىلا غەمكىن.

## 5. توپىلەي ئاۋازى

يېنىككىنە توپىلەي ئاۋازى
يەنە كەلدى چەكسىز يېقىنلاپ.
قولاق سالدىم يەنە بىر قېتىم،
تولۇنئاينى قالدۇرۇپ ھەيران،
ياستۇقتىكى يېشىمغا خىلاپ.

قۇشتەك يۈرگەن ئەنبەر پۇرىقى...
ئۈمىدلەندىم يەنە بىر نۆۋەت.
يىراقلىدى ئاياغ ئاۋازى،
يېتىپ كەلدى ھەسرەتكە ئۆچرەت.
ئېھ، ئۇ تۈنلەر، يارقىن يۇلتۇزلار،
ئەۋەتەلمەس يىراقلاردىن خەت.

يېنىك - يېنىك ماڭغان بىر تىۋىش،
كۆرمىگەندەك مېنىملا ئەسلا،
ئۇچۇپ كەتتى كەچقۇرۇن مەھەل.
زەرداب بولغان خىياللىرىمغا،
كەيپىلىكىم ئۆرلىگەندە دەل،
خۇشاللاندىم بېرىپ ئالتۇن ھەل.

قۇياش كۈلدى يەنە بىر قېتىم،
يۇلتۇزلارمۇ يوقىلىشتى تېز.
يېنىك - يېنىك ماڭغان بىر تىۋىش،
يەر جاھاننى كۆكۈش رەڭ قىلىپ،
يېتىپ كەلدى قېشىمغا مانا،
ئۇزاپ كەتتى بىر نۆۋەت ئىزسىز،
توپىلارمۇ ياتار سېزىلمەسمىز.

ئۇچقۇنجان ئۆمەر

# روبائىيلار

ئۆمۈرنىڭ ھەر كۈنى بىزگە ئىمتىھان،
ئىمتىھان دېمەكلىك، چوڭ سىناق، مىزان.
كىمكى ۋەتەن دەپ چەكسە رىيازەت،
يار بولۇر بەختىگە، قالغاي نام - نىشان.

* *

ۋەتەننى سۆيمەكلىك ھەققانىي چوڭ ئىش،
چوڭ ئىشتىن چېكىلەر دىلغا گۈل - نەقىش.
كىمكى بولمىسا ۋەتەنگە تالىق،
تېگىدۇ ئىنسانلىق ئالەمدىن قارغىش.

* *

ياماندىن ياخشىلىق كۈتمە ئىبى كۆڭۈل،
ئازابنى ئىچىڭگە يۇتما ئىبي كۆڭۈل.
ياخشىغا يامانلىق ھايۋاننىڭ ئىشى،
نامەردنىڭ كوچىسىدىن ئۆتمە ئىبي كۆڭۈل.

* *

بىلمىسىز ئادەمنىڭ كۆڭلى قاراڭغۇ،
ھال چۈشكەن بۇغدايدەك شالاڭ، ئالاڭغۇ.
بىلىملىك ئادەمنىڭ كۆڭلى نۇر - زىيا،
گويا شوخ، مۇزىكا، بىر نەپىس چالغۇ.

* *

تىرىشچان ئادەمگە بەخت يار بولۇر،
كۆڭلىمۇ ئازادە، يوقى بار بولۇر.
ھورۇنلۇق جۇۋىسىدا ئۇخلاپ ياتسا كىم،
نۇسرەتتىن يىراقلاپ، ئاجىز خار بولۇر.

* *

ئادەمگە قۇت بېرەر غايە تۇۋرۈكى،
غايىدىن چېچەكلەر ئۆمۈر گۈللۈكى.
ئىرادە - غايىسى بولمىغان ئەرنىڭ،
ۋەتەنگە، خەلققە نېمە كېرىكى؟

* *

يالۋۇرۇپ تۈنۈگۈن «ۋاي ئاكا» دېدىڭ،
«سېنىڭدىن باشقىسى ھەم بىكار» دېدىڭ.
تۈف! بۈگۈن كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋېلىپلا،
«سېنى مەن كۆرمىگەن، ئاتاكا!» دېدىڭ.

* *

كۈلمىگىن ئۆزگىنىڭ شورىغا ھەرگىز،
قۇرمىغىن تور - تۇزاق يولىغا ھەرگىز.
بۇ ئالەم قونالغۇ، ئۆتىنە ئالەمدۇر،
يانمىسۇن ئۆزۈڭگە، زورىغا ھەرگىز.

* *

ئادىللىق ئالەمنىڭ تەڭشەك - كىرىچى،
پارقىرار ئۇنىڭدىن شەمشەر - قىلىچى.

ئادىللىق بولمىسا ئالەم چاڭ - توزان،
گەزگە ئەن مۇناسىپ، لازىم غېرىچى.

* *

بالىلار تۇيغۇسى ئانا قولىدا،
تەقدىرى، سۆيگۈسى ئانا قولىدا.
ئانىدۇر مېھرىبان، شەپقەتلىك ئىلاھ،
مىللەتنىڭ كەلگۈسى ئانا قولىدا.

* *

بالىغا ئاتا - ئانا ئەڭ بۈيۈك ئۇستاز،
ھەر ئېغىز كېيىمدىن قىلىدۇرار پەرۋاز.
تەلەپچان ئۇستازنىڭ بالىسى ئالىم،
بىتەلەپ ئادەمنىڭ بالىسى داغۋاز...

* *

ھاياسىز ئادەمدە يوقتۇر نومۇس - ئار،
بىنومۇس كۆڭۈلدە يوقتۇر ئېتىبار.
«ئۆگەنگىن ئەدەبنى ئەدەبسىزلەردىن»،
شۇندىلا خىسلەتتىن تىكلەيسەن مۇنار.

* *

بىگۇناھ، دۈشمەنلىك بولۇپ تارتتىم دەرد،
دەرد ئىچرە يۈرىكىم بولدى جاراھەت.
قولۇمغا كەلدى دەپ — كۆرەڭلەپ كەتمە!
ئۆزگىنىڭ قىساسى تۇتار ئاقىۋەت.

* *

ئۆگىنىلىك كارۋاننىڭ ئاياغ - بېشى بار،
ھەتتاكى يىلنىڭمۇ باھار - قىشى بار.
بولمىسا باش دېگەن بولامدۇ ئاخىر،
مەنىسىز ھاياتنىڭ قايغۇ يېشى بار.

* *

نومۇسلۇق ئەر ئۈچۈن ئاسمان بەك يىراق،
نومۇسسىز ئەر ئۈچۈن تىرەكمۇ دوڭغاق.
نومۇسنىڭ يۈكىنى كۆتۈرەر ۋىجدان،
ياخشىغا قاراۋۇل، دىل كۆزى ئويغاق.

* *

ئادەمنىڭ زىننىتى — شەرمى ھايادۇر،
ھايادىن ئەر كۆكلەپ، ئالەم قانادۇر.
ئەخلاقنىڭ كەمىرى چىڭ باغلانغان ئەر،
كۆڭۈللەر قېتىدىن ئالتۇن قازادۇر.

* *

ئەي پەلەك، قىلمىغىن يارىمدىن مەھرۇم،
تامچىدىن تۆرەلگەن جانىمدىن مەھرۇم.
كىندىك قان تۆكۈلگەن جاي ئەڭ مۇقەددەس،
قىلمىغىن، تەڭرى تاغ، تارىمدىن مەھرۇم.

* *

ئابرويۇڭ تۆكۈلدى، ياپراق تۆكۈلدى،
دەملىگەن ناۋات چاي، قايماق تۆكۈلدى.
چۈشمىسۇن ئۆمرۈڭدە ئابرويۇڭغا داغ،
شۇندىلا ئالدىڭغا ياڭاق تۆكۈلدى...

* *

شەپەرەڭ ھېچقاچان ئاپتاپنى سۆيمەس،
ھۆل ئوتۇن پىژىلداپ، ئوچاقتا كۆيمەس.
كىمكى ھەق ئۈچۈن بايراق كۆتۈرسە،
ئاۋامنىڭ قەلبىدە مەڭگۈگە ئۆلمەس.

* *

چوقۇرنى يوشۇرار رەڭ - پەرداز، ئوپا،
ياخشىغا يېقىندۇر تەنە ھەم تاپا.
ئالتۇنمۇ بەزىدە ئەخلەت ئىچىدە،
نىچۈنكى بېھىنىڭ يۈزىدە توپا؟

* *

ئۆستەڭ ھەم دەريانىڭ ئېقىش يولى بار،
دەل - دەرەخ، گىياھنىڭ يىلتىز، غولى بار.
كىم تۇتسا تەتۈر ئىش قانۇنىيەتكە —
ئىرغىتىپ تاشلىنار، ھەقنىڭ قولى بار.

* *

پارىخور — پاك ئەرنى يامان كۆرىدۇ،
سوۋغا، پۇل تۇتقۇزسا تادان كۆرىدۇ.
شۇ رەزىل قىلمىشقا ئۇرسا كىم قامچا،
ئۇ ئالتۇن بولسىمۇ، سامان كۆرىدۇ.

* *

ھاۋايى - ھەۋەس ئۇ، لاي سۇدا ئاقماق،
ئۇ خۇددى كىيىمگە چۈشكەن چەل - ياماق.

كىمكى ھەۋەسنىڭ لېيىغا پاتسا،
ئەيلەيدۇ پۇشايمان، يەيدۇ مۇشت ـ توقماق.

* *

ئالدامچى، نامەردنىڭ كۆڭلى ئالا، غەش،
ھۈنىرى ـ ئويۇنى پەردازلاش، پەنلەش.
ھەقىقي جىمڭ ئەركەك يولىدىن تانماس،
جىمڭ گەپ قىل ئۆلسەڭمۇ، نوچىغا ئەگەش.

* *

كەسىپداش، شائىر دەپ بولغاچ مەن شوتا،
شوتىدىن يامىشىپ تونۇلدۇڭ كاتتا.
بىلىمنى خېلى كۆپ ئالغان بولسامۇ،
«ھۈنەر» دە سېنىڭدىن ئىكەنمەن چولتا.

* *

ئىنسانغا قۇت بېرەر ئىنساب، دىيانەت،
قانائەت ـ سەۋرىدىن كۆكلەر زىرائەت.
دىيانەت دېمەكلىك ئۇلى چىڭ دېمەك،
تۇرامدۇ بولمىسا ئۇلسىز ئىمارەت؟

* *

ئۆزىنى بىلمىگەن كېلىدۇ تەنتەك،
تەمەننا ـ كېبىردىن چاينايدۇ چەلپەك.
ئادەمنىڭ قىممىتى ئۆزىنى بىلىشتە،
كەمتەر بول، تەمكىن بول، كۆرۈپ تۇر ئەينەك!

* *

دىلرەبا، سەن ئۈچۈن بولدۇم مۇنتەزەر،
ۋە لېكىن، يۈرۈيسەن شۇنچە بىخەۋەر.
ۋىسالىڭ ئىشقىدا كۆيمىگەن كىم بار؟
ھەتتاكى ئاي بىلەن قۇياشقا قەدەر؟

* *

ھاياتلىق ئانىسى بىباھا تۇپراق،
گۆھەردەك تۇپراقتا بولماس كىم ئامراق؟
شۇ تۇپراق بولمىسا، مېھنەت، ئەجىرسىز ـــ
بىز سۆيگەن گۈزەللىك كېلىدۇ قانداق؟

* *

بۇرادەر، ياخشىغا قۇردۇڭ سەن توزاق،
ئويلىما، ھەرگىزمۇ يوق ماڭا سوراق.
سۆكۈلەر ھەرقانداق پىنھانىنىڭ چېكى،
مەڭگۈگە تۇرمايدۇ يېپىلغان تۇۋاق!

* *

ئەركەككە قانات تۇر ئات ـ تۇلپار ھەردەم،
ئەقىللىق، زېرەكلىك ئاڭا مۇجەسسەم.
قىلمىشى تۈپەيلى چۈشەر نەزەردىن،
بىراۋنىڭ تونىدا تەرلىگەن ئادەم.

* *

ئەي ساقي، مەي قۇيغىن بۇ ئالتۇن جامدا،
يار چەككەن شوخ گۈل بار ياغلىق، ياقامدا.
مەي ئىچرە كۆرۈندى نىگارىڭ ئەكسى،
ئېي كۆڭۈل سۆي ئۇنى، بىر قەدەم چامدا!

* *

ھاكاۋۇر ـــ نېمە ئۇ، كەمتەردىن ئۆگەن،
ئۆنلەشنى دەمدەردىن ـــ كەپتەردىن ئۆگەن.
كەمتەرىن ئادەمنىڭ دوستى زىيادە،
كىم كەمتەر، شۇ ئېسىل، ئەختەردىن ئۆگەن.

* *

مەنمەنچى ئادەمنىڭ تېگى ـ تەكتى بوش،
كىم ئۇنى ماختىسا، بولىدۇ بىھوش.
ئېي كۆڭۈل، يىراق تۇر، ساختىپەزلەردىن،
جاھاندا ئىش تولا، مۈرەككەپ تۇرمۇش.

* *

ۋىجدانلىق ئەر ئۈچۈن تۇپىمۇ قاتتىق،
ۋىجدان پاك، قۇت تاپار پىيادە، ئاتلىق.
كىمدەكىم غۇرۇرلۇق، ۋىجدانلىق بولسا،
ئوخشايدۇ مېۋىسى، پىشىدۇ تاتلىق.

* *

ئېسىلنىڭ ئەۋلادى، ۋەسلىمۇ ئېسىل،
قىش ـ يېزى ئوخشاشلا پەسلىمۇ ئېسىل.
ئېسىللىك ئاشۇنداق ئېسىلغا ئېسىل،
پەزىلەت ـ ۋىجدانى، نەسلىمۇ ئېسىل.

* *

لاي ئەتسەڭ پىششىق تۇر ساينىڭ سېغىزى،
يۇلغانچە كۆكلەيدۇ مايسا، ئېگىزى.
بولامدۇ يات خەقنى تۇغقان قىلغىلى؟
تۇغقاندۇر ـــ بادامنىڭ قوشماق مېغىزى.

* *

ئىجتىھات — گوياكى ئاققان ئۇلۇغ سۇ،
سۇ بولسا قىيەردە شوخ ئۈزەر ئاق قۇ.
ھورۇنلۇق — ئىشچانغا تەتۈر تاناسىپ،
بولمىغىن توختام سۇ، دولقۇنلا مەڭگۈ.

* *

جاھاندا ھېچ نەرسە تۇرمايدۇ تىمتاس،
يىلسېرى، كۈنسېرى قېرىيدۇ يولۋاس.
تورلاشسا كۆزلىرى «قېرىدى» دېمە،
ھوشيار بول، خىسلىتى ھەرگىز قېرىماس.

* *

نادانلار ھەرقاچان ئەخمەق كېلىدۇ،
بىكېرلەر توزىغاق قامغاق كېلىدۇ.
ئىي كۆڭۈل، ھەزەر قىل سۇخەنچىلەردىن،
يۇنداقلار پىنھاندا چاققاق كېلىدۇ.

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى»، «‹تارىم› ۋە مەن» ناملىق كىتابلار
پات ئارىدا كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ

△ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئازكەم بىر ئەسىرلىك تارىخىدا خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بىر تۈركۈم تالانتلىق ئەدىبلەر قوشۇنىنى بەرپا قىلدى. بۇ ئەدىبلەر بىلەن تونۇشۇش كىتابخانلىرىمىزنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى. كىتابخانلىرىمىزنىڭ بۇ ئارزۇسى پات ئارىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئابلىمىت ئىسمايىل بىلەن ماخمۇتجان ئىسلام تۈزگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى» ناملىق كىتابنى نەشر قىلدى.

بۇ كىتابتا 69 ئەدىبنىڭ ھاياتى ھەم ئىجادىي پائالىيىتى تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرى قىسقىچە تەھلىل قىلىنغان.

△ ئەنۋەر ئابدۇرېھىم تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان «‹تارىم› ۋە مەن» ناملىق ئوبزورلار توپلىمىغا بىر تۈركۈم ئەدىبلىرىمىزنىڭ تاللانغان ماقالىلىرى كىرگۈزۈلگەن. يېقىندا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان بۇ توپلام كىتابخانلارغا قىممەتلىك پايدىلىنىش ماتېرىيالى ۋە ئۆزگىچە بەدىئىي زوق تەقدىم قىلىدۇ.

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى» نىڭ باھاسى 16·50 يۈەن، «‹تارىم› ۋە مەن» نىڭ باھاسى 3·00 يۈەن، ئىككىدىن ئارتۇق كىتاب سېتىۋالغۇچىلارغا باھادا ئېتىبار بېرىلىدۇ. سېتىۋالغۇچىلار «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىكى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ.

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى



# خىلۋەتتىكى بىنا

ئالىمجان ئىسمائىل

(پوۋېست)

## 1

قۇياش ئېگىز بىنالارنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، كوچىغا سوغۇق، كۆل رەڭ قاراڭغۇلۇق يېپىلدى. تاغ تەرەپتىن ئۇرۇۋاتقان ئەتىيازنىڭ ئىزغىرىن شامىلى يول يېقىسىدىكى قۇرۇغان توپا - قۇرۇملارنى، ئەخلەت - چاۋالارنى ئۇچۇرتۇپ ئېگىز بىنالارغا ئۇراتتى. ئىشتىن ۋاقىتچە قايتقان ياسىنجان ئېغىر ماتېرىيال سومكىسىنى كۆتۈرۈپ كوچا ئاپتوبۇسىدىن چۈشتى - دە، كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ياندىكى تار كوچىغا قايرىلدى. كوچا تولىمۇ مەينەت ئىدى. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئىس - قۇرۇمدىن قارىداپ كەتكەن قار دۆۋىسى ئېرىپ، توپا بىلەن ئارىلىشىپ قاپقارا ئەگىز بولۇپ ئاقماقتا ئىدى. يول ياقىسىغا قاتار قويۇلغان ئەخلەت تۇڭلىرىدىن تېشىپ چىققان ئەخلەتلەر كوچىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەنىدى، ئۇنىڭدىن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىدىغان بەدبۇي پۇراق گۇپۇلداپ ئۇراتتى. ياسىنجان ئەلەم بىلەن ئىچىگە تىندى. ئىچىدە كوچا ئىش باشقارمىسىدىكىلەرنى، رايون، ھەتتا شەھەر باشلىقلىرىنىمۇ تىللىدى. تازىلىق پۇلى دەپ يىغىشنى تازا بىلىدۇ، بىردەم كۆچەت ئالىمىز، بىردەم بولسا يەنە ھاشارات دورىسىغا دەپ پۇل ئالىدۇ، كوچىنىڭ نېمە بولۇپ كەتكىنى بىلەن كارى يوق، قانچە قېتىملاپ پىكىر بېرىلدى، شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە ئەرزىمۇ يېزىلدى، لېكىن ھېچكىم قۇلاق سالمىدى. بۇ مەھەللىدىكىلەر ھەر ئەتىيازدا مۇشۇ كۈننى كۆرمەكتە ئىدى.

ياسىنجان قۇرۇق يەرلەرنى تاللاپ ماڭغاچ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى، ئوڭ تەرەپتىكى مەھەللە ئىش باشقارمىسى خىزمەت بىناسىنىڭ تۇسقان قورۇق تېمى زەيدەپ كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قارشىسىدىكى ئاممىۋى ھاجەتخانىنىڭ يېرىم تېمى ئۆرۈلۈپ ياتاتتى.

ياسىنجاننىڭ ئېسىگە بۇرۇنقى چاغلار كەلدى، ئىلگىرى بۇ مەھەللە شەھەرنىڭ كۆزى ئىدى. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقى مىلىچ ماللار، موزدۇزلۇق، تۇماقچىلىق، سائەتچىلىك، ساتىراچلىق دۇكانلىرى بىلەن ئاۋات ئىدى، كوچىدىن ئادەم ئۆكسۈمەيتتى، كېيىنچە ھۆكۈمەت بۇ كوچىنى تار كۆردىمۇ قانداق، مەھەللىنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى سايلىقتىن چوڭ كوچا ئالدى - دە، ئۇ يەرگە چوڭ - چوڭ ماگىزىنلارنى سالدى، ئادەم دېگەن قويغا ئوخشاش قاياقتا يېتىلسە كېتىۋېرىدىكەن، بازار بىلەن تەڭ كىشىلەرمۇ شۇ ياققا ئېقىپ، بۇ مەھەللە كۈندىن - كۈنگە چۆلدەرەپ، ئارقا كوچا بولۇپ قالدى. كېيىن ھۆكۈمەت كوچىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى مال بازىرىنىمۇ يۆتكەپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قاتار - قاتار ئائىلىلىك بىنالارنى سېلىشقا باشلىدى. نېمىشقىدۇر مۇشۇ كوچىغا تېخىچىلا قول تەگمەي قەدىمىي پېتىچە تۇرماقتا ئىدى.

ياسىنجان كوچىنىڭ ئوڭ قانىتىدا قارىيىپ تۇرغان كۆل رەڭ تۆت قەۋەتلىك بىناغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ بىنا بۈگۈن خۇددى قېرىپ مۈكچىيىپ قالغان بوۋايدەك كۆرۈندى، دەرۋەقە ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشكەن بىر - بىرىدىن ئېگىز، رەڭگا - رەڭ بىنالار ئالدىدا بۇ بىنا خۇددى خىلۋەتتىكى ئەسكى ئۆيدەك مىسكىن كۆرۈنەتتى.

ياسىنجان كۆڭۈلسىز خىياللار بىلەن بىنانىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. ئەينەكى سۇنۇپ، سىرلىرى ئۆچكەن كونا ئىشىك قىيا ئوچۇق ئىدى. ياسىنجان ئېغىر سومكىنى ئوڭ قولىغا يۆتكەپ، ئوڭغۇل - دوڭغۇل پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭغا بۈگۈن گويا پەلەمپەي تىكلىشىپ كەتكەندەك، قەدىمى ئېغىرلىشىپ كەينىگە تارتاتتى، يۈرىكى سېلىپ، دېمى سىقىلاتتى. نېمە، قېرىلىقنىڭ ئالامىتىمۇ بۇ؟! بۈگۈن ماڭا نېمە بولدى؟

ياسىنجان ئىككىنچى قەۋەتتە بىردەم دەم ئېلىۋالماقچى بولۇپ پەلەمپەي سالاسۇنىغا يۆلىنىپ تۇرۇۋالدى. يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغاندەك بولۇپ نەپىسى سىقىلدى، پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر قۇيۇلدى، ئۇنىڭ خىيالىغا غەلىتە ئويلار كېلىشكە باشلىدى: ئۇ مۇشۇ پەلەمپەيدە ھازىرغىچە قانچە قېتىم ماڭغاندۇ؟ يىگىرمە يىلغا يېقىن مېڭىۋاتىدۇ، كۈنىگە ئوتتۇرا ھېسابتا ئون قېتىمدىن ماڭغان بولسا قانچە بولۇپ كەتتى؟ پەلەمپەي سانىنى قوشىسىچۇ؟ بەلكىم ئايغىمۇ يېقىنلاپ قالاتتىمىكىن... مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم...

ياسىنجان ئۆز خىيالىدىن خىجىل بولغاندەك يۆتىلىپ قويدى. ئۈستۈنكى قەۋەتتە قايسىدۇر ئىشىك ئېچىلىپ، بىرىنىڭ سىرتقا چىققان شەپىسى ئاڭلاندى، مېڭىشىدىن قارىغاندا ئۇدۇل قوشنىسى ھېمىت توختىدەك قىلىدۇ، بۇ قەۋەتتە پەقەت شۇلا مۇشۇنداق شىپىرلاپ ئاۋازسىز ماڭىدۇ. ئاياغ تىۋۇشى جىمىپ كەتتى، قايسى ئىشىكنى تىڭشاۋاتقاندۇ بۇ ئاداش؟ ياسىنجان يۇقىرىغا قاراپ قويدى. ئۇ بۇ قوشنىسىنىڭ ئادىتىگە كۆنۈپ قالغانىدى.

ئۇ سىرتتىن كىرگەندىمۇ، ئۆيدىن چىققاندىمۇ كارىدوردا تۇرۇپ، ئىشىكلەرنى بىردەم ماراپ تىڭشايدۇ. خۇددى خۇمارىدەكلا، ئۇدۇلدىكى ئۆيگە سەلىمە دوختۇر كۆچۈپ

كەلگەندىن بۇيان ئۇنىڭ قىلىقى تېخىمۇ كۆپەيدى. ياسىنجان نەچچە قاتار ئۇنىڭ شۇنداق قىلىپ تۇرغانلىقىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالدى. ياكى بۇ سەلىمەگە...

يۇقىرىدىن چۈشۈۋاتقان تونۇش شەپە يەنە ئاڭلاندى، ياسىنجانمۇ قوزغالدى. ئۇلار ئارىلىقتىكى پەلەمپەي ئايلانمىسىدا دوقۇرۇشتى.

— ھە ياسىنجان، ئىشتىن ئەمدى يانغان ئوخشىمامىلا، بۈگۈن ۋاق قاپلىغۇ؟ — دېدى ئۇ ئادىتى بويىچە ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ كۈلۈمسىرەپ.

— ھەئە، — دېدى ياسىنجان خۇشياقمىغان ھالدا.

— ئاڭلىدىڭلىمۇ؟ — ھېمىت تۇختى بىر ئىشنى دەيدىغاندەك چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ، — بۈگۈن كېچە توك توختىغۇدەك.

— شۇنداقمىكەن، نېمە بولغاندۇ؟

— كۆرمىدىڭلىمۇ، بىزنىڭ كوچىنىڭ سىم تۈۋرۈكىنى ماشىنا ئۆرۈۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ، نېمە پالاكەت بولسا بىزنىڭ مۇشۇ بىناغا كېلىدۇ، بۇ بىنانىڭ ئولتۇرغۇچىلىكى قالمىدى جۇمۇ، شام ئەكىرىپ قوياي دەپ ماڭدىم، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — بۈگۈن تېلېۋىزوردا ئەسمەتباينىڭ كىنوسىنى بېرەتتى، ھارام بولىدىغان بولدى-دە.

تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بۇ فىلىمنى قانچە قېتىم بەرسە ھېمىت تۇختى ئۇنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي كۆرەتتى ۋە ئەتىسى قورۇدا قوشنىلارغا ئۇنى بىر باشتىن سۆزلەپ بېرەتتى. ئەتە بۇ ئاداش سۆزلىيەلمەيدىغان بولدى-دە، ياسىنجان پەلەمپەيدىن ئالدىراپ چۈشۈۋاتقان قوشنىسىغا قاراپ ئىچىدە كۈلۈپ قويدى.

ياسىنجان ئېغىر تىنغىنىچە ئۈچىنچى قەۋەتكە چىقتى. مانا، كۆك سىرلانغان ئىشىك ئۇنىڭ قەدىناس ئۆيى، ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر تىرىشىپ-تىرمىشىپ تاپقان بايلىقى، بەختى-ھالاۋىتى مانا مۇشۇ ئۆينىڭ ئىچىدە، ئاسىيە نېمە قىلىۋاتىدىكىن، مېھراي ئىشتىن كەلگەنمىدۇ؟ بەلكىم ماڭا قاراپ تاماقمۇ يېمەي ئولتۇرۇشتىمىكىن، ئاسىيە قانچە ئەنسىرەپ كەتتىكىن؟ تۇرمۇش دېگەن قىزىق بىر تېپىشماق ئىكەن، ياتلا بىر ئەر-ئايال بىر ئۆيگە كىرىدىكەن، بىللە ياشايدىكەن، قان-قېرىنداشتىن ئۆتەر قەدىناس بولۇشىدىكەن. ئاخىرى بىرى بىرىنى تاشلاپ يېگانە ماكانغا كېتىدىكەن، بۈگۈن مەن نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم. قوشنىلاردىن بىرى چىقىپ قېلىپ مېنىمۇ ھېمىتتەك ئىشىك مارايدىكەن دەپ ئويلاپ قالمىسۇن يەنە.

ياسىنجان پۇتىنى ئىشىكنىڭ تۈۋىدىكى پالازغا ئېرتىۋېتىپ ئۆيگە كىردى. ئۆي ئىچىنى ئاشخانا ئۆيدىن چىققان مەززىلىك پۇراق بىر ئالغانىدى. ئايالى ئاشخانىدا كالىدورغا دۈمبىسىنى قىلىپ، توكۇلدىتىپ بىر نەرسە چاناۋاتاتتى، ياسىنجان ئىچكەركى ئۆيگە بويۇنداپ قارىۋەتتى-دە، ئاشخانىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئۈن قاتتى:

— مېھراي كەلمىگەن ئوخشىمامدۇ؟

ئايالى چۆچۈپ كەينىگە داجىدى.

— ئەجەب قورقۇتتىڭىزا، — چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئايال يۈرىكىنى تۇتتى، — ئوغرىدەك جىممىدە كىرىپ كەلگىنىڭىزنى قاراڭا. يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتەي دېدى.

— جىممىدە كىرمەي ناخشا ئېيتىپ كىرسەم بولامتى، — ياسىنجان ئۇنىڭغا قاراپ كۆلدى، — بۇ تۇرقىدا ئۆيگە ئوغرى كىرسىمۇ تۇيمىغۇدەكسەن - دە.
— خىيال بىلەن ئولتۇرۇپتىكەنمەن.
ياسىنجان سومكىسى بىلەن پەلتۇسىنى كارىدوردىكى كىيىم ئىلغۇچقا ئىلىۋېتىپ سورىدى:
— نېمە خىياللار بېسىۋالغاندۇر سېنى، بىزمۇ بىلسەك بولارمۇ؟
ئايال ئېرىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.
— مەنمۇ ئادەم بولغاندىكىن خىيال قىلىمەن - دە، مەن شۇ كەمگىچە قايسى بىر ئىشنى سىزدىن يوشۇرغان، — ئايال ئىچىدىكى ھەممە خىياللىرىنى تۆكمەكچى بولغاندەك ئۇھسىنىدى.
ياسىنجاننىڭ بىردىنلا ئايالغا ئىچى ئاغرىپ قالدى، مانا مۇشۇ ئايال ئوتتۇز يىلدىن بۇيان بۇ ئائىلىنىڭ يۈكىنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇ بىر چاغلاردا قانداق چىرايلىق، شوخ قىز ئىدى - ھە، ئۆتكەن يىللار ئۇنىڭ گۈزەل چىرايىنى ئوغرىلاپ ئېلىپ كەتتى. تۇرمۇشنىڭ غەم - قايغۇسىنى ئۇنىڭ نازۇك قامىتىنى ئېگىپ مۈكچەيتىپ، قۇرۇق ئۇستىخان قىلىپ قويدى، كېسەلگە گىرىپتار قىلدى، لېكىن يەنىلا ئۇ زارلانمايدۇ، شۇ تۇرمۇشقا رازى ... ئۇ توغرا دەيدۇ، شۇنچە يىللار مابەينىدە ئۇ ياسىنجاندىن ھېچبىر ئىشنى يوشۇرغان ئەمەس، ئەڭ ئۇششاق ئىشلارنىمۇ ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالاتتى، تاماقنىمۇ يولدىشىنىڭ كۆڭلى تارتقىنى بويىچە قىلاتتى. توغرا، ئۇمۇ ئادەم بولغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە خىيال بولىدۇ - دە، ياكى ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ زېرىككەۋاتامدىكىن؟ ھېلىمۇ ئايلاپ - يىللاپ ئۇنىڭغا دەم ئېلىش يوق، يا كىنو - تىياتىرلارغا بارمايدۇ، بىزنىڭ غېمىمىزنى يەپ، تاماقنى ۋاقتىدا ئۈلگۈرتىمەن، دەپ كۈنى قازان بېشىدىلا ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، بۇنىڭغىمۇ ئۇۋال، مۇشۇنداق يۈرۈپ بىر كۈنى ئاغرىپ يېتىپ قالسا توگەشكىنىمىز شۇدە، يازدا بىر - ئىككى ئاي تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا ئەۋەتسەم بولارمىكىن، بالىلارمۇ چوڭ بولدى. ئەندىشە قىلىدىغان يېرىمۇ قالمىدى، نېمىشقا بۇ بالدۇرراق ئېسىمگە كەلمىگەندۇ.
ياسىنجان ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ چاقچاق قىلدى:
— نېمە ئويلاۋاتقانلىقىڭنى مەن دەپ بېرەيمۇ؟
ئاسىيە ئىشىنى توختىتىپ ئېرىگە قىزىقىپ قارىدى.
— قېنى دەپ بېقىڭا.
ياسىنجان خۇددى سېھىرگەرلەردەك بىر ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ ئىچىدە بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى، ئاندىن ئايالىنىڭ كۆزىگە قادىلىپ تۇرۇپ دېدى:
— چوقۇم تاشكەنتتىكى ھەدەڭنى ئويلاۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟
ئاسىيەنىڭ قاشلىرى ھەيرانلىقتىن كېرىلدى.
— ۋاي خۇدايىم، راستتىنلا پالچى ئىكەنسىزغۇ، — ئاسىيەنىڭ كۆزلىرى ئوينىناپ كەتتى، — قانداق بىلىۋالدىڭىز؟

— مەن سېنىڭ كۆزۈڭگە قاراپلا ھەممىنى بىلىۋالىمەن، ئېسىڭدىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا ماڭا كۆڭلۈڭنىڭ بارلىقىنى ئاشۇ كۆزۈڭدىن بىلگەن.

— ۋاي ھېڭىڭا، سىز ھەدەمدىن كەلگەن خەتنى ئوقۇپسىز - دە؟

— خەت كەلدىمۇ؟ ماڭا نېمىشقا دېمىدىڭ؟

— تېخى ئەتىگەن كەلدى، — ئاسىيە دېرىزە تەكچىسىدە تۇرغان، تېشىغا رۇسچە خەتلەر يېزىلغان كونۋېرتنى ئېلىپ ئىرىگە سۇندى، — ھەدەم قاتتىق ئاغرىق ئىكەن.

ياسىنجان خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى. ئاسىيە بولسا ئېرىنىڭ چىرايىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى. ئۇ شۇ تاپتا خەتنىڭ ئېرىگە قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئىدى، ياسىنجان خەتنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقىپ، يەنە باشقىدىن كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى، ئاسىيە بولسا تاقەتسىزلەنگەن ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ياسىنجان ئاخىرى بېشىنى كۆتۈردى.

— بارايلى ئاسىيە، — دېدى ئۇ خەتنى قاتلاپ كونۋېرتقا سېلىپ تۇرۇپ، — ۋىيزىمۇ بارغۇ، نەچچە ۋاقىتتىن بۇ ئىشنى نېمىشقا تاشلاپ قويدۇق - ھە، سەن بولسىمۇ يادىمغا سېلىپ تۇرساڭ بولماتتى؟

— سىزنىڭ قولىڭىز بىكار بولمىغاندىن كېيىن مەنمۇ گەپ قىلمىدىم.

— خىزمەت دېگەن ئۆلگەندە تۈگەيدۇ، — ئۇ ئاسىيەنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى، — بىزمۇ ئەل - جاھاننى كۆرۈپ كېلەيلى، خىزمەت، ئۆي دەپلا ئۆتەمدۇق، قېرىۋاتىمىز ئاسىيە، ئەتە - ئۆگۈن ماغدۇردىن كەتكەندە پۇشايمان يەپ قالمايلى.

ئاسىيەنىڭ كۆزلىرىدە لىغىرلاپ ياش پەيدا بولدى، لەۋلىرى ئۇمچىيىپ تىترىدى، ئېرى ھەمىشەملا ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالايدۇ، شۇڭلاشقىمۇ تۇرمۇشنىڭ بارلىق موشەققىتىمۇ ئۇنىڭغا بىلىنمەي كەلدى، كۆڭلى توق ياشىدى.

ياسىنجان قولى بىلەن ئاسىيەنىڭ يېشىنى ئېيتتى، ئاسىيە خاۋاتىرلەنگەندەك ئىشىككە قارىدى.

— مېھراي كىرىپ قالىدۇ، — دېدى ئۆزىنى كەينىگە تارتىپ، — قېرىغاندا ياراشمايدىكەن، كىرىپ بىردەم دېمىڭىزنى ئېلىڭ، قورسىقىڭىزمۇ ئاچقاندۇ؟

— ئاچمايچۇ، نېمە تاماق قىلىۋاتىسەن؟

— ئۆزىڭىز چۆچۈرە دېگەنتىڭىزغۇ.

ياسىنجان بېشىنى لىڭشىتتى - دە، مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ، دىۋانغا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنى ھارغىنلىق بوشىتىۋەتكەنىدى، ئۇ بېشىنى دىۋاننىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلىغان ھالدا كۆزىنى يۇمدى.

ئىشىكنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشى ئۇنى ئويغىتىۋەتتى، كارىدوردا قىزى مېھراينىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ ئاپىسىغا بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى، بىردەمدىن كېيىن ئۇ مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بوي - تۇرقى ئاپىسىغا ئوخشاش ۋىجىك، دومىلاق يۈزلۈك بۇ قىزغا ھەربىر قارىسا ياسىنجاننىڭ ئېسىگە ئاسىيەنىڭ قىز چاغلىرى، ئۇلار يېڭى توي قىلغان چاغلار كېلەتتى، توۋا، ئادەم بالىسىمۇ مۇنداق ئوخشايدىكىنە، قويۇپ

قويغان ئۆزى، ياسىنجان قىزىغا قاراپ شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.
— مىجەزىڭىز يوقمۇ دادا؟ — سورىدى مېھراي ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ.
— ياق، باياتىن كۆزۈم ئىلىنىپ قاپتۇ، — ياسىنجان ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى، — كەچ قالدىڭغۇ قىزىم؟
— چوڭ كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا ئىككى ماشىنا سوقۇشۇپ كەتكەنىدۇق، يول توسۇلۇپ، بىر سائەتكە يېقىن تۇرۇپ كەتتۇق، — ئۇ ئۈستەلدىكى تېلېۋىزىيە گېزىتىنى ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىدى، — ئۇيغۇرچىدا يەنە «ئەسمەتخان» نى بەرگۈدەك، ياۋاللا، بۇلارنىڭ تېپىۋالغىنى شۇ بولدىغۇ، ئۇنىڭغا قارىغاندا خەنزۇچىدا خېلى يېڭى نەرسىلەرنى بېرىۋاتىدۇ، بۈگۈنمۇ ...
— ھوي راست، — ياسىنجاننىڭ ئېسىگە نېمىدۇر كېلىپ قىزىغا قارىدى، — بۈگۈن توك يوق دېگەنتى، شام بارمۇ ئۆيدە؟
— كىم دەيدۇ؟ — مېھراي قوپۇپ چىراغنىڭ يېپىنى تارتتى، لامپۇچكا ۋاللىدە يورۇدى.
— باياتىن توختى ھەممەت شۇنداق دېگەنتى.
— شۇ ئادەمنىڭ گېپىگە ئىشەندىڭىزمۇ دادا ...
ئاسىيەنىڭ ئاشخانىدا تۇرۇپ توۋلىغان ئاۋازى مېھراينىڭ گېپىنى ئۈزدى.
— ۋاي ئۆلەي، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟
مېھراي بىلەن ياسىنجان تەڭلا قوپۇپ ئاشخانىغا چىقتى.
— نېمە بولدى ئاپا؟
— گاز تۈگەپ كەتتى، — دېدى ئاسىيە تۈگىنى چايقاپ كۆرۈپ، — ۋېيىيەي، ئۆلتۈردىغۇ بۇ، چۆچۈرىنى قازانغا سېلىپ قويغانتىم - دە، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟
— توختا ئاپا، مەن سەلىمە ھەدەمنىڭكىگە چىقىپ باقاي، ئۇلارنىڭ قوش تۈگىدەك قىلىۋاتاتتى، — مېھراي چىقىپ ھايال بولماي يېنىپ كىردى، — دادا، كېلىڭا تۈگىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىڭ!
ياسىنجان مېھراينىڭ كەينىدىن ياندىكى ئۆيگە چىقتى. ئۇلارنى ئىگىز بويلۇق قاملاشقان، مېھرى ئىسسىق ئايال سىپايىلىق بىلەن قارشى ئالدى.
— ئۇكام، سىزنى بىسەرەمجان قىلىدىغان بولدۇق - تە، — دېدى ياسىنجان ئوڭايسىزلىنىپ، — قوشنا بولساڭ يۆلەك بول، بولمىسا بۆلەك بول دېگەن مۇشۇ - دە.
— ئېھتىقسى يوق ياسىنجىنىكا، — دېدى ئايال مۇلايىم كۈلۈپ، — بارىنى تەڭ ئىشلىتىمىز، سىلەرنىڭ قوش تۈگ ئەمەسكەن - دە؟
— دادام ئىدارىسى بۇنداق ئىشلارنى ھەل قىلىدىغان ئىدارە ئەمەسكەن، — مېھراي تەرىنى تۈرگىنىچە قايىندى، — ھازىر ھەممە يەردە قوش تۈگ بولۇپ كەتتى، دادامنىڭغۇ بۇنداق ئىشلار بىلەن كارى يوق، ئىشلەپ بەرسىلا بولدى.
ياسىنجان سەلىمەگە قاراپ كۈلۈپ قويدى.
— باللارمۇ ياراتماس بولۇپ كەتتى قاراڭ، — دېدى ياسىنجان بېشىنى چايقاپ،

ئىشىكتە ئاسىيە پەيدا بولدى.

— سەلىمە، يۈرۈڭ، — دېدى ئۇچۇق چىراي بىلەن، — چۆچۈرە ئەتكەنىدىم، بىر چىنە ئىچىپ چىقىڭ.

— رەھمەت ئاسىيە ھەدە.

— يۈرۈڭ، يالغۇزمۇ ئولتۇرىسىز، ئادىل ئوغلۇم كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— تالاغا ئويناپ چىقىپ كەتكەنىدى.

— ئەمدى ئەتىياز كىردى، تالادىن كىرمەيدۇ - دە.

— ئاپا، قېنى بولغىنە ئەمدى، — مېھراي ئاپىسىنى ئالدىراتتى، ئاندىن سەلىمەگە قاراپ كۆزىنى قىستى، — سەلىمە ھەدە، ئەمىسە ھازىرلا چىقىمەن جۇمۇ!

— ماقۇل.

ئىشىكلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يېپىلدى. كارىدور جىمجىتلىققا چۆمدى، بىرەمدىن كېيىن سول تەرەپتىكى ئىشىك ئېچىلىپ، ھىممەت تـوختى چىقتى. ئۇ ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ، سەلىمەنىڭ ئىشىكىگە يېقىن كېلىپ ئىچكىرىگە قۇلاق سالدى. ئۇ ئەمدىلا ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىغا قول ئۇزىتىشىغا تۆۋەندىن بىرىنىڭ چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ئىتتىك كەينىگە يېنىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

پەلەمپەيدىن ئېگىز بويلۇق، بەستلىك كەلگەن، ئۈستىگە كاستۇم - شىم كىيىۋالغان بىر يىگىت چاقچاقلىغىنىچە قارا چامادانىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ بىرىنچى ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختىدى، ئۇ ئىشىككە قولىنى سوزۇپ بولۇپ توختاپ، ئىشىكنى ئاۋايلاپ چەكتى.

ئىشىكنى ئاچقان مېھراي خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى:

— ئاكا... ! — ئۇ كەينىگە قاراپ توۋلىدى، — ئاپا، ئاكام كەلدى.

كارىدورغا ئاۋۋال ئاسىيە، ئارقىدىن ياسىنجان چىقتى، ئاسىيە ئوغلىنى قۇچاقلاپ يىغلىدى:

— بارمۇ سەن بالام، بۈگۈن كېلىپ قالدىغاندەكلا تۇيۇلۇپ تۇراتتىڭ، ئورۇقلاپ قاپسەنغۇ، ئاغرىپ - تارتىپ قالمىغانسەن؟

— ياق ئاپا، ھېچ نەرسە بولمىدىم.

— يا خەتمۇ يېزىپ قويمايدىكەنسەن، ئەنسىرەپ بىر بولدۇم.

ياسىنجان ئۇنى يېڭىدىن تارتتى.

— ھوي، ھوي، بولدى، نەچچە يىل كۆرمىگەندەك قىلىپ كەتتىڭغۇ، بىزنىمۇ كۆرۈشتۈرگىلى قويماسەن؟

ئاسىيە نائىلاج ئوغلىنى قويۇپ بەردى، ھەممەيلەن مېھمانخانا ئۆيگە كىرىشتى.

— پويىزدا كەلدىڭمۇ؟ — سورىدى ياسىنجان.

— ياق ئايروپىلاندا.

— ئىشىڭلار قانداق، ئوقۇشلۇق بولدىمۇ؟

— ياخشى، ھازىرچە بىر مېھمانخانا قۇرىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق.

— قەيەرلەرگە باردىڭلار؟

— كۆپرەك ئالمۇتادىلا بولدۇق، بىزدەك كولىبكتىپ چىققانلارنى ئەركىن ماڭغۇزمايدىكەن، ئاخىرى تاشكەنتكە تېلېگرام بەرگەنىدىم، چوڭ ئاپامنىڭ ئوغلى كەلدى.

— ھەدەمنىڭ ئەھۋالى قانداقراق ئىكەن؟ — ئىنىتىك سورىدى ئاسىيە.

— خېلى ياخشى بولۇپ قاپتۇ، سىلەرنى قاچان كېلەر دەپ كۈتۈۋېتىپتۇ.

ئاسىيە كۆڭلى ئىمىن تاپقاندەك بولۇپ، ياسىنجانغا قاراپ قويدى. مېھراي ئاكسىنى سوئاللار بىلەن كۆمۈۋەتتى، ئۇ خۇددى كىچىك بالىدەك ھەيران بولاتتى، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تەئەججۈپلىنەتتى، تەلەيلىك ئاكىسىغا ھەۋەس بىلەن تىكىلەتتى. شۇ تاپتا ياسىنجانمۇ ئوغلىغا قاراپ ھەۋەسلىنىپ قالدى. بىر چاغدىكى شوخلۇقى، جېدەلخورلۇقى بىلەن پۈتۈن مەھەللىگە تېتىيدىغان جۈرئەت مانا قانداق ئادەم بولۇپ قالدى. ئۇ ياسىنجانمۇ كۆرەلمىگەن چەت ئەلنى ئايلىنىپ كەلدى. ياسىنجان بۇ ئوغلىنىڭ دەردىنى ئاز تارتتىمۇ؟ تولۇق ئوتتۇرىنى مىڭ قىيامەتتە تۈگىتىپ چىققان جۈرئەت ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدى، ياسىنجاننىڭ بارمىغان مەكتىپى، كۆرۈشمىگەن ئادىمى قالمىدى، ئاخىرى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئۆزى خىراجەت تۆلەپ ئوقۇيدىغان رۇس تىلى سىنىپىغا ئاران ئەستە كىرگۈزدى. ياسىنجان رۇسچىنى ياخشى بىلگەچكە جۈرئەتكە ئۆيدە قوشۇمچە ئۆگەتتى، جۈرئەت مەكتەپنى تۈگەتتى، لېكىن بىر يىلغىچە خىزمەت تاپالماي يۈردى. تەلىيىگە چېگرا ئېچىلىپ، ئۇنىڭ بازىرى چىقتى. ئۆتكەن يىلى قىشتا ئۇ بىر دوستىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ھازىر ئىشلەۋاتقان شىركەتكە كىرگەنىدى، مانا، يېرىم يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ بارمىغان يېرى ئاز قالدى. شىركەتنىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمى بولۇپ قالدى.

جۈرئەت مېھراينىڭ قارا چامادانغا پات-پات قاراپ قويۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، قويۇپ چامادانىنى ئاچتى. ئۇ ئاۋۋال چىرايلىق مېتال قۇتىنى ئېلىپ دادىسىغا تۇتتى:

— بۇ قېتىم جىق بىر نەرسە ئۆتكۈزەلمىدىم، ماۋۇ سوۋېتنىڭ يانچۇق سائىتى ئىكەن.

— ۋاھ، قالتىس چىرايلىق ئىكەنغۇ، — ياسىنجان سائەتنى كۆرۈپ ھەيران بولدى، — ئالتۇن سائەتمۇ نېمە؟

— ئەمدى ئاپا، دادامغا سائەت سالىدىغان جىلىتكە تىكىپ بەرسەڭ بولىدىغان بولدى، — مېھراي خۇش خۇيلۇق بىلەن كۈلدى.

جۈرئەت چامادانىدىن يۇڭلىرى ئۇزۇن پوپايكىنى ئېلىپ ئاپىسىغا سۇندى:

— ماۋۇ پوپايكىنى ساڭا دەپ ئەكەلدىم، تېۋىتتە توقۇغانىكەن.

ئاسىيە، خۇشال بولغىنىدىن كۆزىگە ياش ئالدى.

— ۋايەي بالام، نېمە ئاۋارە بولۇپ يۈرەتتىڭ، رەھمەت بالام.

مېھراي تاقەتسىزلەنگەن ھالدا چامادانغا تەلمۈردى.

— ساڭا ھېچ نەرسە ئەكىلەلمەي قالدىم، — دېدى جۈرئەت سىڭلىسىغا قاراپ ۋە چامادانىنى ياپتى، — بۇدا بارغىنىمدا ئەكىلىپ بېرىمەن.

مېھراينىڭ چىرايى سولىشىپ، كۆزلىرىگە يىغا ئولاشتى.

— مەنغۇ سېنىڭ خىيالىڭغا كىرىپ چىقمايمەن، بوپتۇ، — دېدى تىترەپ. مېھراي

قوپۇپ ماڭاي دېيىشىگە جۇرئەت ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ توختاتتى:

— ياﺋاللا، سەن يىغلاڭغۇغا ئەكەلمەي قوتۇلغىلى بولامدۇ، — ئۇ چامادانىنى ئېچىپ، يانچۇقىدىن بىر دۇخاۋا قاپلانغان قۇتىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. مېھراي قۇتىنى ئېچىپ خۇشاللىقتىن سەكرەپ كەتتى.

— ۋاھ، مېدالىئون ئىكەن ئاپا، قاراپ باققىنا...

ئۇ ئەينەكلىك ئىشكاپنىڭ ئالدىغا بېرىپ مېدالىئوننى بوينىغا ئاستى، ئۇ خۇشاللىقتىن قىلىق تاپالمايلا قالدى.

— ياراشتىمۇ ئاپا؟

— ياراشمامدىغان بالام، ئاكاڭغا رەھمەتمۇ دېمەيسەنغۇ؟

— رەھمەت ئاكا، — دېدى ئۇ ئەركىلەپ، — شىركەتكە بالدۇرراق چىقساڭمۇ بوپتىكەن، يۇ كەمگىچە خېلى بېيىپ قالاركەنمىز، مەنمۇ چىقايمىكىن يا دادا؟ ماشىنىستىلىقتىن جاق تويدۇم.

ياسىنجان ئۇنىڭغا قاپىقىنى تۈرگەن هالدا قاراپ قويۇپ، ئاسىيەگە دېدى:

— قېنى تاماقمۇ بەرمەمسەن بىزگە، جۇرئەتنىڭمۇ قورسىقى ئاچقاندۇ؟

— مانا هازىر، — ئاسىيە ئورنىدىن تۇردى، مېھراي تامدىكى سائەتكە قاراپ قويۇپ ئاپىسىنىڭ كەينىدىن ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

— ئاپا، سەلىمە ھەدەمگە بىر چىنە ئۇسسۇپ بەرگىنە، ئىسسىققىنە ئىچىۋالسۇن.

— تامىقىڭنى ئىچىۋېلىپ ئەپچىققىن.

— ئاڭغىچە تېلېۋىزور ئۆتۈپ كېتىدۇ، ماقۇل دېگىنە.

— ياﺋاللا، كۆرمىسە بولمايدىغان نېمىدۇ ئۇ شۇنچە؟

— سەن ئۇقمايسەن، — مېھراي شوخلۇق بىلەن ئەركىلىدى.

ئاسىيە مېھرايغا تاماق ئۇسسۇپ بېرىپ بولۇپ، مېھمانخانىغا تاماق ئەكىردى.

— تۇۋا، بايا چۆچۈرىنى تۈگۈۋېتىپ جۇرئەت كېلىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ خويمۇ ئامراق ئىدى، دەپ ئويلىغانىدىم، مۇشۇ ئاشقا رىسقىڭ چۈشكەنىكەن، ئۇلگۇرۇپ كەلگىنىڭنى قارىغىنا، ئۇ ياقتا تاماقتىن قىينالغانسەن ھەقاچان؟

— ئۇنى بىر دېمە ئاپا، ئۇ خەقنىڭ تامىقىغا كۆنمەيدىكەن ئادەم.

— بېرىپ كەلگەنلەرمۇ شۇنداق دەيدۇ، قېنى قىزىقىدا ئىچە بالام.

جۇرئەت تاماقنى ئىچكەچ كۆرگەنلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— هازىر ئۇ ياقتا ئوقەت قىلغىلى چىققانلار سامانىدەك ئىكەن، ئىچكىرىدىكى شىركەتلەر قاپلاپ كېتىپتۇ، هازىر نېمە ئەتۋار ئىكەن دېسە، بىزگە ئوخشاش رۇس تىلىنى بىلىدىغان تەرجىمان ئەتۋار ئىكەن، ئايلىقىڭ مىڭ سومدىن چاتاق يوق.

— شىركەتكە چىقايمۇ - يا؟ — ياسىنجان ئاسىيەگە قاراپ كۈلدى.

— خۇدايا تۇۋا دەگە، قېرىغاندا نەلەردە سوكۇلداپ يۈرۈيسىز؟

— دادام ئىشلەيمەن دېسە مەن هازىرلا ئورۇن تاپىمەن، دادام رۇسچىغا مەندىن ياخشى، قازاقچىنى ياخشى سۆزلەيدۇ، تۈركچىنىمۇ بىلىدۇ، هازىر تۈركىيە سودىگەرلىرىمۇ

كۆپ كېلىۋاتىدۇ، قانداق ئىشلەمسىز دادا؟

ياسىنجان بېشىنى چايقىدى.

— قېرىغاندا پۇل تاپىمەن دەپ نەدە يۈرەي، مۇشۇ تاپتا قولۇمدىكى كىتابنى ئىشلەپ پۈتتۈرۈۋالسام چوڭ گەپ.

— سەن-زە، دادا، كىتاب دەپلا ئۆتتۇڭ، — جۈرئەت بېشىنى چايقىدى، — هازىر كىتابتىن نېمە چىقىدۇ، مانا مەسىلەن، سەن ئوتتۇز يىلدىن بۇيان كىتاب ئىشلىدىڭ، نۇرغۇن كىتابلارنى تەرجىمە قىلدىڭ، شۇنىڭ بەدىلىگە نېمىگە ئېرىشتىڭ؟ سەن نەچچە يىل تەر تۆكۈپ ئىشلىگەن كىتابىڭغا بېرىدىغان ھەق ناھايىتى بىرەر مىڭ سوم، هازىرچۇ ئۇنچىلىك پۇلنى بىر سائەتتىلا تاپقىلى بولىدۇ، دادا، مەيلى پۇلنىمۇ دېمەيلى، سېنىڭ شۇنچە يىل قىلغان ھالال ئەمگىكىڭنى كىم كۆرۈۋاتىدۇ، كىم باھالاۋاتىدۇ؟ هازىرچە يۇقىرى ئۇنۋانىمۇ بەرمىدى، ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىمىز ماۋۇ، تېخىچىلا بىر رەڭلىك تېلېۋىزورغا ئېرىشەلمىدۇق، بۇ خىزمەتنىڭ نېمىسىنى ئارزۇلايدىكەنسەن-تاڭ، سىلەر دەيسىلەر، هازىرقى كۈنىمىز بۇرۇنقىغا قارىغاندا جىق ياخشى، مۇشۇنىڭغا شۈكرى دەيسىلەر، لېكىن سىلەر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى چەت ئەللىكلەرنىڭ تۇرمۇشى بىلەن، ئەڭ ئاددىيسى شېنجىن، جۇخەيلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرمەيسىلەر، مەن مانا قازاقىستاننى كۆرۈپ كەلدىم، ئۇلارغۇ ياۋروپا بىلەن سېلىشتۇرغاندا نامرات بىر دۆلەت، لېكىن، شۇلارنىڭ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيلىرىنى كۆرسەڭ ئۇنىڭ قېشىدا بىزنىڭ بۇ ئۆيلىرىمىز مال قوتىنىغىمۇ ئەرزىمەيدۇ، ئەللىك پىرسەنت ئادەمنىڭ شەخسىي ماشىنىسى بار، بىزدىچۇ؟

ياسىنجان ئوغلىغا بىر پەس قاراپ تۇرۇپ سورىدى:

— سېنىڭچە مەنمۇ شىركەتكە چىقسام بولىدىكەن-دە؟

— ھەئە، ئۇنداق خىزمەتنى تاشلا ئەمدى.

— بولدى، قوي-قوي، — ياسىنجان قولىنى شىلتىدى، — سەنمۇ، مەنمۇ ھەممىمىز پۇل تاپقىلى چىقساق، كىتابلارنى كىم ئىشلەيدۇ، مائارىپ بىلەن، ئىلىم-پەن بىلەن كىم شۇغۇللىنىدۇ. باللارنى كىم ئوقۇتىدۇ؟ ھەممە ئادەم شىركەت قۇرۇپ سودا بىلەن بولسا باشقا ئىشلارنى كىم قىلىدۇ؟ ياق بالام، سودا بىلەن ھەممە ئىش پۈتمەيدۇ. جاھانمۇ بۇنداق كېتىۋەرمەيدۇ، هازىر ھۆكۈمەت پۇل تېپىڭلار دېۋىدى، ھەممە ئادەمنىڭ كاللىسى قىزىپ كەتتى، سەن بەلكىم بىلمەيسەن، ئاپاڭ بىلەن بىز ئوبدان بىلىمىز، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ماۋ زېدوڭ ئىسيان كۆتۈرسەڭلار يوللۇق، دەپ قويۇۋىدى، ھەممە ئادەم ئىشنى تاشلاپ ئىنقىلابچى بولۇپ كەتتى، ئىككى-ئۈچەيلەن بىر يەرگە يىغىلسىلا ئىسمىدىن ئادەم چۆچۈگەندەك تەشكىلاتلارنى، سىلىڭبۇلارنى قۇرۇپ كەتكەنىدى، هازىر قارىسام بۇ شىركەت دېگىنىڭمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ، بۇنىڭمۇ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ، تېخى كۆرىمىز، جاھان بۇنداقلا بولۇپ كەتمەيدۇ، بۇنى بولدى سەنلا قىل، مېنى دەۋەت قىلما!

جۈرئەت دادىسىنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە بىر ئۇھ تارتتى-دە، ئورنىدىن تۇردى.

— نەگە؟ — ئاسىيە ئۇنىڭدىن سورىدى.

— بىرسىنىڭ ئەۋەتكەن ئامانىتى بار ئىدى، شۇنى بېرىۋېتىپ كېلەي.
— ئەتە بەرسەڭمۇ بولار، ھېرىپ-ئېچىپ كەلگەندە دېمىڭنى ئالساڭچۇ؟
— ياق، بۈگۈندىن قالسا بولمايتتى، بىردەمدىلا كېلىمەن، — ئۇ چامادانىدىن چاقانغىنە خالتىنى ئېلىپ تالاغا چىقىپ كەتتى.
— تۇۋا ماۋۇ بالىنى، — ئاسىيە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدى ۋە خىيالغا پاتقان ئېرىدىن سورىدى:
— چۆچۈرىدىن ئىچىپ باقامسىز؟
— ياق، تويدۇم، — دېدى ياسىنجان ئېسىگە كېلىپ، — مېھراي قېنى؟
— سەلىمەنىڭكىگە تېلېۋىزور كۆرىمەن دەپ چىقىپ كەتتى.
ياسىنجان ئاچچىق كۈلۈپ بېشىنى چايقىدى.
— ئاشۇمۇ بىز كۆرىدىغاننى ياراتمايدۇ، — دېدى ئۇ ئايالىغا قاراپ، — بىز شۇنچىۋالا ئارقىدا قېلىپ كېتىۋاتىمىزمۇ-ھە؟ ئەجەب بىر زامانلار بولۇۋاتىدىغۇ ئۆزى، ئوغلۇڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟
— ئۇنىڭمۇ گېپىنىڭ ئورنى باردەك قىلىدۇ.
— ئۇمۇ ئۆزىنىڭ يولىنى تاپتى، بوپتۇ، مېڭىۋەرسۇن، — ئۇ ئاسىيەنىڭ قولىغا قولىنى قويدى، — بۇ ئۆينى قۇرغان چاغدا ئىككىمىزلا ئىدۇق، ئاخىرى يەنە ئىككىمىز قالىدىغان ئوخشايمىز...
ئاسىيە ئېرىنىڭ يوغان قوللىرىنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىدى.

2

تار، ئۇزۇنچاق كەلگەن بۇ ئۆينىڭ ئىچى رەتلىك ۋە پاكىز ئىدى. دىۋاننىڭ يۆلەنچۈكى، چامادانلارنىڭ ئۈستى، بۇلۇڭ ئۈستەلگە تىزىلغان ئەينەك، ئەتىر قۇتىلىرىغىچە رىشىلىيە ئىشلىگەن ياپقۇچلار يېپىلغانىدى، ھەممە تەرەپتىن بىر خىل يېقىملىق، كۆڭۈلنى كۆتۈرىدىغان نۇر چېچىلىپ تۇرغاندەك كىشىنى سۆيۈندۈرەتتى.
مېھراي تاماق كۆتۈرۈپ كىرگەندە سەلىمە دىۋاندا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ، مېھراينى كۆرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى.
— نېمە قىلىپ يۈرۈيدىغانسىز مېھراي، ئۆزىڭىز كىرىۋەرسىڭىز بولمىدىمۇ؟
— سىزگە دەپ قويۇپ ئۆزۈم يېتىپ كەتتىم، — دېدى مېھراي چىنىنى ئۈستەلگە قويۇپ، — بايىتىن ئاكام كېلىپ قالدى، قېنى، سەلىمە ھەدە ئاش سوۋۇپ قالدىغۇ دەيمەن، ئىچىپ بېقىڭا!
— ھە، جۇرئەت قايتىپ كەلدىمۇ؟ تىنچ-ئامانلىقتۇ؟
— سالامەت كەپتۇ، — ئۇ بويىنىدىكى مېدالىيوننى تۇتۇپ كۆرسەتتى، — قاراڭ سەلىمە ھەدە، ماڭا مۇنۇنى ئالغاچ كەپتۇ.
— پاھ، قالتىس ئېسىل نەرسە ئەكىلىۋېتىپتىغۇ، — سەلىمە ھەۋەس بىلەن تۇتۇپ كۆردى، — مۇبارەك بولسۇن!
— ئۆزىڭىزدىن بولسۇن، ئادىل قېنى؟
— ئويناپ ھېرىپ كېتىپتىكەن، ئۇخلاپ قالدى.

مېھراي تېلېۋىزورغا قاراپ سورىدى:

— ھېلىقى تىياتىرنى باشلاپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

— ھەئە، خېلى بولدى.

مېھراي ھەممىنى ئۇنتۇپ تېلېۋىزورغا قادالدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر قىسىم ئاخىرلاشتى.

— ۋاي ئىسىتەي، — مېھراي ئۇھ تارتتى، — بۈگۈن تۈزۈكرەكمۇ كۆرەلمىدىم، يەنە بىر قىسمىنى بەرگەن بولسىمۇ.

— ئەگەر ھەممە قىسمىنى بەرسە تاڭ ئاتقۇچە كۆرسىزغۇ دەيمەن.

— كۆرەتتىم.

— ئۇنداقتا سىزگە تېلېۋىزىيە فىلىمى تۇشاتقىلى بولمايدىكەن - دە، — سەلىمە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدى، — ئەمدى ئاخىرىنى كۆرمەي ئامالىڭىز بولمىدى - دە.

— شۇدە، ئەمدى قاچان بېرىدۇ؟ — مېھراي ئۈستەلدىكى تېلېۋىزىيە گېزىتىنى ئېلىپ قارىدى، — ئاخىرىنى دۈشەنبە بېرىدىكەن، دۈشەنبە كۈنى سىزنى يەنە ئاۋارە قىلىمەن - دە.

— كىرىڭ، مەنمۇ سىزنىڭ باھانىڭىزدە كۆرۈۋالدىغان بولدۇم، بۇ فىلىمگە مەنمۇ قىزىقىپ قالدىم.

— بەك تەبىئىي ھە، يازغۇچى تۇرمۇشنى بويىماستىن ھەقىقىي ئىپادىلەپ بەرگەن. مەسىلەن قاراڭ، جوخۇا بىر تالانتلىق ئارتىس، ئاۋۇ يازغۇچىمۇ ئۇنى شۇنداق ياخشى كۆرىدۇ، نېمە دېسە جوخۇانىڭ رايىغا باقىدۇ، ئۇلار ھەر جەھەتتىن قارىسا بىر - بىرىگە ماس كېلىدىغان جۈپلەر، بىر قىزبالا ئۈچۈن مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئەمەسمۇ، ئەمما جوخۇا بۇنىڭغا قانائەت قىلمايۋاتىدۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئاشۇ شوپۇرنى ياخشى كۆرۈپ قالدىغان ئوخشايدۇ، مېنىڭ جوخۇاغا ئاچچىقىم كېلىپ قېلىۋاتىدۇ، راست...

سەلىمە كۈلۈۋەتتى.

— ئەگەر سىز يازغۇچى بولسىڭىز جوخۇانى تىللاپ بىر قىلغۇدەكسىز - دە. سىز دېگەندەك يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى چىن قىلىپ يازغانلىقىنىمۇ ئاشۇ يەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كۆڭۈل دېگەن شۇنداق مۇرەككەپ نەرسە سىڭلىم، سىز تېخى كىچىك، ئۇنداق دەۋرنى بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىدىڭىز، شۇڭا بىلمەيسىز، مېنىڭچە جوخۇامۇ ئامالسىز قالغاندەك تۇرىدۇ، ئۇنىڭچە بولسا ئاشۇ يازغۇچى بىلەن توي قىلىۋېتىپلا تىنىچ ياشىغۇسى بار، ئۇنىڭ ئەقلىشۇ مەسلىھەتنى بېرىدۇ، لېكىن كۆڭلى، يۈرىكى شوپۇرغا تارتىپ تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا بۇ فىلىمگە «سۆيگۈگە مەسلىھەت ھاجەتسىز» دەپ ناھايىتى جايىدا ئىسىم قويغان. تۇرمۇش ئىشىغا يات ئادەم توغرا مەسلىھەت بېرەلمەيدۇ، بۇنداق دېسەم ئەتە - ئۆگۈن سىزمۇ ماڭا مەسلىھەت بەرمەڭلار، دەپ تۇرۇۋالماڭ يەنە.

مېھراي خىجالەت بولۇپ كۈلدى.

— مەنچۇ سەلىمە ھەدە، مۇشۇنداقلا ئۆتىمەن.

— قېنى كۆرەرمىز.

ـــ راست... ئەگەر تۇرمۇش، ئائىلە دېگەن سىزنىڭكىدەكلا بولىدىغان بولسا تۇرمۇش قۇرۇپ نېمە قىلىدۇ، مەن چوقۇم ساراڭ بولۇپ قالىمەن.

ـــ ئۇنداق دەپمۇ بولمايدۇ، ـــ سەلىمە غەمكىن قىياپەتتە ئۇھ تارتتى، ـــ ھەممە ئادەمنىڭ تەقدىرى ئوخشاش بولىۋەرمەيدۇ.

ـــ تۇرمۇش قۇرمايمۇ ئۆتكىلى بولىدىغۇ؟

ـــ مەنمۇ بىر چاغلاردا خۇددى سىزدەك ئويلايتتىم، ئۇنداق بولۇشىمۇ مېنىڭ قۇندۇزئاي دەپ بىر نەۋرە ھەدەم بار ئىدى، ئۆزى شۇنداق چىرايلىق قىز ئىدى. قولىمۇ شۇنداق ئىشلىق، مەھەللىمىزدە ئۇنىڭ پېيىگە چۈشمىگەن يىگىت يوق دېسەم بولىدۇ، ھەممە خەق قۇندۇزئاينى قانداق تەلەيلىك يىگىت ئالار، دەپ ھەۋەس قىلىشاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ بىر شوپۇر بىلەن قېچىپ كەتسە بولىدۇ، ھەممە ئادەم ئۇنى ئەيىبلىدى، دادىسى قىزىنىڭ ئەلىمىدە ئاغرىپ يېتىپ قالدى. ھەممە تۇغقانلار قۇندۇزئاينى ئەقىلسىزلىكتە ئەيىبلەشتى. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ تەگكەن يىگىتىنى كۆرگىلى ئالايتەن ئۇنىڭكىگە باردىم. قارىسام خۇددى خاكچىدەك قاپقارىلا بىر ئادەم ئىكەن، ئوشۇق - تۆشۈك گەپمۇ قىلمايدۇ، ھەدەم بۇ زەڭگىنىڭ نەرىگىمۇ ئاشىق بولغاندۇ، دېدىم ئىچىمدە، ئاردىن ئون يىل ئۆتۈپ تۆت بالىلىق بولغان چاغدا ئۇ شوپۇر قۇندۇز ئاينى تاشلاپ كەتسە بولىدۇ، قۇندۇزئاي شۇ دەرد - ئەلەمدە قېرىپ مومايلا بولۇپ قالدى، مەن شۇنى كۆرۈپ تۇرمۇش قۇرۇپ نېمە قىلىدۇ، دەيتتىم، لېكىن ئۆز بېشىمىزغا كەلگەندە ئامالىمىز يوق ئىكەن، تەقدىر سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا بولمايدىكەن.

مېھراي بىردەم ئارسالدى بولۇپ تۇرۇپ كېتىپ سورىدى:

ـــ سەلىمە ھەدە، سىزدىن بىر گەپنى سورىسام خاپا بولارسىزمۇ؟

ـــ نېمىشقا خاپابولغۇدەكمەن، سوراۋېرىڭ؟ ـــ سەلىمە كۈلدى.

ـــ سىلەر نېمە بولۇپ ئايرىلىپ كەتتىڭلار؟ مەن ھازىرغىچە سورايمەن دەيمەن، لېكىن سىزنى نېمە دەپ ئويلاپ قالار دەپ پېتىنالماي كەلدىم.

سەلىمەنىڭ چىرايىدا مۇڭ ئەكسلەندى، مېھراينىڭ بۇ سوئالى ئۇنىڭ ئۇنتۇلغان كۆڭۈل جاراھىتىنى تاتىلىغاندەك بىئارام قىلدى. ئارىلىقنى ئېغىر جىمجىتلىق باستى، سەلىمە بىر ئۇھ تارتتى - دە، بېشىنى كۆتۈردى:

ـــ سىزگە نېمە دەپ چۈشەندۈرسەم بولىدىكىن مېھراي، ـــ دېدى ئۇ غەمكىن قىياپەتتە، ـــ ئادىلنىڭ دادىسىنى دەسلەپ ئۇچراتقان چېغىمدا مەن تىببىي ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا تۇراتتىم، بىز تاسادىپىيلا سەپەردە تونۇشۇپ قالدۇق، مەن تەتىلدىن قايتىشىمدا ئۇنىڭ بىلەن بىر ئاپتوبۇستا يانمۇ يان ئولتۇرۇپ قايتتۇق. يېرىم كۈنگىچە گەپ - سۆز قىلىشماي ماڭدۇق، كۈن ئىسسىق بولغاچقا مېنى ئۇگدەك باسقىلى تۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭار ئاخشىمى دوستلىرىم كېلىپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمىغانتىم، بىر ۋاقىتتا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم، قارىسام ئۇنىڭ مۈرىسىگە بېشىمنى قويۇپ ئۇخلاپتىمەن، مەن خىجالەت بولغىنىمدىن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالدىم. ئۇ بولسا ماڭا قاراپ يېقىملىق كۈلۈپ قويدى، تونۇشىشىمىز شۇ ئىشتىن باشلاندى، ئۇ پېيداگوگىكا

ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرگىلى بىر يىل بوپتۇ، هازىر بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدىكەن، ئۇ يول بويى ماڭا سىپايە مۇئامىلە قىلىپ كەلدى، قونالغۇغا كەلگەندە ياتاق بېلىتى ئالدى، تاماقىمۇ ماڭا پۇل تۆلەتكۈزمىدى، ئۈرۈمچىگە كەلگەنىدىمۇ مېنىڭ يۈك - تاقلىرىمنىڭ جىقلىقىنى كۆرۈپ، ياردەملىشىپ مەكتەپكىچە ئاپىرىپ قويدى، لېكىن شۇ جەرياندا ئۇ ماڭا بىرەر ئېغىزمۇ غەيرىي گەپ قىلىپ باقمىدى، كېيىنچە ئۇ مېنى پات - پاتلا مەكتەپكە ئىزدەپ كېلىپ كىنو - تىياتىرلارغا ئاپاردى، لېكىن كۆڭلىدىكى گېپىنى دېمەيتتى، بىر يىل شۇنداق ئۆتتۇق، مەن مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، دوختۇرخانىغا خىزمەتكە چىقتىم، شۇ ئارىدا ئۇ ئاغرىپ قېلىپ، مەن ئىشلەۋاتقان بۆلۈمدە داۋالاندى. مەنمۇ ئۇنىڭ قىلغانلىرىغا يارىشا بىرەر ئاي باقتىم، بىر كۈنى ئۇ مېنىڭ قولۇمغا بىر پارچە خەتنى تۇتقۇزۇپ قويدى، بۆلۈمگە چىقىپ ئوقۇسام تەكلىپ قويغان خەت ئىكەن، نېمە دەيمەن؟ كۆڭلۈمدە ئۇنى ھەر تەرەپتىن تارازىغا سېلىپ ئۆلچەپ باقتىم، لېكىن مەن ياراتمايدىغان ھېچبىر يېرىنى تاپالمىدىم، ئۆزى ئىنستىتۇتنى تۈگەتكەن، قارا قورساق ئەمەس، كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەت ئورنى بار، مىجەزىمۇ ئېغىر، شاللاق قىلىقلىرى يوق، مېنىڭ ئېسىمگە شۇ ھامان قۇندۇزئاي كەلدى، شۇنچە يىگىتلەرنى ياراتماي ئاخىرى بىر قارا قورساق شوپۇرنىڭ قولىدا! تارتقان كۈنلىرى كېلىپ تۇرۇۋالدى - دە، مەنمۇ تاللاپ - تاللاپ تازىغا ئۇچرىماي دەپ ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدۇم. بىر يىل ئۆتۈپ توي قىلدۇق، تۇرمۇشىمىز ھەر ھالدا كۆڭۈللۈك ئىدى، مەن تۇرمۇشىمىزدىن خاتىرجەم بولغان ھالدا ئۆزۈمنى خىزمەتكە، كەسپ ئىگىلەشكە ئۇردۇم، كۆپ ۋاقتىم بالنىستتا ئۆتەتتى، مېنىڭدە شۇنداق بىر مىجەز بار، — بىر نەرسىگە ئىنتىلگەن ئىكەنمەن، باشقا ھەممە ئىشنى ئۇنتۇيمەن، شۇ چاغلاردا ئۆتنى ئوپېراتسىيە قىلىش خېلى نازۇك تېخنىكا ھېسابلىناتتى، بۇنى پەقەت بۆلۈمنىڭ مۇدىرىلا قىلالاتتى. مەن پۈتۈن ئەس - يادىم بىلەن شۇنى ئىگىلەشكە بېرىلىپ كېتىپ، ئۆيىنى ئۇنتۇپ قالدىم، ئادىلنىمۇ دادىسىغا تاشلاپ قويدۇم، ئۇ دەستلەپ مەن بىلەن ئۇرۇشۇپ باقتى، كېيىنچە كارى بولماس بولدى، قاچان كەلسەم، يېرىم كېچىلەردە بالنىستقا ماڭساممۇ چاتىقى يوق، ئۆزىمۇ ئۆيدە ئولتۇرماس بولدى. كېيىن ئۇقسام ئۇ بىرىنى يەنە كېلىپ مېنىڭ يېقىن بىر دوستۇمنى تېپىۋاپتۇ. خەقلەر قىز بالىنىڭ ھەقىقىي دوستى بولىمايدۇ، دېسە نېمە دەيدىغاندۇ، دەپتىكەنمەن، راست ئىكەن. مەن بۇ دوستۇمنى ماڭا بۇنداق خىيانەت قىلار، دەپ زادىلا ئويلىماپتىكەنمەن. يىغلىدىم، قايغۇردۇم، ئاخىرى تەقدىرگە تەن بەرمەي بولمىدى، ئادىلنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم، مانا، سىز قىزىققان مېنىڭ تۇرمۇشۇم شۇ.

مېھرايىنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ ئىچى سىيرىلدى.

— ھازىرمۇ شۇ دوستىڭىز بىلەن ئۆتۈۋاتامدۇ؟

— ھەئە، توي قىلىپ بالىلىقمۇ بولدى.

— ئۇ دوستىڭىزنىڭ ئەدىبىنى بەرمىدىڭىزمۇ؟

— نېمە پايدىسى؟ — سەلىمە ئاچچىق كۈلدى، — شۇنداق قىلىشنىڭ ھېسابىغا مەن

نېمىگە ئېرىشىمەن؟ سەتلەشمەكتىن باشقا ئىش يوق، شۇ ئارقىلىق مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزۈمگە مايىل قىلالايمەنمۇ؟ سەۋەنلىك مېنىڭ ئۆزۈمدىنمۇ كەتكەن تۇرسا. تۇرمۇش بىر قارىسىڭىز تولىمۇ ئاددىي يەنە بىر قارىسىڭىز تولىمۇ نازۇك، مۇرەككەپ بىر نەرسە ئىكەن...

دالان ئىشىكىنىڭ تاراقلاپ ئېچىلىشى سەلىمەنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى. ئۆيگە ئېگىز، زىلۋا بويلۇق، چېچىنى كۆپتۈرۈپ بۇدۇر قىلغۇزغان چىرايلىق قىز — سەلىمەنىڭ سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان سىڭلىسى پەرىدە كىرىپ كەلدى، مېھراي ئۇنى پات-پاتلا ئۇچرىتاتتى، لېكىن ھازىرغىچە پاراڭلىشىپ باقمىغانىدى.

— نېمانداق كەچ قالدىڭ؟ — سەلىمە سورىدى.

— ئەتە مۇئەللىملەر بىر ياققا يىغىنغا بارغۇدەك، — دېدى پەرىدە مېھراي بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، — قارىسام ياتاقتىكى قىزلارمۇ ئۆيلىرىگە كېتىشتى، يالغۇز قاپتىمەن، تۇرۇپلا زېرىكىپ قالدىم.

— ئۇنداق ئادەم بالدۇرراق كەلسەڭ بولمامتى؟ قورساقىڭ قانداق؟

— تاماق ئەتكەنمىدىڭ؟

— بالدۇرراق كەلگەن بولساڭ مېھراينىڭ چۆچۈرىسىگە ئېغىز تېگەتتىڭ، راستىنلا قورساقىڭ ئاچمۇ؟

— ياق، مەكتەپتە تاماق يېدىم.

— مەن چاي دەملەي، چاي ئىچەيلى، — دېدى سەلىمە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېھرايمۇ قوپتى.

— مەنمۇ ئەجەب ئولتۇرۇپ كەتتىم، ئۆيگە چىقىپ باقاي.

— نەگە ئالدىرايسىز، — دېدى سەلىمە ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، — ئۆيگە چىقسىڭىزمۇ ئۈلگۈرىسىز، پەرىدەمۇ كەپتۇ، — ئۇ مېھراينىڭ قولىغا يېقىن كېلىپ دېدى، — ھېلى پەرىدەنى ناخشا ئېيتقۇزىمىز.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېھراي يايراپ كەتتى، ئۇ بۇ قىز بىلەن تونۇشۇشقا پۇرسەت تاپالماي يۈرەتتى.

— ئۇنداق يېرى بولسا مەيلى، پەرىدەنىڭ ناخشىسىنى بىزمۇ ئاڭلاپ باقايلى.

پەرىدە ناز قىلىپ كۈلدى:

— ۋىيەي، سىلەر ئاڭلىغۇدەك ئېيتالمايمەن.

— بولدى، سەنمۇ ئەمدى ناز قىلىپ كەتمە، سەلىمە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى، — ئەمىسە، ئاۋۋال بىر پىيالىدىن چاي ئىچەيلى، ئاندىن مېھراي ئىككىمىز پەرىدەدىن ئىمتىھان ئېلىپ كۆرىمىز، نەچچە يىلدىن بېرى قانچىلىك ئۆگەندى-ھە؟

چاي ئۈستىدە مېھراي پات-پات پەرىدەگە قاراپ قوياتتى، ئۇنىڭ يۈز قۇرۇلۇشى، قاش-كۆزلىرى ھەدىسىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاتتى، پەقەت ئۇنىڭ تېرىسى ھەدىسىگە قارىغاندىمۇ ئاق، كۆزلىرى شوخلۇق بىلەن نازلىق ئويناپ تۇراتتى، بەلكىم سەلىمە ھەدەممۇ قىز چاغلىرىدا شۇنداق بولغىيتتى، ئەجەب خۇدايىم بۇلارغا چىرايىنى ئايىماي بەرگەنىكەن، مۇشۇنداق ئايالنى ياراتماي تاشلاپ كەتكەن قانداق ئەردۇ ئۇ؟ شۇنىڭغا قارىغاندا كۆڭۈل دېگەن راستىنلا ساراڭغا ئوخشايدىكەن-دە، مېنىمۇ نېمە

تەقدىر كۈتۈۋاتقاندۇ؟ مېھرايىنىڭ بىردىن تېنى شۈركەنگەندەك، كۆز ئالدىدا نېمىسى بىلەندۇر ئۆزىگە قىزىقتۇرۇپ ئىنتىلدۈرگەن سىرلىق، ۋەھىمىلىك بىر دۇنيا نامايان بولغاندەك بولدى.

سەلىمە نېرىقى ئۆيدىن گىتارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ پەرىدەگە تۇتقۇزدى:

— قېنى ئەمىسە، چېلىپ باققىنە، شۇنداق قىلايلىمۇ مېھراي؟

— ئاڭلايلى، ئاڭلايلى، — مېھراي دەررۇ ماقۇل بولدى.

پەرىدە تارتىنىپ ئولتۇرماستىنلا گىتارنى قولىغا ئېلىپ، نازۇك بارماقلىرىنى ئۇنىڭ تارلىرى ئۈستىدە ئوينىتاتتى، گىتاردىن يۈرەكنى چېكىپ ئۆتكەندەك دولقۇنلۇق بىر سادا ياڭرىدى، ئۇ گىتارنىڭ تارلىرىنى چەككەچ ئويلىنىۋالدى-دە، گىتارنى شوخ بىر پەدىگە ئوينىتاتتى، ئۇنىڭ بولۇتتەك يېيىلىپ دولقۇنلىنىپ تۇرغان قوڭۇر بۇدۇر چېچى ئالدىغا چۈشۈپ يۈزىنىڭ يېرىمىنى ياپتى، ئۇ مۈزىكىنى تەڭكەش قىلىپ، مۇردىلىرىنى چىرايلىق ئوينىتاتتى، ئۇ پاۋۇزىنى قايتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تۆۋەن ئاۋازدا ناخشا باشلىدى:

جاناننى ئىزدەپ مەن ئېزىپ،
يۈردۈم جاھاندا چۆل كېزىپ.
ئۆمرۈمدە بۇنداق بىدىدار
غالىب جامالنى كۆرمىدىم،
ئايدىن سورايمۇ جانانىم.
كۈندىن سورايمۇ جانانىم...

مېھراي پۈتۈن زېھنى بىلەن پەرىدەگە قادىلىپ قالدى. بۇ ناخشىنى ئۇ تويلاردىمۇ ئاڭلىغان، لېكىن ئۇ بۈگۈن مېھرايغا بۆلەكچىلا قاتتىق تەسىر قىلدى، ناخشا ئۇنى گويا جىمجىت ئورمانلىقتا، بۇلاق سۈيى شىلدىرلاپ تۇرغان چىمەنلىك دالىغا ئېلىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ پەرىدەگە ئىچ-ئىچىدىن ھەۋەس قىلدى. بۇ قىز چىرايى بىلەنلا ئەمەس، مۇشۇ ناخشىسى بىلەنلا ھەر قانداق يىگىتنى ئۆزىگە قارىتىۋالغۇدەك، مەنچۇ؟ مېنىڭ قولۇمدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدۇ، مېنىڭ ماشىنىدا خەت بېسىشىم كىمنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ، نېمانچە دۆت، پەمسىز چوڭ بولۇپ قالغاندىمەن، مېھرايىنىڭ كۆڭلى بىردىنلا يېرىم بولۇپ قالدى.

پەرىدە ناخشىسىنى لەرزان شامالدەك يېنىك ئاياغلاشتۇردى.

— مەن ياخشى ئېيتالمايمەن، — ئۇ خىجالەت بولغان قىياپەتتە چېچىنى كەينىگە قايرىدى، مېھراي شۇ چاغدىلا ئېسىگە كەلدى، پەرىدە گىتارنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى، — ئەمەدى سىز چېلىپ بېرىڭ.

مېھراي ھولۇقۇپ كەتتى.

— مەنمۇ؟! — ئۇ قولى بىلەن ئۆزىنى توسۇپ كەينىگە داجىدى، — مەن ئۆمرۈمدە ھا دەپ باققان بەندە ئەمەس، مەن ئاڭلاشقا ئۇستا، سىز بەك ياخشى چالىدىكەنسىز، نەچچە ۋاقىتتىن ئەجەب ئۇقماپتىمىز-ھە، سەلىمە ھەدە، بولمىسا نى ئولتۇرۇشلارنى قىلىۋېتەركەنمىز.

— مەنمۇ بۇنىڭ بۇنچىلىك چالالايدىغانلىقىنى بۈگۈن كۆردۈم، — سەلىمە سىڭلىسىغا قاراپ ھەۋەسلەندى.

— ئەدەبىيلىك بولسىمۇ كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، — دېدى مېھراي كۈلۈپ تۇرۇپ، — «قارا كۆزۈڭ» نى بىر ئېيتىپ بېرىڭا، مەن بەك ياخشى كۆرەتتىم.

— بۇنى تازا ياخشى ئېيتالمايتتىم، — پەرىدە ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ گىتارنى قولىغا ئالدى - دە، ئاۋۋال ئاھاڭنى بىر قۇر چېلىپ كەلتۈردى. ئاندىن بېشىنى كەينىگە تاشلاپ، گويا تېكىستنى ئېسىگە ئالماقچى بولغاندەك كۆزىنى تورۇسقا تىكتى. شۇنداق بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىگە ياراشقان ئادىتى بىلەن چايقىلىپ تۇرۇپ ناخشىنى باشلىدى.

مېھرايىغا بۇ ناخشا بەكمۇ ياقاتتى، ئۇ قىزىپ كېتىپ، پەرىدەگە قوشۇلۇپ ئېيتىشقا باشلىدى، سەلىمە بۇ ئىككى قىزغا ھەۋەسلەنگەن ھالدا قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ ياشلىق، شادلىق جۇشقۇنلاپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ چوڭقۇر خىياللارغا كەتتى، قىزلىق دەۋر قانداق ياخشى - ھە، نېمىشقا بۇ چاغلار شۇنچە قىسقا بولىدىغاندۇ، كۆپىنچە قىزلار مۇشۇ دەۋرنىڭ قەدرىگە يەتمەي ئالدىراپ كېتىدۇ، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى تەۋەككۈلگە تىكىدۇ، مەنمۇ شۇنداق بولدۇمغۇ، كېيىن قانچە پۇشايمان قىلساڭمۇ، بۇ چاغلار ئورنىغا كەلمەيدۇ، بۇ ئىككىسىمۇ شۇنداق بولارمۇ؟ سەلىمەنىڭ خىيالىنى نېرىقى ئۆيدىن مايكىچان، كالتە ئىشتان بىلەنلا چىقىپ كەلگەن ئوغلى ئادىل بۇزدى. ئۇنى كۆرۈپ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭلار؟ — دېدى ئادىل ئۇيقۇلۇق كۆزىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ.

— ۋاي خۇدايىم بۇ نېمە بولغاندۇ؟ — سەلىمە قوپۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، — ئوخلاۋەر ساقام...

— پەرىدەنىڭ ناخشىسى ئادىلنىمۇ تەسىرلەندۇرۇۋەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى مېھراي سائىتىگە قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى، — بۈگۈن ئادىلنىمۇ ئۇخلاتمىدۇق، مەن ئەمدى چىقاي.

— نېمە ئالدىرايسىز؟ — سەلىمە ئۇنىڭغا قايرىلدى، — بىردەم ئولتۇرسىڭىز بولمامدۇ؟

— خوش، سىلەرمۇ دەم ئېلىڭلار، — ئۇ پەرىدەگە ئۆرۈلدى، — پەرىدەنىڭ ناخشىچى ئىكەنلىكىنى ئۇقۇۋالدۇق، خۇدايىم بۇيرۇسا بىر كۈنى قانغۇچە بىر ئاڭلارمىز. بۇ بىنادىچۇ بۇرۇختۇرۇمچىلىقتا ئادەم زېرىكىپ كېتىدۇ، تۈزۈككىنە كۆڭۈل ئاچقۇدەك بىر ئىش يوق، شۇنداقمۇ سەلىمە ھەدە؟

— ھەممە ئادەم ئۆز غېمىدە ئەمەسمۇ.

— بەزىدە قوپۇپ بىر ياقلارغا كەتكۈم كېلىپ قالىدۇ، بۈگۈن شۇنداق كۆڭۈللۈك بولدى، پەرىدە بىلەنمۇ تونۇشۇۋالدىم، ماقۇل مەن چىقاي.

ئۇ يورۇق ئىشىكتىن چىقىشىغا قاراڭغۇ زالدا تۇرغان قارا سايىنى كۆرۈپ، ۋارقىرىۋەتتى:

— كىم؟...

ئۇنى ئۇزىتىپ چىققان سەلىمە بىلەن پەرىدەمۇ چۆچۈپ كېتىشتى.

— مەن... — قارا سايە قوزغالدى.

— ئاكامۇ؟ — مېھراي ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى، — ئەجەبمۇ قورقۇتتىڭا. بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— مەن تالادىن ئەمدى كىرىشىم ،— جۈرئەت پەردەنى كۆرۈپ ھولۇقۇپ قالدى،— سەلىمە ھەدە ياخشىمۇسىز؟

— ياخشىمۇسىز جۈرئەت، قاچان كەلدىڭىز ؟— سەلىمە ئۈچۈق چىراي سورىدى.

— بۈگۈن كەلدىم.

— ماقۇل، كىرىپ كېتىڭلار ،— مېھراي ئۇلارغا قول ئىشارىتى قىلدى.

— باياتىن ناخشا ئېيتقان كىم ؟— جۈرئەت ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن سىڭلىسىدىن سورىدى.

مېھراي قۇۋلۇق بىلەن كۈلدى.

— بۇ گەپچى - زە، باياتىن ئاڭلاپ تۇرۇپسەن - دە، قانداق، ناخشا يارىدىمۇ؟

— يامان ئەمەسكەن، كىم ئۇ؟

— سەلىمە ھەدەمنىڭ سىڭلىسى ئېيتتى، ناخشا دېگەننى گۈل كەلتۈرۈۋېتىدىكەن، گىتارنىمۇ پەيزى چېلىپ قويىدىكەن دېگىنە، بىر كۈنى دوستلىرىمنى چاقىرىپ بىر ئېيتقۇزايمىكىن دەيمەن، ئۇ چاغدا سەنمۇ ئىشىك ماراپ ئاۋارە بولۇپ كەتمەيتتىڭ.

جۈرئەت كۈلۈۋەتتى ۋە سىڭلىسىنىڭ قۇلىقىنى بوش سوزۇپ قويدى - دە، ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

3

ھىممەت توختى ئەتىگەندىن بۇيان ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ سەھەر قوپۇپ قۇشخانىغا باردى ۋە گۆش بازىرىنى ئۇزۇن ئارىلاپ، ئاخىرى قاسساپتىن كىلوسىنى 13 يۈەندىن كېلىشىپ بەش كىلو گۆش ئالدى، ئۇ گۆشنى ئايالى مەڭنىساغا تاشلاپ بېرىپ ماگىزىنغا يۈگۈردى ۋە ھاراق - تاماكا ساتىدىغان بۆلۈمگە كىرىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ھاراق تاللىدى. ئۇنىڭغا بازاردىكى ھەممە نېمىلەر بۈگۈن قىممەتلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئاشۇ «ئىلى داچۈي» دېگەنلەر يېقىندىلا يەتتە يۈەن ئىدى، ھازىر 13 يۈەن دەيدىغۇ، ئۇغىنىڭ ئۆزى بوپتۇغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئا شۇجىغا بۇنى قويۇپ بەرسەم قامىلاشماس. ئۇ ئاخىرى كۆزىنى يۇمۇپلا «ئىلى ئالاھىدە ھارىقى» دىن بىر بوتۇلكا ئالدى. ئۇ بوتۇلكىنى سومكىغا سېلىۋېتىپ، ھاراق زاۋۇتىنىمۇ، سىرداش ئىدارىسىنىمۇ ئىچىدە مىڭنى تىللىدى. ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى، مەڭنىسا ئۇستەلگە تىزىدىغان ھېچ نەرسە يوق، دەپ ئۇنى مېۋە - چېۋىلەردىن ئەكىلىشكە يەنە بۇيرۇدى، ئۇ ئاخىرى تىترەپ تۇرۇپ بۇنىڭغا 30 يۈەننى خەجلەشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ۋېلىسىپىتتە بازاردىن كېلىۋېتىپ بۈگۈنكى چىقىمنى ھېسابلاپ كۆرۈۋىدى، يۈز يۈەندىن ئېشىپ كېتىپتۇ ،— ئەستاغپۇرۇللا ،— دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن ئىچىگە تىنىپ ،— قاراپ تۇرۇپ يۈز نەچچە يۈەننىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇۋېتىپتىما، بىر ئايلىق خىراجەت قىلاتتۇق ئەمەسمۇ بۇ پۇلنى، مەيلى،بۇنى بىكارغا خەجلىۋاتمايمەنغۇ، بۇنىڭ ھېسابىغا باشقارما باشلىقلىقىنى ئالسام مەيلى ئەمەسمۇ، ئۇ چاغدا بۇنداق يۈز يۈەندىن نەچچىنى ئۇندۇرۇۋالغىلى بولىدۇ، ئۇ خاتىرجەم

ھالدا كېلىنى قەرىپ قويدى ۋە دىمىغىدا «گۈل مەرەم» ناخشىسىنى غىڭشىغىنىچە ۋېلىسىپىتىنى كۆچەپ تەپتى. ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئىدارىدە تۈنۈگۈن بولغان ئىشلار ئۆتۈشكە باشلىدى، تۈنۈگۈن يېڭى كەلگەن ئا شۇجى ئىشقا چۈشكەنىدى، ئىدارىنىڭ ئىچى ئۆرە - تۆپە بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئالدى بازار بولدى. ھىممىت توختى شۇجىنىڭ يېنىغا قانداق كىرسەم بولار دەپ ئويلاپ تۇرۇشىغا قارا سومكا كۆتۈرگەن بىر يىگىت كىرىپ ھىممىت توختىدىن ئىدارىنىڭ مەسئۇلىنى سورىدى.

— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى ؟— دېدى ئۇ قىزىقىپ.

— تەكلىپنامە ئەكەلگەن ،— دېدى يىگىت سومكىسىنى كۆرسىتىپ.

ھىممىت توختىنىڭ كاللىسىغا شۇ ھامان بىر ئوي كەلدى.

— باشلىق مەجلىسكە كېتىپ قالدى ،— دېدى ئۇ ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ ،— چۈشكىچە ئىدارىگە كېلىشى ناتايىن، بولمىسا ماڭا بېرىپ قويۇڭ، مەن چۈشتىن كېيىن بېرىپ قوياي.

بۇ گەپ يىگىتكە خۇش ياقتى بولغاي، سومكىسىدىن تەكلىپنامىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى. ھىممىت توختىنىڭ شادلىقتىن كۆڭلى يايراپ كەتتى. مانا ئەمدى شۇجى بىلەن كۆرۈشىدىغان ياخشى باھانە تېپىلدى، ئۇ تەكلىپنامىگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ شۇجىنىڭ ئىشخانىسى تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ تەلىيىگە ئىشىككە كېلىشكە شۇجى كادىرلار باشقارمىسىنىڭ باشلىقىنى ئۇزىتىپ چىقىپ قالدى. ھىممىت توختى تەكلىپنامىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سىلىگە بىر باغاق كەپتىكەن ،— دېدى ۋە كۈلۈمسىرىگىنىچە قولىدىكى قەغەزنى ئۇنىڭغا ئۇزارتتى.

شۇجى سەل ھەيران بولغاندەك ئۇنىڭغا بىر قارىدى - دە، باغاقنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇپ چىقتى ۋە چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— يەنە بىر شىركەت قۇرۇلغۇدەك - تە، ياخشى، ياخشى ،— دېدى شۇجى كۈلۈپ تۇرۇپ ،— قېنى، ئىشخانىغا كىرسىلە.

ھىممىت توختى شۇ بىر ئېغىز گەپنى كۈتۈپ تۇراتتى، ئۇ ئېگىلگەن ھالدا شۇجىنىڭ دىۋانلار بىلەن توشقان ئىشخانىسىغا كىردى. شۇجى ئۇنىڭغا تاماكا تۇتقاچ قايسى بۆلۈمدە ئىشلەيدىغانلىقىنى، ئىلگىرى نەدە ئىشلىگەنلىكىنى سورىدى، ھىممىت توختىنىڭ كۆڭلىگە يېڭى شۇجى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، دىلى يايراپ كەتتى.

— ئەتە ۋاقىتلىرى بولسا بىزنىڭ ئۆيگە بارامدىكىن ،— دېدى ھىممىت توختى. شۇجى سائىتىگە يېنىشلاپ قارىغاندىن كېيىن ،— سىلى يالغۇز، ئۆي تامىقىمۇ سېغىنىپ قالغانلا...

ھىممىت توختىنىڭ پەرىزىنىڭ ئەكسىچە شۇجى دەرھاللا ماقۇل بولدى ۋە ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى سورىدى. ھىممىت توختى ئېيتىپ بېرىۋىدى ئۇ سەل ھەيران بولغاندەك قاراپ قويدى - دە:

— ئۇ مەھەللىنى بىلمەمەن، ماقۇل، — دېدى.

ھەممەت توختى شۇجىنىڭ ئىشخانىسىدىن بېشى كۆككە يېتىپ يېنىپ چىقتى. ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىدا كادىرلار باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

ئىچىڭدىن قان كەتسۇن جوھۇت، — دېدى ھەممەت توختى ئىچىدە، — مېنى نېمىسە دەپ چاقىقاندۇر دەپ ئويلاۋاتقانسەن، ياق، تېخى ئالدىرىما، چېقىش دېگەننى ئەمدى كۆرسەن، نەچچە ۋاقىتتىن ئەجەب بوزەك قىلىپ كېتىشتىڭغا، ئەددى خۇدايىم بۇيرۇسا بىرلەپ كۆرسىتىمەن، ھەممەت توختىنىڭ كارامىتىنى ئەمدى كۆرۈسىلەر، مېنىڭ ئايىغىمنى سۆيۈسىلەر...

ھەممەت توختى مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ قويدى ۋە سائىتىگە قارىدى - دە، ۋېلسىپىتىنى تېزلەتتى. ئۇ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىنمۇ كۆڭلى دەككە - دۈككىدە ئولتۇرالمىدى، كەلمەي قويارمۇ - يا، باشلىق دېگەننىڭ ۋەدىسىمۇ يالغان بولىدىغان، بىرەر جىددىي يىغىن چىقىپ قالسا ياكى بىرەرسى كىرىپ مېنى يامانلاپ بەرگەن بولسا يالتىيىپ قالغانمىدۇ؟ ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىر ۋەھىمە چۈشۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— مەن كوچىنىڭ ئاغزىغا چىقىپ باقاي جۇمۇ، — دېدى ئۇ ئاشخانا ئۆيدە تاماقنىڭ ھازىرلىقىنى قىلىۋاتقان ئايالىغا، — ئاشۇجى بۇ ئۆينى ئۇقمايدۇ، تېپىپ قېلىپ يۈرمىسۇن يەنە.

ئۇ زالغا چىقىپ پەستىكى تاراق - تۇرۇققا، ئۇنلۇك پاراڭلارغا قۇلاق سالدى. ھايال ئۆتمەي ئۈچ - تۆت ناتونۇش ياش پەلەمپەيدىن ئۈزۈن بىر دىۋاننى كۆتۈرۈپ چىقىشتى، تۆۋەندە يەنە كىمنىڭدۇر كۈلۈشكەن، ئىشىكنى تاراقشىتىپ ئاچقان ئاۋازى ئاڭلاندى. قايسى كۈنى ئۆينى كۆرۈپ كەتكەن شوپۇر كۆچۈۋېتىپتۇ - دە، — ئويلىدى ئۇ ئۇلارغا قاراپ، — بۈگۈن ئاشۇجى كېلىدىغان كۈنى ماۋۇ گۇلدۇر - تاراقنىڭ بولغىنىنى كۆرمەمدىغان، ئاراسىخۇدا ئولتۇرغۇزمايدىغان بولدى - دە، بۇ نېمىلەر... ھەممەت توختى ئۇلارغا ئاچچىقى بىلەن قاراپ قويدى. ئاڭغىچە ئۇدۇلدىكى ئۆيدىن ياسىنجان چىقتى.

— يېڭى قوشنا كەلدى، — دېدى ھەممەت توختى ئۇنىڭغا يۇقىرىنى ئىما قىلىپ.

— شۇنداقمۇ؟ — ياسىنجان ئۈستۈنكى قەۋەتكە قاراپ قويدى، — ئۆيگە ئوخشىمامدۇ؟

— ھەئە.

— نەدە ئىشلەيدىكەن؟

— شوپۇر ئىكەن، تاكسى ھەيدەيدىكەن، — ئۇ ياسىنجاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئاستا دېدى، — بۇ كەلگىنىمۇ بويتاق ئوخشىمامدۇ، بۇ بىنانى بويتاقلار بېسىپ كېتىدىغان بولدى، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە سەلىمەنىڭ ئىشىكىگە قاراپ قويدى.

— شۇنداقمىكەن؟ — ياسىنجان مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— تاماشىنى ئەمدى كۆرىمىز خۇدايىم بۇيرۇسا، — ھەممەت توختى بېشىنى چايقىدى، — بۇ بىنانىڭ - زە ئولتۇرغۇچىلىكى قالمىدى جۇمۇ، ئىدارىگە ماڭدىڭلىمۇ؟

— ھەئە، ئۆزۈڭلىچۇ، ئىشقا بارمىغان ئوخشىمامسىلەر؟ پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ سورىدى ياسىنجان.

— ياق، بىرى كەلمەكچىدى، شۇنى ساقلاۋاتىمەن، — ھېمىت توختى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چۈشۈۋېتىپ جاۋاب بەردى.

ئۇلار چۈشۈپ كېتىپ بىرئازدىن كېيىن ئىسىم كارىۋات كۆتۈرگەن ئىككى ئادەم پەلەمپەيدىن چىقتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە بىر قولىدا چامادان، يەنە بىر قولىدا نەقىشلەنگەن چىرايلىق بىر دۇتارنى كۆتۈرگەن ئېگىز بويلۇق، ئوتتۇرا ياشلاردىكى بوغداي ئۆڭ كىشى پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈلدى.

— مۇشۇ ئوتتۇرىدىكى ئۆي شۇمۇ ئابلىزكا؟ — كارىۋات كۆتۈرۈپ ئالدىدا ماڭغان يىگىت ھاسىراپ تۇرۇپ سورىدى.

— ياق، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۆي.

— قونداق خېلى ئېگىزدىكەن - دە، ئابلىزكا؟

— شۇنداق قىلمىساق بەزى نېمىلەر ئادەمنى بوغۇپ قويىدۇ - دە.

زالدا كۈلكە ياڭرىدى.

شۇ ئەسنادا ئوتتۇرىدىكى ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، چىرايلىق كىيىنىپ مۇرىسىگە چاققان سومكىنى ئاسقان سەلىمە چىقىپ كەلدى. ئۇ تەئەججۈپلەنگەن ھالدا ناتونۇش كىشىلەرگە قاراپ قويدى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆتۈۋېلىشىنى كۈتۈپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ئۇنىڭ كۆزى دۇتار كۆتۈرۈۋالغان ئابلىزنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ ئەندىكىپ كەتتى. سەلىمە قىزارغان ھالدا باشقا ياققا قارىۋالدى. ئابلىزنىڭمۇ يۈرىكى ئوخچۇپ، قوللىرىدىن تەپچىپ تەر چىقتى، ئۇ بۇ كېلىشكەن ئايالنى ساقلىتىپ قويغانلىقىدىن خىجالەت بولغاندەك كۈلۈمسىرىدى - دە، ئۇنىڭ يېنىدىن ئىتتىك ئۆتۈپ يۇقىرىغا ماڭدى. ئۇ چىقىۋېتىپ سەلىمەگە يەنە بىر قايرىلىپ قارىدى.

بىنانىڭ ئالدىدا كوچىغا قاراپ تۇرغان ھېمىت توختى بىنادىن چىقىپ كەلگەن سەلىمەنى كۆرۈپ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

— ھە سەلىمەخان، ئىشقا ماڭدىلىمۇ نېمە؟ — ئۇ سەلىمەگە يەۋەتكۈدەك تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى.

— ياق، بۈگۈن دەم ئالغانتىم، گۆش ئەكىلەي دەپ ماڭدىم.

— ئەتىگەن ماڭا دېسىلىچۇ، — دېدى ھېمىت توختى ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ، — مەن ئەتىگەن قۇشخانىغا گۆشكە بارغانتىم، ئەرزان ئالاتتۇق ئەمەسمۇ، بۇنىڭدىن كېيىن شۇنداق ئىشلار بولسا بىزگە دەۋەرسىلە.

— ۋىيەي، — دېدى سەلىمە ئوڭايسىزلىنىپ، — سىلىنى ئاۋارە قىلسام قانداق بولىدۇ.

— ئۇ قانچىلىك ئاۋارىچىلىق، قوشنىدارچىلىقتا بىر - بىرىمىزنىڭ ھالىغا يەتمىسەك بولامدۇ.

— كۆڭۈللىرىگە رەھمەت.

— يېڭى قوشنا كەلدى، ئۇقتىلىمۇ؟ — ئۇ سەلىمەنىڭ مېڭىشىغا تەمشەلگىنىنى كۆرۈپ توختاتماقچى بولدى.

— ھە، بىرى كۆچۈۋاتقاندەك قىلىدىغۇ.

— بىر بويتاق شوپۇر ئىكەن، ئۇ، سەلىمەگە مەنسىلىك قاراپ قويىدى، — شوپۇر دېگەن تازا قالايمىقان بولىدىغان خەق، بىنانى ئوخشاتمىسىلا بولاتتىغۇ، يەنە كېلىپ سىلىنىڭ تۆپىلىرىدىكى ئۆيگە كۆچۈپتۇ، سىلىگە ئاراملىق يوق بولىدىغان بولدى.

— قېنى كۆرەرمىز.

سەلىمە شۇنداق دېدى - دە، يولغا ماڭدى. ھىممەت توختى بۇ سىرلىق ئايالغا تاكى ئۇ دۇقمۇشتىن قايرىلغىچە قاراپ تۇردى. چىراي دېگەننى خۇدايىم ئايىماي بەرگەن ئىكەن - دە، بۇ چوكانغا، — ئۇ كالپۇكىنى تامشىپ تۇرۇپ ئىچىگە تىندى، — مۇشۇنداق ئايالنى ياراتماي قويۇۋەتكەن قانداق سارالڭ نېمىدۇ، بىزمۇ مانا ئاشۇ كالامپاي خوتۇن بىلەن ئۆتۈۋاتىمىز، تەڭشەلمىگەن ئالەم ئىكەن... ناۋادا ئۇ مېنىڭ بولسىغۇ...

ئۇ شۇ خىياللار بىلەن تۇرغاندا ئالدى تەرەپتە پاكار بويلۇق، قورسىقى دومبىيىپ چىققان بىرى پەيدا بولدى، بۇ گەۋدە ئالدىرىماي، ئىككى يانغا چايقىلىپ مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. ھىممەت توختى بىردىن ھوشىغا كەلگەندەك بولدى ۋە ھەممىنى ئۇنتۇپ، كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

— ئا شۇجى! — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ ئۆزىگە ئۇزىتىلغان دىقماق، سېمىز قولنى ئىككى قوللاپ ئاۋايلاپ تۇتۇپ، — بىزنىڭ بۇ كونا مەھەللىنى تاپالارمۇ دەپ ئەنسىرىگەنتىم، ياخشى تېپىپ كەپلا، پىيادە كەلگەن ئوخشىمامىلا؟

— ئازراق ماڭمىساق بولماي قالدى، — دېدى ئا شۇجى قورسىقىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ.

— ھە، مۇنداق دېسىلە، توغرا، توغرا.

ئا شۇجى ئەتراپقا قىزىقىپ زەن سالدى.

— بۇ يەرلەر جىقمۇ ئۆزگىرىپ كەتمەپتۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، سىلىمۇ بىلىدىكەنلا؟

— بۇ بىزنىڭ كونا مەھەللىمىز - دە.

— شۇنداقمۇ؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتىن چەكچەيدى.

— ئۆز ۋاقتىدا بۇ مەھەللە شەھەرنىڭ كۆزى ئىدى، ئاۋۇ كۈل رەڭ بىنادا نەچچە يىل ئولتۇرغان بىز. سىلى قايسى بىنادا؟

— ئاشۇ بىنادا.

— قايسى ئىشىكتە؟

— بىرىنچى ئىشىك.

ئا شۇجى ھىممەت توختىغا قاراپ قويىدى - يۇ، گەپ قىلمىدى، ئۇ ئەتراپقا گويا تونۇش بىر نەرسىنى ئۇچراتماقچى بولغاندەك قىزىقىپ قارايتتى. ھىممەت توختى بولسا ئۇنىڭغا سوڭداشقان ھالدا سۆزلەپ كەلمەكتە ئىدى.

— بۇ بىنا بەك كونىراپ كەتتى دېسىلە، ئىدارىدە تۈزۈككىرەك ئۆي بولسىمۇ كۆچۈپ كېتەتتىم قارىسىلا، ئامالىنىڭ يوقىدىنلا ئولتۇرۇۋاتىمىز، مانا كەلدۇق.

ئۇ چاققانلىق بىلەن ئالدىغا ئۆتۈپ، ئىشىكنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى.

— قېنى ئا شۇجى ئۆيگە كىرىلى!

ئۇ، ئەتراپتىكى ئۆيلەرگە بىر قۇر قاراپ قويۇپ ئۆيگە قەدەم تاشلىدى.

— ئىچكەركى ئۆيگىلا كىرىپ كېتىلى، — ھېمىت توختى كەينىدە كېتىلىۋېتىپ باشلىدى.

ئا شۇجى قوپال ياسالغان دىۋانغا ئولتۇرۇپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن ھېمىت توختىدىن سورىدى:

— سىلەر قاچاندىن بۇيان بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋاتىسىلەر؟

— ئون يىلدىن ئېشىپ قالدى.

ئا شۇجى ماقۇللىغاندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

— بۇ گەپچە بىز كېتىپلا سىلەر كۆچۈپ كەپتىكەنسىلەر - دە؟

ھېمىت توختى بىردەم تېڭىرقاپ تۇرۇپ كېتىپ سورىدى:

— سىلى مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ئۇ خۇشاللىقتىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي، — توۋا ماۋۇ ئىشنى، ھەي مەڭنىسا! — ئۇ ئاشخانا ئۆيگە بۇيۇنداپ قارىدى، — ھەي مەڭنىسا ئا شۇجى كەلدى، چىقىپ كۆرۈشۈڭلا!

ھايال ئۆتمەي ئىشىكتە مەڭنىسانىڭ لىغىرلاپ تۇرغان گەۋدىسى پەيدا بولدى. ئۇ قاش - قاپاقلىرىنى سوزۇپ مېھمانغا نەزەر سالدى - دە، يۈرىكى جىغ-غىدە قىلىپ قالدى. چىرايى تونۇشلا ئادەمغۇ، نەدە كۆرگەن بولغىيدىم توۋا، بۇ ئادەم شۇ ئەمەسمۇ، قاپىقىدىكى مېڭى شۇ، ۋاي خۇدايىم، ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ مەڭنىسا تەمتىرەپ قالدى. ھولۇقۇش ۋە چۆچىنىپ بولماس بىر ھاياجاندىن ۋۇجۇدى تىترەپ، ئىچىگە بىر پارچە چوغ كىرگەندەك تولغاندى.

ئا شۇجى بولسا مەڭنىسا بىلەن باش لىڭشىتىپلا كۆرۈشتى.

— مېنى تونۇمىدى بولغاي، — ئويلىدى مەڭنىسا ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي، — دېمىسىمۇ 30 يىل بولاي دېدى، توۋا، مەن بۇ ئادەم تونۇيالمىغۇدەك ئۆزگىرىپ كەتكەنىدىمەنمۇ؟ ياكى قەستەن تونۇماسقا سېلىۋاتامدۇ؟ مەڭنىسا نېمە دېيىشىنى بىلمەي ئارىسالدى بولدى.

ھېمىت توختى ئا شۇجىنى ھاياجان بىلەن ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى.

— بۇياق ئا شۇجى بولىدۇ، مەن سىلىگە كېيىنى قىلىپ بەردىمغۇ، قارىماسىلا خوتۇن، ئا شۇجى ئىلگىرى نەق مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرغانىكەن ئەمەسمۇ، ماۋۇ تۇغرا كېلىشىنى كۆرمەمدىغان.

مەڭنىساتىڭ شالاڭ قېشى ھەيرانلىقتىن كېرىلدى.

— شۇنداقمىكەن؟

— مەنمۇ شۇنىڭغا ھەيران بولۇۋاتىمەن، — دېدى ئا شۇجى مىيىقىدا كۈلۈپ.

ھېمىت توختى ئىتتىك گەپ قىستۇردى:

— نىيەتنىڭ توغرىلىقى جۈمۇ، بۈگۈن - زە، ئۆز ئۆيلىرىدە ئولتۇرغاندەك بولۇلا - دە، قېنى مەڭنىسا، ئا شۇجى ئۇسساپ قالغاندۇ، چاي ئەكىرىڭلا! — ئۇ مېھماندىن كۆزىنى

ئۆزمەي قاراپ تۇرغان ئايالنى بۇيرۇدى، ئاندىن ئۆزى بۆلۈمدىكى قاتلىما ئورۇندۇقنىڭ بىرىنى ئېچىپ مېھمانىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— قوشنىلارمۇ قالمىغاندۇ ھەقاچان؟ — ئاشۇجى تاماكا تۇتاشتۇرغاچ سورىدى.

— يېنىمىزدىكى ئۆيدە سەلىمە دېگەن دوختۇر ئايال ئولتۇرىدۇ. ئۇ كۆچۈپ كەلگىلى ئۇزۇن بولمىدى، ئۇدۇلىمىزدا ياسىنجان دېگەن ئادەم بار...

— ياسىنجان؟ — ئاشۇجى ئىتتىك سورىدى، — ئاسىيە دەپ ئايالى بارمۇ؟

— ھەئە، شۇ، بىلىدىكەنلا - دە.

— نېمىشقا بىلمەيمەن، بىز قوشنا ئولتۇرغان تۇرساق، ياسىنجان تېخىچىلا مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋېتىپتۇ - دە.

— ھەئە، ئۇ ئادەممۇ ماڭا ئوخشاش ئۆسەلمىگەن تەلەيسىزدىن ئىكەن.

— ھازىرمۇ نەشرىياتتا ئىشلەۋاتامدۇ؟

— ھەئە، پېنسىيىگىمۇ تاقاپ قالدى بولغاي.

— يېشىمۇ كېلىپ قالدى، — ئاشۇجى نېمىندۇر ئەسلىمەكچى بولغاندەك خىيال قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى، — خوش، سىلىنىڭ بالا قانچە بولۇپ كەتتى؟

— ئۈچ بالا چوڭ قىلغان، — ئۇ شالاڭ چېچىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى، — تۇنجىسى قىز ئىدى، تۇرمۇشلۇق قىلدۇۋدۇق، تۇغۇتىدا ئۆلۈپ كەتتى، ئوتتۇرانچى ئوغۇل سەل كەپسىز چوڭ بولۇپ قېلىپ، بىر يىلىنىڭ ئالدىدا تۈرمىگە كىرىپ قالدى. كەنجى ئوغۇل ياۋاش بالا بولغانتى، ئوقۇشتىمۇ ئەلاچى ئىدى، شۇنىسى، نەدىكى يوقىلاڭ بىر ئوقۇشنى ئوقۇيمەن دەپ يۈرۈيدۇ.

— نېمە ئوقۇش؟

— ھەيكەلچىلىك دەمدۇ، بىر نەرسە دەيدۇ، مەن قارىسام بۇت ياسايدىغان ئىش ئىكەن، شۇنچە ئوبدان مەكتەپلەرگە ئۆتمەي سەنئەت مەكتەپكە كىرىپ شۇ ئىشنى ئۆگەندى، ئەمدى يەنە بىلىم ئاشۇرىمەن دەپ بېيجىڭغا كەتتى.

— ھەيكەلتىراچلىق ياخشى كەسىپ، — دېدى ئاشۇجى ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — بۇنى ئوقۇغانلار بىزدە بەك ئاز، ئوغلۇڭلار ئىستىقباللىق، ياخشى كەسىپنى تاللاپتۇ!

— ھەي، تاڭەي، خەقلەرغۇ پەرھات كېيىن ئاتاقلىق ئادەم بولىدۇ، دېيىشىدۇ. نېمە بولسىمۇ ئۆزىنىڭ شورى، — ھىممەت توختى مېھمانىنى داستىخانغا تەكلىپ قىلغاچ سۆھبەتنى ئۆزى تەقەززا بولۇپ تۇرغان مەسىلىگە يۆتكەشكە ئالدىرىدى، — ئاشۇجى سىلىنىڭ ئىدارىمىزگە كەلگەنلىرى قالتىس ئىش بولدى، بۇ ئىدارە ئەمدى تۈزۈلىدىغان بولدى جۇمۇسىلا...

— قانداق دەيلا؟ — ئاشۇجى قىزىققان ھالدا سورىدى.

— ھەي، سىلىگە جىق ئىشلار تېخى قاراڭغۇ، بىزنىڭ بۇ ئىدارىدىكى ناھەق ئىشلارنى دەپ كەلسەك گەپ جىق، ئۆزلىرىمۇ ئاستا - ئاستا چۈشىنىپ قالالا، قېنى، ئالغاچ ئولتۇرسىلا، چۈشىمۇ بولۇپ قالدى. — ئۇ ئايالى ئەكىرگەن بىر تاۋاق گۆشنى ئاشۇجىنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى، — گېپىنىڭ ئوچۇقىنى دېسەك، قارىسىلا بۇ

ئىدارىدە ئىشنى قىلغانلار قايرىلىپ قېلىپ، گەپنى يوغان قىلىدىغانلار ئەتىۋارلىنىپ كېتىۋاتىدۇ، ھەدېسە زىيالىي، ياش دەپ تۇرۇشقان. ئەمەلمۇ شۇلارغا، ئۇنىۋان كەلسىمۇ شۇلارغا، ئۆي سالسىمۇ ئاۋۋال شۇلارغا بېرىۋاتقان، خۇددى شۇلار بولمىسا جاھان چۆرگىلىمەيدىغان بولۇپ قالدى. قالغانلارچۇ؟ ھازىر تەشكىلگە چىن ساداقىتى بىلەن ئىشلىگەنلەر قانداقتۇر خۇشامەتچى، چېقىمچى بولۇپ قالدى، مانا سىلىمۇ كونا كادىر، سىلى بىلەن بىز نۇرغۇن ئىنقىلابلارنى، ھەرىكەتلەرنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزدۇق، پارتىيە نەگە بۇيرۇسا شۇ يەرگە باردۇق، نېمىنى قىل دېسە شۇنى قىلدۇق، ھالا بۈگۈنگە كېلىپ قىلغان شۇ خىزمەتلەر ھېسابقا ئېلىنمىسا تەڭسىزلىك بولمامدۇ، مانا، ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىمىز مۇشۇ، 30 يىل ئىشلەپ بىرەر بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىنى قاتارلىق مەنسەبمۇ ئالالمىدۇق، مەنغۇ ئەمەلگە خۇشتار ئەمەس. لېكىن قىلغان خىزمەتنىڭ يۈزى بولۇشى كېرەك-تە...

ھېمىت توختى قورسىقىدىكى ھەممە گەپنى تۆكۈشكە باشلىدى. ئاشۇجى بولسا كولۇمسىرىگىنىچە يۇمشاق پىشقان پاخلان گۆشىنى يېمەكتە ئىدى. بىردەمدىن كېيىن مەڭنىسا نەچچە تەخسە قورۇما ئەكىردى ۋە توختىماي سۆزلەۋاتقان ھېمىت توختىنى پۇتى بىلەن تېپىپ قويدى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئېسىگە كېلىپ پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى-دە، ئىشكاپتىن ئەتىگەن ئەكەلگەن ھاراقنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى.

— ئاشۇجى! — دېدى ئۇ بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋېتىپ، — بۈگۈن پېقىرنىڭ ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، بىزنى بەكلا خۇش قىلدىۋەتتىلە. سىلىنىڭ تەرىپلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان، بۈگۈن بۇ مۇنداقلا ئۆيىنى كۆرۈۋېلىش بولغاچقا داستىخىنىمىز قۇرۇق بولۇپ قالدى، خۇدايىم بۇيرۇسا بۇندىن كېيىن ئولتۇرۇشىۋالارمىز، ئۆي تامىقى سىڭگەنسىلا كېلىۋەرسىلە، بۇ ئۆي ئۆز ئۆيلىرىدەك، بۇرۇن ئۆزلىرى ئولتۇرغان ئۆي ئىكەن ئۇنىڭ - ئۈستىگە، قانداق دېدىم مەڭنىسا؟

مەڭنىسا ئاشۇجىغا قاراپ ناز بىلەن جىلمايدى.

— خوش، ئەمىسە، بۇ تۇنجى رومكىنى ئۆزلىرىنىڭ سالامەتلىكلىرى ئۈچۈن ئىچىۋېتەيلى!

ئاشۇجى ماڭا زىيان قىلىدۇ، دەپ رومكىغا لىۋىنى تەگكۈزۈپ قويۇپلا ئولتۇردى. ھېمىت توختى بولسا گەپ بىلەن بولۇپ تۆت-بەش رومكىنى ئىچىۋەتتى، ئۇ جىقراق ئىچكەنلىكتىنمۇ ياكى بۈگۈن ئارتۇقچە ھاياجانلىنىپ قالدىمۇ، ئۇزۇن ئۆتمەي چىرايى تاتىرىپ، تىلى كالۋالاشقىلى تۇردى، بىر كەمدە ئۇ دەس تۇرۇپ بۇلۇڭدىكى ساندۇقتىن قىزىل تاۋارغا يۆگەلگەن بىر بولاقنى تېپىپ چىقىپ ئۈستەلگە قويدى:

— ئاشۇجى، — دېدى ئۇ بولاقنى ئېچىۋېتىپ، — مانا بۇلارنى كۆرۈپ باقسىلا، بۇ پېقىرنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى سۆزلەپ بېرىدۇ، جېنىم ئاشۇجى، كۆرۈپ باقسىلا دەيمەن، ھېمىت توختى ئۆمرىدە خېلى ئىشلارنى قىلغان ئادەم...

ھېمىت توختىنىڭ كۆرسەتكىنى ھەر خىل چوڭلۇقتىكى تەقدىرنامىلەر ئىدى. ئاشۇجى ئۇلارغا قىزىققان ھالدا بىر-بىرىدىن ئېلىپ ئوقۇدى: «سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتى ئاكتىپى»، «ئاڭلىقنى ساقلاشتىكى ئىلغار شەخس»، «ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش

ئاكتىپى» دېگەندەك تەقدىرنامىلەر ئىدى. ئۇلار شۇنداق رەتلىك، پاكىز، خۇددى ھازىرلا بەرگەندەك يەپيېڭى ئىدى، ئاشۇجى ئۇ قەغەزلەرگە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

ــ ئاشۇجى، بىزنى چۈشىنىپ قويسىلا، بىز جىق ئىش قىلغان ئادەم، ماڭا خەق «ھىممەت ھەرىكەت» دەپ بىكار لەقەم قويمىغان، سىلى ئوبدان بىلىلا، جېنىم شۇجى...

ھىممەت تېختىنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ، بېشى يەرگە ساڭگىلاپ قالدى. ئاشۇجى قوپۇپ ئۇنى ياندىكى دىۋانغا ئەكىلىپ ئولتۇرغۇزدى، ھىممەت تېختى بېشىنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ تىرىشتى ـ يۇ، لېكىن مادارى يەتمىدى. ئۇنىڭ بوينى خۇددى چاپاننىڭ يېڭىدەك بوشاپ يانغا قىيسايدى ۋە دىۋاننىڭ يۆلەنچۈكىگە بېشىنى قويغىنىچە خورەك تارتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. شۇ ئەسنادا ئىشىكتە مەڭنىسا پەيدا بولدى

ــ ۋاي ئۆلەي، ماۋۇ ئادەم مەست بولۇپ قاپتۇغۇ، ــ دېدى ئۇ تەرىنى تۈرۈپ.

ــ جىقراق ئىچىپ قويدى، ــ دېدى ئاشۇجى ئوڭايسىزلىنىپ.

ــ بۇ ئادەم دائىم شۇنداق، ــ مەڭنىسا ئېرىگە ئاچچىقى بىلەن ئالايدى، ــ ھالىغا بېقىپ ئىچمەيدۇ، ئاخىرى مېھماندىن ئاۋۋال ئۆزى تەييار بولىدۇ، سىلى نېمە دەپ قالدىلىكىن؟



ــ ھېچقىسى يوق، بولىدىغان ئىشلارغۇ بۇ.

ــ سىلى كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، ــ مەڭنىسا مېھمانغا قاراپ ئۆزىنى ئوينىتىپ، ــ ئاشۇجى، سىلى پەقەتلا ئۆزگەرمەپلا...

ئاشۇجى لەپپىدە ئۇنىڭغا قارىدى.

ــ سىلى؟

ــ مېنى تونۇمايۋاتىلا ـ ھە؟ ــ مەڭنىسا كۈلدى، ــ سوتسىيالىستىك تەربىيىدە بىز بىللە ئىشلىمىدۇقمۇ؟

ئاشۇجىنىڭ كۆشلۈك قاپىقى ھەيرانلىقتىن كېرىلدى، ئاق سېرىق يۈزىگە ۋىللىدە قىزىللىق يۈگۈردى.

ــ سىلى مەڭنىسا بولامىلا؟

ــ ھەئە، مەنغۇ سىلىنى بىر كۆرۈپلا تونۇدۇم.

ئاشۇجى ھودۇقۇپ قالدى، بۇ تەسادىپىيلىققا نېمە دېيىشنى بىلمەي گاڭگىرىدى، ئۇنىڭ ئېسىگە شۇ ھامان 30 يىل بۇرۇنقى، ئۇ ئاللىقاچان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئىشلار كېلىشكە باشلىدى: ئاچارچىلىق، كۆرەش يىغىنلىرى، ئېغىر ئەمگەكلەر... دادۇي خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان ئاشۇجى يۇمىلاقىنە كەلگەن، ئاق يۈزلۈك مەڭنىسا بىلەن قېلىن توغراقلىق ئارىسىدا قۇچاقلىشىپ ئولتۇرماقتا... سەھرالىق ساددا بۇ قىز چوڭ شەھەردىن كەلگەن مەدەنىي يىگىتكە بەك ئېچىكىپ كەتتى، جىگدىلىكلەردە ئۇلارنىڭ شېرىن، ئۇنتۇلماس مىنۇتلىرىنىڭ يالدامىسى بولۇپ قول ياغلىقلىرى قالدى،

بىر يىلمۇ بىلىنمەي ئۆتۈپ كەتتى، مەكىنسا بۇ شەھەرلىك يىگىتنىڭ يانىدۇرۇپ-يانىدۇرۇپ بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئېلىپ، ئۇنى ئۈزىتىپ قويىدى، كۈنلەر ئۆتتى. شەھەردىن كەلگەن بۇ يىگىتمۇ خۇددى چۈشىدە كۆرگەندەك بولغان ئۇ سادا قىزنى پاتلا ئۇنتۇپ كەتتى.

ئاشۇچى گويا ئىشەنمىگەندەك مەكىنساغا باشتىن-ئاياغ كۆز يۈگۈرتتى.

— سىلى قانداق قىلىپ ئۇرۇمچىلىك بولۇپ قالدىلا؟— سورىدى ئاشۇچى دۇدۇقلاپراق،— بۇ ياقا كەلگىلى ئۇزۇن بولدىمۇ؟

— سىلى كەتكەندىن كېيىن بىر يىلغىچە خەت كۈتتۈم، قارىسام خەت يازمىدىلا. شۇ ئارىلىقتا بۇ ئادەم خىزمەتكە بېرىپ قالدى، بۇمۇ مېنىڭ پېيىمگە چۈشكەندىن كېيىن ئاخىرى بۇنىڭغا تەگدىم. ئۇ چاغدا بۇ بىزنىڭ ناھىيىدە ئىشلەيتتى، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خىزمىتى ئۇرۇمچىگە يۆتكەلدى. شۇنىڭدىن بۇيان مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتىمىز. مەن ئۇرۇمچىگە كېلىپلا سىلىنى سۈرۈشتۈرگەنىدىم، ئاڭغىچە ئىنقىلاب باشلىنىپ كېتىپ زادى دېرەكلىرىنى ئالالمىدىم. يا بىرەر يەردە ئۇچرىتىپمۇ قالمىدىم.

— مەن 70-يىللا خىزمەت ئالمىشىپ قەشقەرگە كەتتىم.

— شۇڭا كۆرمەپتىكەنمەن-دە...

ھېممەت توختى مىدىرلاپ، ئۇيقۇچىلىقتا بىر نېمىلەرنى دەپ غۇدۇڭشىدى، تامدىكى سائەت داڭ ئۇردى، ئاشۇچى سائەتكە قاراپ قويۇپ ئورنىدىن قوزغالدى.

— خوش، ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپتۇ، مەن قايتاي.

— نېمە ئالدىرايلا؟— مەكىنسا ئۆزىنى ئوينىتاتتى،— بولمىسا قونۇپ قالسىلا، ئۆيدە باشقا ئادەممۇ يوق.

ئاشۇچىنىڭ ۋۇجۇدى تىكەنلەشكەندەك بولۇپ شۈركەندى.

— رەھمەت، كەچتە ئىشىم بار ئىدى.

— ئەمىسە ئۆيىنى كۆرۈۋالدىلا، كېلىپ تۇرالا؟— دېدى مەكىنسا ئۇنىڭغا لەپپىدە بىر قاراپ.

— كېلىمىز، كېلىمىز...— ئۇ، بۇ ئايال كاپلا قىلىپ ئېسىلىۋالىدىغاندەك چۆچۈپ ئۆيدىن چىقىۋېلىشقا ئالدىرىدى، زالغا چىققاندىن كېيىن ئۇ قىسقىلا خوش ئېيتتى-دە، پەلەمپەيدىن ئالدىراپ چۈشۈپ كەتتى. پەقەت كوچىغا چىققاندىلا ئۇنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى.

بۈگۈنكى بۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىشتىن ئۇنىڭ كاللىسى ئېلىشىپ، چىگىشىلىپ كەتتى. توۋا، نېمە گەپ بولۇپ كەتتى ئۆزى، بۇ مەكىنسانىڭ ھېممەت توختىنىڭ ئايالى بولۇپ چىققىنىنى كۆرمەمدىغان، ھېلىمۇ ياسىنجان بىلەن ئۇچرىشىپ قالمىدىم، ئىككىنچى بۇ مەھەللىگە دەسسىمەسمەن.

ئاشۇچى قاراڭغۇ كوچىدا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەستىن دۈدۈرۈپ-يىقىلىپ دېگۈدەك چوڭ كوچىغا قاراپ ماڭدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

مۇھەممەتجان سادىق

# پەرىشتە

(باللادا)

مۇقەددىمە

بۇلبۇل سايرىماستىن تۇرالامدۇ جىم،
شائىر ياشالامدۇ يازماستىن بىر كۈن؟!
مۇھەببەت — ئۇ ناخشا،
ئۇ، گۈزەل شېئىر،
ئۇ، گۈزەل ھاياتنى جارائلاتقان ئۈن!
تېزدىلار قۇرلارغا مېنىڭ يۈرىكىم،
بۇلبۇلنىڭ يۈرىكى چوغ رەڭلىك گۈلگە.
كۆزۈمدە چىرايى نۇرلۇق پەرىشتە،
ئوخشايتتى گويا ئۇ يالقۇنلۇق كۈنگە.
بۇلبۇل سايرىماقتا،
يورۇق ئالەمگە
ئاشىقنىڭ يۈرىكى چاچىدۇ باھار.
مۇھەببەت تاپماستىن ئۆز باھاسىنى
بىلمەن، قويمايدۇ ئالدىڭدا نىگار!
بۇ دۇنيا،
بۇ ھايات،
بۇ ئۇزۇن يوللار
بىلمىدىم، ئۆتكەنمۇ بولماي كۈن ۋە تۈن!؟
تۆرەلدى ئەر - ئايال، ئادەم ۋە ھاۋا،
ئاق ئايدىڭ كېچىدە پىچىرلىغان ئۈن...
بىلىنمەي ئۆتتى بۇ، يول جاپالىرى
بىلىنمەي ئۆتتى بۇ قايغۇ - دەرد، ئەلەم...

تۆرەلدى ناخشىلار،
تۆرەلدى تارىخ،
تۆرەلدى ۋاپادار غېرىب ۋە سەنەم.
قەدىناس قوشماقلار ئاياغلىرىدىن
كۆلدى جان تۇپراقتا يۇلتۇزلۇق ئاسمان.
ياغىدۇ چوققىغا كۆمۈشتەك قارلار،
يۈرەكلەر سۆيگۈسى ھاياتقا داستان.
ئاھ، شۇنداق ياشىماق ئاسانمۇ، دوستۇم
چۈشىنىپ ئالەمدە بىرى بىرىنى؟!
ھاياتنىڭ قەدرىنى بىلگەن ئەر - ئايال
ئاچىدۇ سۆيگۈنىڭ تىلسىم سىرىنى.
ئەرگە قول،
ئەرگە پۇت بولغان لەيلىلەر
ئازمۇ بۇ ھاياتتا؟
يۇلتۇزلۇق ئاسمان.
ئۇلارنىڭ مېھرىدىن ئەر ئۆمرى ناخشا،
ئۇلارنىڭ مېھرىدىن زېمىن گۈلىستان.
كۆزۈمدە شۇنداق بىر نۇرلۇق پەرىشتە،
يۈرىكىم ناخشا - كۈي ھېكايىسىدىن.
ئۆيىدە نەچچە رەت ئىچكەن ئىدىم چاي،
پەتنۇستا سۇنۇلغان سىركايىسىدىن.
ئاھ، بىراق ئۇ، بۈگۈن يەرنىڭ ئاستىدا،
مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن ياش تۇرۇپ.
ئۇنىڭغا بېغىشلاپ ناخشا ئېيت، دەيدۇ،

يۈرىكىم ھۆرمەتتە توختىماي ئۇرۇپ.
ھۆرمەتلىك ئەي، ساقىي!
جام تۇتقىن ماڭا
تولدۇرۇپ بىلالى ئىچكەن شارابتىن.
ياڭرىسۇن ئالەمگە يېڭى بىر ناخشا،
يۈرەكتەك بېشى بار گۈلدار راۋابتىن.
كۈيلەرمىش بۇلبۇلمۇ تاڭ سەھەردىكى
قىزىلگۈل بەرگىدىن ئىچىپ شەبنەمنى.
بۇلارمۇ ئېيتقىنا، كۈيلىگىلى مەي
ئىچمەستىن مۇھەببەت، ھۆرى — سەنەمنى؟!
ئۆچمەكتە ئاخىرقى شەپەق شولىسى
بايىلا گۈل چېچىپ يانغان ئۇپۇقتىن.
كىرمەكتە مۇسىبەت قاراڭغۇسىدا،
بۇ ئالەم يېپىلغان قارا يوپۇقتىن...
ياتىدۇ ئەجەلنىڭ چاڭگىلىدا ئاھ
كۆزلىرى ئىچىگە ئولتۇرغان ئايال.
كۈيلىگەن بىر چاغلار گۈزەللىكىنى
گۈل-چېچەك ئارىلاپ خۇش پۇراق شامال.
قەلبىنى كۆيدۈرگەن ئوتلۇق رەشكتىن
غۇنچىسىمۇ چىدىماي كۆتۈرگەن پەرياد.
بىر كۆرگەن يىگىتنىڭ ئالغان ھوشىنى،
شۇنچىلىك گۈزەلدى ئارزۇلۇق ھايات.
بىراق ئۇ، شۇ تاپتا ئەجەل قوينىدا،
چىرايى سارغايغان خازان رەڭگىدە،
تۇراتتى يەنىلا چىرايلىق بىر گۈل،
گۈزەللىك،
مۇھەببەت چېچىپ بەرگىدە...
تۆكۈلەر قىلياشتەك كىرپىكلىرىدىن
ئاخىرقى تۇيغۇلار،
لېۋىدە سۆزى.
تويماستىن تىكىلەر ئوغۇل - قىزىغا
ئارانلا پىلدىرلاپ چاقنايدۇ كۆزى.
بېشىدا ئولتۇرار كۆزى ياشلىق ئەر،
باغرىنى قان قىلغان ھەسرەت شەمشىرى.
چىرايى كېچىدەك...
يوقالغانمىدۇ
مەڭگۈگە ئاھ، ئۇنىڭ سۆيگۈ سەھىرى؟!
بوتىدەك بوزلايتتى بىر جۈپ ئوغۇل - قىز،
ئانا دىدارىغا تويماي تىكىلىپ.
ئانىنىڭ بېشىدا ئىككى مەجنۇنتال
تۆكەتتى زارىنى يىغلاپ، ئېگىلىپ...
يارەببى!
كېتەرمۇ راستلا خوشلىشىپ
بۇ يورۇق دۇنيادىن غەمگۇزار ئانا؟!
كېتەرمۇ مۇھەببەت يۇلتۇزى ئۆچۈپ
كېتەرمۇ توپىغا ئايلىنىپ رەنا؟!
كىملەردۇر؟
شاراقلار ئىشىك زەنجىرى،
ھەسرەتلىك بۇ ئۆيگە كەلدىمۇ مېھمان؟!
ئېرىگە! — چىقىڭ! دەپ قىلدى ئىشارەت،
قاپقارا كۆزىدىن چېچىپ گۈل - رەيھان.
ماڭدى ئۇ، ۋەلېكىن، كۆزى كەينىدە،
ئاياغلار ئالدىغا بېسىلماس پەقەت.
ئۆزىگە تىكىلگەن مۇلايىم كۆزلەر
چاچاتتى تەبەسسۇم،
مېھرى - مۇھەببەت.
ئولتۇرار ئۈچ ئۇلپەت مېھمانخانىدا،
سۆزلىرى دوستلۇقنىڭ بېغىغا پۈرەك،
كەلگەنلەر بىلمەيتتى: تۇرغانلىقىنى
توختاشنىڭ ئالدىدا بىر ئېسىل يۈرەك،
سۆھبەتنىڭ بازىرى قىزىماقتىدى،
كۈلكە ۋە چاقچاقنى توختىماي چېچىپ.
يېمەكتە ساھىبخان قايغۇ ۋە ھەسرەت،
ئېيتالماي دەردىنى ئاھ، ئېغىز ئېچىپ.
سېلىندى داستىخان،
نازۇ - نېمەتلەر
تىزىلدى،
يىغلايتتى يۈرىكى بىراق...
چىرايى يەنىلا باھار كۈندۈزى،
قايغۇ ۋە ئازابتىن پۈتۈنلەي يىراق...

ئايالى ئېرىگە جېكىلىگەندۇ
يۈتۈك دەرد - ھەسرەتنى ئىچىگىزگەدەپ؟!
قۇيسىمۇ قولىلىرى چىنىلەرگە چاي،
يىغلايدۇ جۈپتىدىن بەكمۇ ۋايىم يەپ.
گاھ كىرەر، گاھ چىقار دەردلىك ساھىبخان
قىلچىلىك سەزدۇرمەي غەم - قايغۇسىنى.
يۈزىدە كۆندۈزگە ئايلاندۇرغان ئۇ
كۆڭلىنى باسقان تۈن قاراڭغۇسىنى.

ئۈزۈلۈپ، ئۈزۈلۈپ چىقاتتى سۆزلەر،
ئانىنىڭ كۆزلىرى قازان بېشىدا.
ئۇ يەردە سەي قورار قىزى ئاھ، مىلەپ
قاپقارا كۆزىدىن ئاققان يېشىدا.
«مېھمان ئۇ، ئىززىتى ئۆيىمىزنىڭ، ئاي
چاقنىسۇن ھەممىشەم كۆندەك پارقىراپ.
ئاتاڭنى سۆيگىنىم ساختا بولاتتى
مېھمانلار كەلگەندە يۈرسەم ۋارقىراپ.
يىغلىما يۇلتۇزۇم،
مېنى خۇش قىلاي
دېسەڭ ئۈن چىقارما شۇ تاپتا پەقەت.
مېھمانلار ئۈزىغاي خۇش بولۇپ بىزدىن،
گۈل ئېچىپ ئاخىرقى قېتىم مۇھەببەت».
ئانىنىڭ تىنىقى توختاپ قالغاندەك
قالدى جىم،
قىز قەلبى كەتتى تىتىلىپ.
كەلدى ئۇ، ھور باسقان قازان بېشىدىن
ئانىسى يېنىغا ئوقتەك ئېتىلىپ.
مۇھەببەت چاچاتتى ئانا كۆزلىرى
سۆيۈملۈك ئاتىسىن ئويلاۋاتقاندەك.
يۈزىدە تەبەسسۇم،
ئاخىرقى قېتىم
گويا پاك ئىشقىنى تويلاۋاتقاندەك.
كەلدى سەي...
قەدەھتە لىپمۇ لىپ شاراب،
كىرمەكتە يۈرەككە يېلىنجىغان ئوت.

پەقەتلا بۇ ئۆيدە ئۆچمىگەن چىراغ،
چۈش كۆرەر شۇ تاپتا قولۇم-قوشنا، يۇرت.
بۇ ئۆيدە ئاجايىپ گۈزەل مۇھەببەت
قىلاتتى ئاخىرقى توي بەزمىسىنى!
نۇر چېچىپ يانغان بىر گۈزەل، پاك كۆڭۈل
ئۇ قاتتى مېھرىنىڭ كۈي - نەزمىسىنى!
ساھىبخان ئىچەتتى ھەسرەت شارابى
قولىقى ھېمىشەم ياندىكى ئۆيدە.
يۈرىكى يىغلايتتى ئۈن - تىنسىز ئۇنىڭ،
خىيالى تۆشەكتە ياتقان شۇ گۈلدە.
چۈشەمۇ؟
ئوڭمۇ؟
تۇرار تاپسىدا —
ئايالى، ھۆسنىدىن چېچىلاتتى گۈل.
تۇراتتى نۇرانە پەرىشتە گويا،
تۆكەتتى مۇھەببەت قۇياشتەك كۆڭۈل.
— خوش، ئەنۋەر!
كېتىمەن باقىي ئالەمگە
بولالماي بىر ئۆمۈر خىزمىتىڭىزدە.
رازىمەن سىزگە يار بولغانلىقىمدىن،
ياشىدىم مۇھەببەت، ئىززىتىڭىزدە!
باللار قالدى ئاھ، سىزگە ئەزىزىم،
يېتىملىك دەردىنى تارتماس، بىلىمەن.
كۆزىڭىز ئۇيقۇغا كەتكەن تۈنلەردە،
ئىشىنىڭ، مەن سىزنى يوقلاپ كېلىمەن!
مېھمانلار كەيپىنى بۇزماڭ زادىلا
ئەكمىسۇن قايغۇ - دەرد قامىتىڭىزنى!
مەن كەتتىم! ...
خۇدايىم بەرگەي ئاھ، سىزگە
ئۆزىڭىز كۈتكەندەك ئامەتىڭىزنى!
ئامرىقى كۆزىدىن بولغاندا غايىب،
تۇردى ئۇ، ئورنىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ
چىققاندا ئايالى ياتقان شۇ ئۆيگە،
يۈرىكى ھەسرەتتىن كەتتى تىتىلىپ.
ياتاتتى جەننەتنىڭ خۇش پۇرىقىنى

چېچىپ ناز ئۇيقۇدا پەرىشتىدەك جان.
ياتاتتى ناخشىدەك:
ئېزگۈ ۋە پارلاق
تۇيغۇلار تولۇن ئاي ھۆسنىدە ئايان.
ياتاتتى ۋاپانىڭ خۇش پۇراق گۈلى،
تېخىچە ئۆزىدىن گۈزەللىك چېچىپ.
ياتاتتى نۇرلىنىپ مېھرى - مۇھەببەت،
قۇياشتەك يۈزىنى ئالەمگە ئېچىپ.
گويا ئاي ئۈستىگە يىقىلدى قۇياش،
تۇيالماي ئۆزىنى ئۈنسىز ياش تۆكۈپ.
سۆيەتتى توختىماي سەۋدايىلارچە،
شەمشاتتەك ئېگىلمەي قەددىنى پۈكۈپ.
—«كەتتىڭمۇ ئاھ، بىزنى تاشلاپ ئامرىقىم،
مەن قانداق چىدايمەن بۇ دەردكە ئەمدى؟!
سەن بىلەن بۇ ھايات گۈزەلدى ماڭا،
سەن بىلەن بۇ ھايات ناۋات ۋە قەندى!»

بېشىنى كۆتۈردى ئاھ، ئايالنىڭ
يۈزىدىن ...
يا رەببى!

راستىمۇ بۇ سۈرەت؟
بولامدۇ ھاياتتا بۇنداق مۆجىزە،
چىققانمۇ چاچلارغا ئۆرلەپ قايغۇ - دەرد؟
ھېلىلا قاپقارا تۇرغان چاچلىرى
ئاق قاردەك ئاقارغان ...
كەتكەندى قېرىپ.
تۇراتتى ئاھ، ئازاب چەككەندەك يۈز يىل،
بىر مىسكىن ھالەتتە مۈكچەيگەن غېرىب.

## خاتىمە

كۈيلەلمەي بۇ گۈزەل ناخشىنى ئوبدان،
تۇرىمەن مەنمۇ ئاھ ئەنۋەردەك گويا.
مەيلىدى ئاقارتسا چاچلىرىمنى دەرد،
رازىدىم دىل بولسا بىر بۇلبۇلگويا.
رازىدىم دىل بولسا بىر بۇلبۇلگويا،
سەن ئۈچۈن ھەممىشەم جانىدىن ئەزىز يۇرت.
بىر ئۆمۈر چاچىدۇ ساڭا تەپتىنى،
ئادەم سۈرىتىدە يېنىۋاتقان ئوت.

1993 - يىل 18 - ئىيۇن، غۇلجا.

نۇردۇن ئىبراھىم

## غەزەللەر

كۆتۈردۈم يەتكۈچە قۇربىم ماڭا بايراقمۇ سەن دۇنيا؟
سېنى ھەم ئاق دېدىم ئادام سۈتىدەك ئاقمۇ سەن دۇنيا؟
قەپەستىن ئۈركۈگەن قۇشتەك تېگىمدىن ئادىشىپ كەلدىم،
تۈنۈمدىن بولسىمۇ باقى، كېسەلدىن ساقمۇسەن دۇنيا؟
پىراقىڭ ھۆكمىدىن تەكرار يۈرەكتە يانىدۇ بىر ئوت،
ئەقىدەم دەشتىدە گۈلگۈن، يېشىل ياپراقمۇسەن دۇنيا؟
ئېگىمغا سەل بولۇپ گاھى ئاقار شىددەتتە ھىجرانىڭ،
ۋىسال ئاھ - زارىغا شۇنچە يىراق قىرغاقمۇسەن دۇنيا؟
يۈكۈم يەلكەمدە، شۇندىمۇ پۈكۈلمەسكەن يەنە قەددىڭ،

سۈكۈتلەر ئىچىدە بەند، تىلسىز، غۇۋا قوندىقمۇ سەن دۇنيا؟
ھايات غەلىياندا توزان غۇبار ئەيلەپ ساڭا قونسا،
يەنە پىنھاندا ياىرايسەن، ئەجەب ئەخمەقمۇ سەن دۇنيا!
سەھەردە شامىلىلىك سۆيسە ئانام سۆيگەنىمدۇ دەيمەن،
ئانامدەك، ئىپىتقىدا، راستىن ماڭا ئامراقمۇ سەن دۇنيا؟
بۇزۇپ گاھى ئارامىمنى ئەجەب نۇقسانىدا لەيلەيسەن،
جەڭدۇندا ماچتىسىز قالغان يېتىم قۇلۇقمۇ سەن دۇنيا؟
يۈزۈڭدىن بارچە ئىللەتنى يۇياي دەپ پاك جولاسىدا
كۈلۈپ تاڭلارغۇ ئويغاندى، ئۆزۈڭ ئويغاقمۇ سەن دۇنيا؟

* * *

كېچىلەردە چىراغ بولسام ماڭا پەرۋانىلەر نەدە
قارايغان بىر ئۆپۈقتۇرمەن، يورۇق چولپانلەر نەدە؟
سېنى لەيلى، يىراقلاردىن ئۆزۈمنى ھەم بىلىپ مەجنۇن
يىراق چۆلدىن چىقىپ كەلسەم گۈلى - رەيھانلەر نەدە؟
جاھاننىڭ غېمىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن ئىچسەم بولۇپ ھەييام
يۈرەك قانىماس ئىپسىل مەي ھەم تىنچ مەيخانىلەر نەدە؟
ۋىسالىڭ كۆكىگە باقسام ئۈمىدلەردىن بولۇپ مىڭ كۆز
تۇمانغا يۇلتۇزۇڭ چۆكتى، بۆلەك سەييارىلەر نەدە؟
يانار بولسام، كۆزۈڭدە ئوت، نىگاھىڭدۇر ئەجەب دەھشەت
مۇھەببەتلىك قەسەم تۆككەن خۇشال خەندانىلەر نەدە؟
ئەقىدەڭدىن ئىدىم مەغرۇر، جۇنۇنلۇق يەتتى ھىجرىڭدىن
سېنى دەپ زارلىغان مەندەك يەنە سەۋدايىلەر نەدە؟
جاھان ھەيرەتتە سېھرىڭدىن، نىگارىم سەن، كۆزۈڭنى ئاچ،
كۆزۈڭدەك يالقۇنى ئۆچمەس بۈيۈك ئاستانىلەر نەدە؟

* * *

قاقىيا پەشنى مەنمۇ بار، سەن بار جاھان سەيناسىدا،
چانغىنىم يوقتۇر تېخى ئۇقچۇپ ھايات دەرياسىدا.
قاتمۇ قات دولقۇن ئاراسىدىن كېلەرمەنغۇ چىقىپ،
مىڭ چۆكۈپ كەتسەممۇ ھەر قايناملىرى پەشۋاسىدا.
«ئۇھ» دېبان يەرگە يىقىلسام كۈلمىگىن ئەيلەپ مازاق،
جەڭدە چارچاشتىن ئىبغىر چارچاش ۋىسال تەشناسىدا.

بولمىغىن ئەندىشتىمۇ ئارقىمدا توزانلار كۆرۈپ،
تۈنجى تۇلپارمەن تېخى چوڭ بەيگىلەر ئىچراسىدا.
بولغۇسى دەپ ھەم يېڭىلەك تاغلارغا بەرمەسمەن كۆڭۈل،
بارچە تاغلاردىن بۈيۈك تاغمەن ئۆمۈر مەناسىدا.
قانچىلار ئالدىمدا يىغلاپ، كۈلدى ئارقامدىن ھامان،
ۋە لېكىن چەيلەندى قەستى ئىزنىتىم «ھۆررا» سىدا.
سال نەزەر تەكرار ئېچىپ كۆز گەر بۈگۈن چىن پۈتمەسەڭ،
بولمىغان تاھىرغا خاس نۇر قاي زامان زوھراسىدا.
سۆيگۈچۈن سەۋدايىدەك يانسام پىراقتىن دەممۇ دەم،
يالقۇنى تاڭغا تۇتاش ئوتمەن لاۋا غەۋغاسىدا.

* * *

پەلەكتىن تاشلىسام بىر ئوت جاھان - جاھانغا ئوخشارمۇ،
جاھاندا بىر يولى ھەر يان كۈلۈپ ھەر يانغا ئوخشارمۇ.
ئۆزۈمنى بۇندا كۆپ ئىزدەپ نۇرۇم تەسكەيگە ياماشتى،
ۋىسال پەيتىدە چوڭ ئاچسام كۆزۈم چولپانغا ئوخشارمۇ.
قاراپ باقسامۇ ئىزناسى كۆرۈنمەس سۆيگۈ قۇببەمنىڭ،
خاراباتلاردا تىك تۇرسام خۇيۇم شەيتانغا ئوخشارمۇ.
بۈيۈك پەرۋاز ئۈچۈن مەن ئۆرتىنىپ يالقۇندا پەر قاقسام،
زېمىندا قايتىدىن بالقىپ بويۇم ئاسمانغا ئوخشارمۇ.
تېمىپ باغرىمغا ئاق سۈتتەك ئىزىمدىن يەتسە مەيخورلۇق،
ئۇنىڭ ھەر قەترىسى تاغنى كۆتۈرسەم جانغا ئوخشارمۇ.
كېلىپ لەرزىگە شۇ مەي كەيپىدىن چەكسىز ئۇيۇق ئاتلاپ،
بېرىپ تەگرىمگە داد ئېيتسام سۆزۈم ئىسيانغا ئوخشارمۇ.
بەرگىلەردىن گۈلۈم ئاجراپ ئەجەبمۇ زەپىران بولدى،
پىراقىدا شېھىد كەتسەم سىياقى قانغا ئوخشارمۇ.

* * *

بىر پەرىسەنكى، ۋىسالىڭ تەن ئۈچۈن جاندىن دېرەك،
نازۇ جىلۋەڭ بەرقىكىم پاك تاڭلا سۇبھاندىن دېرەك.
بىر كۆرۈپ، ئىككى سۆيۈپ، كۆيدۈم يەنە ئۈچ رەت ساڭا،
ھەركۆيۈشنىڭ تەپتىكىم مىڭلارچە گۈلخاندىن دېرەك.
تۆت پۇراشتا مەن سېنى گۈلنىڭ ئۆزىكەنغۇ دېدىم،

خۇش ھىدلىك بەرگەچ ئارام، جەننەتتۇ ئەدنانىدىن دېرەك.
بەش قېتىملاپ ئاختۇرۇپ ئەكسىمنى كۆزۈڭدىن سىنىڭ
ئاھ دېدىم، تاپماي ۋىسال تاپتىمكى ھىجرانىدىن دېرەك.
ئالتە ئاي كۈتتۈم ئۆچۈرگىنى بولۇپ مەن ئىنتىزار،
بارمۇ دەپ لەۋزىڭدە تەشنا دىلغا ئوكيانىدىن دېرەك.
يەتتىگە كەلگەندە سەۋرىم بەرمىدى ۋىجدانغا تەن،
سۆيگىنىمدۇر چۈنكى تەپتى دەردكە دەرمانىدىن دېرەك.
تون يېرىپ سەككىزگە تەكرار تاشلىدىم شەيدانە كۆز،
بارمۇ دەپ گەرسەن ئۈچۈن ئۆلسەم گۆرىستانىدىن دېرەك.
ۋە لېكىن بولماي يەنە رەنجىمىگە لايىق بىر شىپا،
قالدى ھەر ياپراق ئارا توققۇز زىمىستانىدىن دېرەك.
ئوندا قالدىم ئاھ ئۇرۇپ كۆيگەنچە ھىجرىڭ تەپتىدىن،
تاپمىغاچ چۆللەر ئارا روھىم گۈلىستانىدىن دېرەك.
شۇندىمۇ ياندى ئۈمىد شامىم يىراقتىن يالتىراپ،
نۇر جۇلاسىدىن بېرىپ ئونبىرگە جەۋلانىدىن دېرەك.
بالقىدىم ئون ئىككى نۆۋەت پەر قېقىپ شەبنەم ئارا،
قالدۇرۇپ كىرپىكتە ئۆچمەس يۇلتۇزىستانىدىن دېرەك.
قىلدىڭا پىنھانغا تاشلاپ شۇنچىكى ۋەسلىڭگە زار،
سەن ئۈچۈن بولسام بىتاپ كەلگەيمۇ لوقمانىدىن دېرەك.

* * *

قولۇڭدىن كەلسىمۇ تامچەك كېلەر، ئەمما قىيان كەلمەس،
قىيان كەلسىمۇ بىر دەملىك، ھەمىشە يانىمۇ يان كەلمەس.
تەبىئەت ھۆكمىدىن بىلسەڭ پەقەت بىر زەررىسەن - زەررە،
يوقالساڭ بەلكى ھىجرىڭدىن ساڭا يىغلاپ جاھان كەلمەس.
سىمايىڭ تەسۋىرى شۇتاپ ئېڭىمدا ئەينى بىر يۇلتۇز،
يورۇماي ساقىساڭ نۆلدە كۆلۈپ توققۇزغا سان كەلمەس.
ھوسۇلغا ئانچىكىم تولسا ئەجەب چوڭ خامىنىم دەرسەن،
لېكىن ناشتاڭدا كۆز ياشىسىز يېگەنگە بۇردا نان كەلمەس.
شۇڭا كۆپ مەندە ئامەتتىن نىشان، دەپ قىلما بىخەملىك،
جۇدۇندۇر گاھى ئامەتمۇ، ئەگەر توڭساڭ چاپان كەلمەس.
پەلەكتىن زارلىنىپ ھەمدە ۋىسالدىن ئۈزمە رىشتىڭنى،
ساڭىلا ئۇرغىلى نەشتەر جېھى ياندىن چايان كەلمەس.

زېمىن زار ئىزگۈ ھېسلارغا، ئۇنىڭسىز پانىي بۇ ئالەم،
يۇتۇپ پاندا باشىڭنى ئەجەل كەلگەيكى، جان كەلمەس.
تىلەيمەن ھە، شۇڭا ساقلا جىلال تاڭدىكى غەپلەتتىن،
زەبەردەسلىككە كۆز ئاچماي جاھاندا ساپ ئىمان كەلمەس.

* * *

ساڭا دەردلىك يۈرەكلەردىن سالام كەلمەسكە كەتكەنلەر،
يورۇق دۇنيانى تەرك ئەيلەپ دېمى مەھشەرگە چۆككەنلەر.
ياشاشقا شۇنچە بولغيدى سېنىڭمۇ دىلدا ئارمانىڭ،
تىرىكلىكىڭدە ئاز بولدى لېكىن قەدرىڭگە يەتكەنلەر.
قىيادىن غۇلىساڭ پەسكە يۆلەشكە چىقمىغان بىر زات،
تۆپەڭگە توپا تاشلاشتا تالاشتا قالدى كەتمەنلەر.
ئاناسىز بوتىدەك زارلاپ كۆيۈپ ھىجرىڭدە بىز يۈرسەك،
كۈلۈپ رىسقىڭغا ياماشتى ئاۋۋال قەدرىڭنى پۈككەنلەر.
لېكىن ھاياتتا بولماسكەن ئوتى يوق دەپمۇ كەتكەننىڭ،
سۈرۈپ خاكىڭنى كۆزلەرگە تىرىلدى قانچە دەردمەنلەر.
بىلەمسەن، قەبرىگاھىڭدا دۇئاگۈينىڭ بىرى مەن ھەم،
تىلەپ روھىڭغا نۇر - جىلۋە كۆيەر بۇ جانۇ بۇ تەنلەر.
يېنىپ قەستىدە ۋەيلۇننىڭ غەزەپتىن ئوت ئېچىپ كەلسەم،
سېنى جەننەتتە دەپ تەكرار چىقار ئالدىمغا گۈلشەنلەر.
مەگەر جەننەتنى راست بولسا ئاشۇ جەننەتتە يات، بوپتۇ،
گۈلۈڭنى كۆرسە ئويغانغاي دوزاختا شامى ئۆچكەنلەر.

* * *

نىگار قەدرىڭنى ھەركىمنىڭ سېلىپ ئەس - يادىغا يىغلاي،
مەگەردە بولمىسا ھېچكىم ئۆزۈمنىڭ ئاھىغا يىغلاي.
مۇجۇپ ئالدى كۆتۈلمەستە ئەجەب قەلبىمنى بىر تەشۋىش،
ئاشۇ تەشۋىشتە تەگرىمنىڭ بېرىپ دەرگاھىغا يىغلاي.
چىراغىم ئەسلى سەنكەنسەن ئۆمۈر خانەمنى يورۇتقان،
سېنى ئۆچكەيمۇ دەپ ئوخشاپ گويا پەرۋانىگە يىغلاي.
ئېغىر يېتىقتا سەن ياتساڭ بېلىمنىڭ سۇنغىنىغۇ شۇ،
كۈندە باش ئۇرۇپ مىڭ رەت ئۈمىدىم شامىغا يىغلاي.
سېنى ياكى كەچۈرمەسكە گۇناھىڭ بولسا گەر بۇندا،

سوراپ كەچۈرۈم كۆرۈنگەندىن جاھاندا بارىغا يىغلاي.
ئۆمىدىم باغىدا، رەڭدار ئەجەب بىر گۈل ئىدىڭ تەنھا،
ۋۇجۇدۇڭدىن كېتىپ جىلۋە، گۈلۈڭ سولغانىغا يىغلاي.
شۇ ھالدا كۆپ بولۇپ قاقشال ئازابتىن ياش تۆكۈپ ياتساڭ،
بېشىڭدا ئۆزگىنىڭ غەمسىز ياڭاق چاقانىغا يىغلاي.
سۆزۈكلۈك ھەم پاكلىقتا ئىدىڭ گوياكى بىر زەمزەم،
ساڭا كەلگەندە زەمزەمنىڭ لېيىپ ئاققانىغا يىغلاي.
پىغانلىق نالە - زارىڭدىن كۆيۈپ ھەسرەتتە ئۆرتەنمەي،
رەھىمسىز، رەزگى تاڭلارنىڭ يەنە ئاتقانىغا يىغلاي.
كۆزى كور تەڭرىنىڭ شۇنچە ئازابتا ئاھ سېنى قيناپ،
جېنىڭنى ئۇقمىنى دەردىنىڭ ساڭا ئاتقانىغا يىغلاي.
بازاردىن قانچە رەت ياندىم قۇرۇق قول، نە ئىلاجىم بار،
قارا قىشتىمۇ كۆڭلۈڭنىڭ قوغۇن تارتقانىغا يىغلاي.
غەيۇر ۋاقتىڭدا رەنجىتتىم ئەگەر كەم بولسا بىر ۋاق ئاش،
بېشىڭدا ئەمدى غۇربەتنىڭ ماڭا ياققانىغا يىغلاي.
جۇدۇنلۇق ئۇشبۇ ئۆمرۈڭدە يېشىللىق بەرگە قانماي،
تىۋىشسىز قايرىلىپ سۇنغان دىلىڭ شەمشادىغا يىغلاي.
ئەجەب ياتتىڭغۇ مەلھەمسىز، ئەيىبلەرنى قىلىپ ھەم پاش،
بېقىپ نەپرەتتە دەۋرانىڭ ھېكىم - لوقمانىغا يىغلاي.
قىسىپ بوينىنى ئالدىمدا يۇرەر بىر جۈپ قىزىڭ غەمكىن،
بەختسىز شۇ جۈپلەرنىڭ ئاھ سىيىپ رۇخسارىغا يىغلاي.
ماڭا دەر «يۇر دادا ئاپار، ئانىمىزنى كۆرەيلى بىر»،
سېنىڭ مېھرىڭگە تەشنا شۇ گۆدەكلەر زارىغا يىغلاي.
سېنىڭسىز ئايلىنىپ چۆلگە قەۋەتتە ئۆيلىرىڭ قالدى،
دەرىخا، چاڭ بېسىپتۇ دەپ بېقىپ تۆت تامىغا يىغلاي.

تۈزىتىش

10 -ساندىكى 49-بەت 1-ستون يۇقىرىدىن 4 - قۇردىكى «پۈۋلەشتىن تارايدۇ زەھەرلىك مەلھەم» دېگەن مىسرا ۋە يەنە شۇ بەت 2 - ستون تۆۋەندىن 1 -، 2- قۇردىكى «ئوخشمايمەن ئۆزۈمگە - ئۆزۈم، يەنە شۇنى قالدىم ياقتۇرۇپ» دېگەن ئىككى مىسرانىڭ ھەرپلىرى چېچىلىپ كەتكەن پېتى بېسىلىپ قالغان. تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭلارنى سورايمىز.

قەييۇم تۇردى

## ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ قەلبىمىزدە مەڭگۇ هايات

بۈگۈن بىز بۇ يەردە — لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئالەمگە كۆز ئاچقان تۇپراق نىلقا ناھىيىسىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ئىنقىلابىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 71 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. مەن ئالدى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ۋەكالىتەن بۇ خاتىرىلەش — ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى قىزغىن قوللىغان، مەدەت بەرگەن قېرىنداش ئورۇنلار، رەھبەرلەر، جۈملىدىن نىلقا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە نىلقا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە سەممىي رەھمەت ئېيتىمەن.

يولداش ماۋ زېدۇڭ 1956 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى ۋە ئىنقىلابىي پائالىيىتى ھەققىدىكى ھۆججەتكە ئۆز قولى بىلەن تەستىق سېلىپ: «ل. مۇتەللىپ ئىنقىلابىي كۈرەش جەريانىدا شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان. ئۇنىڭ تۆھپىسى ئۇلۇغ، نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ...» دەپ، شائىرغا يۈكسەك باھا بەرگەن ھەمدە ئۇنى مۇناسىپ پەيتلەردە خاتىرىلەش ۋە ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىن خەۋەر ئېلىشنى تەۋسىيە قىلغانىدى.

ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتىگە دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش، شائىرنىڭ ھەرخىل ژانىرلاردا يېزىلغان ئەسەرلىرىنى رەتلەش، نەشر قىلىش، تەرجىمە قىلىپ تارقىتىش ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى ھەمدە كۆپ قېتىم خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزدى؛ 1956 - يىلدىن ھازىرغىچە ئۇنىڭ 54 پارچە شېئىر - داستانى، تۆت سەھنە ئەسىرى، ئۈچ فېلىيەتون - نەسىر ۋە بىر مۇنچە نەزىرىيىۋى ماقالىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەرلەر توپلاملىرى مەملىكەت بويىچە ئۇيغۇر، خەنزۇ تىللىرىدا بەش قېتىم نەشر قىلىندى؛ ئېلىمىزدىكى قېرىنداش مىللەتلەرمۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلارنى كۆپ قېتىم نەشر قىلدى. 1962 - يىلى جۇڭگو ياشلىرى نەشرىياتى مەملىكەت بويىچە تارقىتىلغان «ئىنقىلابىي قۇربانلار شېئىرلىرى» توپلىمىغا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئالتە شېئىرىنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن تاللاپ كىرگۈزدى. كېيىن بۇ شېئىرلار ئىنگلىز، فرانسۇز ۋە رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ ھەقتە مەشھۇر ئەدەبىياتشۇناس، ئاتاقلىق

يازغۇچى شاۋسەن ئەپەندى «ئىنقىلابىي قۇربانلار شېئىرلىرىغا سۆز بېشى» ناملىق مۇھىم ماقالىسىدە «ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرى «ئىنقىلابىي قۇربانلار شېئىرلار توپلىمى» غا تەرجىمە قىلىپ كىرگۈزۈلگەن بىردىنبىر ئاز سانلىق مىللەت شائىرىنىڭ شېئىرلىرى بولۇپ، بۇ شېئىرلار ئىنتايىن زور قىممەتكە ئىگە» دەپ قەيت قىلدى ھەمدە شائىرنىڭ ئېلىمىز ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئومۇمەن ئالغاندا، مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئازادلىقتىن كېيىن ئىزچىل تۈردە ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئاتاقلىق ئەدەبىيات پېشۋالىرى، تەتقىقاتچىلىرى، ئوبزورچىلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى ئۈچۈن مۇھىم ھەم جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە تەتقىقات، يورۇتۇش تېمىسى بولۇپ كەلدى. شائىرنىڭ ھايات يولى، ئىنقىلابىي پائالىيىتى، دۇنيا قارىشى، بەدىئىي ماھارىتى، ئىجادىيىتىدىكى ئۆزگىچىلىكى ۋە ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى، ئېستېتىك قىممىتى خېلى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىنىپ يورۇتۇپ بېرىلدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى مەزمۇن قىلىنغان كۆپلىگەن ئەسلىمە، ھېكايە، پوۋېست، داستان، رومانلار ئارقا-ئارقىدىن نەشر قىلىنىپ، دراما، كىنو فىلىملىرى جامائەتكە تەقدىم قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىدا شانلىق سەھىپە ئاچقان نۇرلۇق بىر ئوبراز — تالانتلىق شائىرنىڭ ئوبرازى ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى ۋە ئۇلارغا قىممەتلىك ئىلھام بەخش ئەتتى.

بۈگۈنكى كۈندە ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە رەھبەرلىكىدە، ئىتتىپاقلىشىپ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دولقۇنىدا غەلىبىلىك ئىلگىرىلەۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن سۆيۈملۈك پەرزەنتىنى داۋاملىق ياد ئەتمەكتە. ئۇنىڭ يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، ھەققانىيەت يولىدا تىز پۈكمەي چىڭ تۇرۇش جاسارىتى ۋە خەلقلەر دوستلۇقى — مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قىزغىن سۆيۈش ھەم ئۇنى قوغداشتەك ئېسىل پەزىلىتى ھەر مىللەت ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادكارلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىنى تىرىشىپ گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئورتاق ئىرادىسىگە كۈچلۈك ئىلھام ۋە تۈرتكە بولماقتا. بىز ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەقلىقمىز.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922-يىلى دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرى گۈزەل نىلقىدا، قېرىنداشلىرى ئارىسىدا ئۆتتى. ئۇ كىچىكىدىنلا رەڭگارەڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىگە تويۇنۇپ ۋە ئۇنىڭغا خۇشتار بولۇپ ئۆستى. ئۇ «مومام ئاغزىدىن ئاڭلىغاچقا ساماۋى چۆچەكلەرنى» دېگەن مىسرالىرى ئارقىلىق بالىلىق چاغلىرىدىكى تەسىراتلىرىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇنتۇمىدى. شائىر 1932-يىلىدىن كېيىن غۇلجىدا تاتار باشلانغۇچ مەكتىپىدە، كېيىن ئىلى رۇس گىمنازىيىسىدە ئوقۇدى. بۇ ھال ئۇنىڭغا سوۋېت سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرى، رۇس كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە تاتار، ئۆزبېك ھەمدە سوۋېت ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىلىرى بىلەن بالدۇرراق تونۇشۇش ئىمكانىيىتىنى بەردى. ئۇ، پۇشكىن،

لېرمونتوۋ، نېكراسوۋ، بايرون، گوركىي، ماياكوۋسكى، ئابدۇللا توقاي، هادى تاختاش،
غاپۇر غۇلام، ئۆمەر مۇهەممەدىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيتتى ھەمدە
ئۇنىڭ ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم شېئىرلىرى ۋە جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ئەدەبىي تالانتى
شۇ يىللاردىلا بىزنىڭ ھۆرمەتلىك ئەدەبىيات پېشۋالىرىمىزدىن ئەنۋەر ناسىرى، زۇنۇن
قادىرىلارنىڭ نەزەرىگە چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ سەمىمىي قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشىگە ئېرىشـ
كەنىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1939 - يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە
ئوقۇشقا كىرگەندىن تارتىپ تاكى 1945 - يىلى 9 - ئايدا ئاقسۇدا ئىنقىلابىي كۈرەش
يولىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغانغا قەدەر «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئاقسۇ گېزىتى» دە
خىزمەت قىلدى ھەمدە ۋەتەنگە، خەلققە، ئىنقىلابقا ۋە خەلق ئازادلىقى ئىشلىرىغا
سادىق قەلبى بىلەن قەلەمنى قورال قىلىپ، پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلىپ، شىنـ
جاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىغا ۋە ئۇيغۇر يېڭى دېموكراتىك
ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇشقا ئۆچمەس تۆھپە قوشتى.

مەلۇمكى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ياشىغان دەۋر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئومۇميۈز-
لۈك ئويغىنىشقا باشلىغان ۋە يېڭى مەدەنىيەتكە كۈچلۈك ئىنتىلىۋاتقان يىللار ئىدى.
ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ زەمبىرەك ئاۋازى ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سوتسىيالىزمـ
نىڭ غەلىبىسى پۈتۈن ئېلىمىزگە، جۈملىدىن شىنجاڭغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن،
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن ۋەكىللىرى — چېن تەنچيۇ،
ماۋزېمىن، لىن جىلۇ قاتارلىق ئىنقىلابچىلارنىڭ باشچىلىقى، تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا
ماركسىزم - لېنىنىزم ئىدىيىسى شىنجاڭغا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا - ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى،
ياش زىيالىيلار ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشقا باشلىغانىدى، جۈملىدىن ماۋدۇن ئەپەندى
قاتارلىق ئەربابلار باشچىلىق قىلغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت،
مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىدا يېڭى سەھىپە ئاچقانىدى.

مۇشۇنداق ئالاھىدە مەزمۇن ۋە ئىلغار ئىدىيىنى يېتەكچى قىلغان يېڭى ۋەزىيەت
شىنجاڭنىڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىـ
نى ئىلگىرى سۈرۈپ، زور بىر تۈركۈم پىداكار، ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە، جۇشقۇن ياش
ئەدىبلەرنى مەيدانغا كەلتۈردى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەنە شۇلارنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىـ
دىن بىرى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن باشلامچىلىرىدىن
بىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپكە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن ماركـ
سىزم - لېنىنىزملىق يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئىدىيىسى كېيىنكى
چاغلاردا شائىر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ خېلى پۇختا ئىدىيىۋى مەنبەسى ۋە ئىدىيىۋى
ئاساسى بولۇپ قالدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر شائىر بولۇش بىلەن بىللە، يەنە نەزەر
دائىرىسى كەڭ، بىلىم قۇرۇلمىسى بىر قەدەر چوڭقۇر، جاھاندىن خەۋەردار بىر ئىنتېر-
ناتسىئونالىزمچى ئىدى. ئۇ، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئۆگىنىشىگە ياردەم بېرىش

مەقسىتىدە يازغان «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى» ناملىق ئىلمىي ئەمگىكىدە ماركس - لېنىنچىلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدىكى بىر قىسىم بايانلىرىنى ئەڭ بالدۇر ۋە بىر قەدەر سىستېمىلىق يەتكۈزۈپ، ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشى ۋە نەزەرىيىسىنى ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن چۈشەندۈردى. ئەدەبىياتنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىملىقىنى شەرھىلىدى. ئۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە «لېنىن شۇنداق ئۆگەتكەن»، «بىز شىنجاڭ ئوغۇل - قىزلىرى»، «جانان ئەيلەر» قاتارلىق شېئىرلىرىدا نەزەرىنى دۇنياغا تىكىپ، مەزلۇم ئەللەرنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىنى قىزغىن قوللاشتەك جەڭگىۋار چاقىرىقلىرى بىلەن كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال شۇئارلىرىغا يانداشتى. «بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى» دېگەن شېئىرىدا جاھانگىرلىك يوقىتىلغان، مەزلۇم ئەللەر ئازادلىق، ئەركىنلىككە ئېرىشكەن يېڭى بىر دۇنيانىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرگەن تېما، مەزمۇن كۆپ خىل ۋە كەڭ دائىرىلىك بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە تەلپۈنۈش، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئازاد، ئەركىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇش ئارزۇسى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. شائىر «كۈرەش قىزى» ناملىق ئوپېراسىدا: «ھەقىقەتنىڭ كىتابىدۇر مېنى قوزغاتقان، ئىنقىلابىي يەنئەن ئۇنىڭ تۆرەلگەن جايى» دېگەن ھەقلىق مىسرالار ئارقىلىق پارتىيىگە، ئىنقىلاب مەشئىلى نۇرلانغان مۇقەددەس جاي بولغان يەنئەنگە تەلپۈنىدىغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن ئىزھار قىلدى. «جۇڭگو» ناملىق مەشھۇر شېئىرىدا «جۇڭگو، جۇڭگو، ئانا ۋەتىنىم سەندۇر» دېگەن مىسرالار ئارقىلىق سۆيۈملۈك ئانا ۋەتەنگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاشقا تەييار تۇرغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئىپادىلىدى. «مۇخەممەس» قاتارلىق شېئىرلىرىدا، «ئۇ، بۈيۈك ۋەتەننىڭ مۆچىسى، ھەرگىز كېسىلمەس»، 13 مىللەت «قان - قېرىنداش»، «مىللەتلەرنىڭ تەكشى ياشاش مەزگىلىنى بەك خالايمەن»، «خەلق ئەركىن نەپەس ئالسا، شۇ بىزنىڭ ئالىي بەختىمىز» دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ۋەتەن بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قىزغىن مەدھىيىلىدى ھەمدە ئازاد، ئەركىن، مىللەتلەر باراۋەرلىككە ئېرىشكەن مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسى — يېڭى جۇڭگونىڭ بالدۇرراق دۇنياغا كېلىشىنى سەمىمىي ئارزۇ قىلدى.

ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىنقىلابىي ئۇرۇش پارتلىغان ھەيۋەتلىك چوڭ دولقۇن ئىچىدە، ۋەتەنپەرۋەر شائىر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئېگىز كۆتۈرگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق»، «ياپون سامۇرايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» قاتارلىق فېليەتون - نەسرلەرنى؛ «كۈرەش قىزى» ئوپېراسىنى، «مۇھەببەت ۋە نەپرەت» داستانىنى ھەمدە «تۈن يېرىپ ئىزلار باسقاندا» قاتارلىق بىر مۇنچە ئېسىل

شېئىرلارنى يېزىپ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە جەڭ قىلىۋاتقان جەڭچىلەرنى قىزغىن مەدھىيىلىدى، ھەر مىللەت خەلقىنى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىشكە چاقىردى، ۋەتەن خائىنلىرىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلدى ۋە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش كۆرىشىنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنچ بىلدۇردى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ يەنە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يازغان ئاجايىپ چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە غايەت زور بەدىئىي كۈچكە ئىگە ئۆلمەس شېئىرلىرى — «يىللارغا جاۋاب»، «خىيالچان تىلەكلەر»، «شائىر ھەققىدە مۇۋەششەھ» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئېلىمىز خەلق ئازادلىقى كۆرىشىنىڭ غەلىبىسى ۋە جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى بولغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ نۇرلۇق ئىستىقبالىدىن خەلققە بېشارەت بېرىپ ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىپ، ۋەتەن، خەلق ئازادلىقى يولىدا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، ئۆلۈمنى پىسەنت قىلمايدىغان ئاجايىپ قەھرىمانلىق جاسارىتىنى نامايان قىلدى.

ئېلىمىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىرى، خەلقىمىزنىڭ ئوت يۈرەك سۆيۈملۈك پەرزەنتى، ئىنقىلابىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇ ئالەمدە ئاران 23 يىللا ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن بىز ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك ۋە مول بەدىئىي ئەدەبىيات مىراسلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى. ھەققانىيەت يولىدا تىز پۈكمەي چىڭ تۇرۇش، ئانا ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، ۋەتەن بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قىزغىن مەدھىيىلەش، خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا سادىق بولۇش، يېڭىلىققا ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئىنتىلىش، تىرىشىپ - تىرمىشىپ ئۆگىنىش شائىرنىڭ قىممەتلىك پەزىلەتلىرى بولۇپ، بىزنىڭ سەممىي ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

نۆۋەتتە ئېلىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلقى پارتىيە 14 - قۇرۇلتىيىنىڭ شانلىق تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دولقۇنى ئىچىدە غەلىبىلىك ئالغا باسماقتا؛ مىسلىسىز تېز سۈرئەت بىلەن جۇش ئۇرۇپ قانات يېيىۋاتقان ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ۋەتىنىمىزنىڭ قىياپىتىنى يېڭىلىماقتا، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا كۈچلۈك ئىلھام، ئۈمىد - ئىشەنچ بەخش ئەتمەكتە. بىز سۆيۈملۈك شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپنى ياد ئەتكەندە، ئۇنىڭ ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن ئەجىر قىلىدىغان جاسارىتىنى ئۆگىنىپ، قەلەمنى قورال قىلىپ، خەلق بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، يېڭى دەۋر ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسى، بەدىئىي ماھارىتى ھەم ئېسىل خىسلەتلىرىنى قەدىرلەپ ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى تارىخىي دەۋر مېلودىيىسىگە جور بولالايدىغان ئەڭ ئېسىل، ئەڭ نادىر ئەسەرلىرىمىز ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تېخىمۇ پارلاق يېڭى سەھىپىسىنى ئېچىش ۋە ئۇنى نۇرلاندۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۆرەش قىلىشىمىز لازىم.

ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ئىنقىلابىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئازاد سۇلتان

## لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئىجادىيىتى ھەققىدە مۇلاھىزە

ۋەتەنپەرۋەر شائىر ل. مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ تولىمۇ قىسقا، ئەمما ئىنتايىن مەنىلىك ھاياتىدا ئۈچ چوڭ تاغنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا دەپسەندە قىلىنىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرىدىن ئۆرتىنىپ، جاھالەتنىڭ قەپىسىنى ئۇرۇپ چاقىدىغان كۈرەشلەرنىڭ شىددەتلىك قايناملىرىدا باتۇرلارچە ئۈزدى. بۇ كۈرەشكە ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار قەلىمى بىلەنلا ئەمەس، ئەمەلىي ھەرىكەت - پائالىيەتلىرى بىلەنمۇ ئاكتىپ قاتناشتى. ئۇ ئاشۇ دەۋرنىڭ ئەڭ ئېغىر چوققىسىدا تۇرۇپ نەرە تارتقان، ھۇررا توۋلاپ جەڭگە كىرگەن لۇشۈن، گومورو، ئەي چىڭ، تيەن جيەن، زاڭ كېجيا، رۇشى قاتارلىق يازغۇچىلار بىلەن بىر سەپتە تۇردى. جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ جاھالەتلىك ۋە ئەڭ يالقۇنلۇق يىللاردا ياشىغان بۇ ئۇلۇغ ئەدىبلىرىمىزگە ئوخشاش ھەم جەڭچى، ھەم شائىر بولالىدى.

مانا ھازىر بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى، تالانتلىق شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 71 يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتىمىز. دېمەك، ئۇ ھايات بولغان بولسا، 71 ياشقا كىرگەن بولاتتى. ئۆزىنىڭ تۆككەن قان - تەرلىرىگە مۇناسىپ شان - شەرەپتىن، ھۆرمەت ۋە ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ياش غۇنچە گۈللىرىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى، ئېچىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بالا - چاقا، نەۋرە - چەۋرىلىرى بىلەن بىللە ھايات گۈزەللىكلىرىدىن راھەتلىنىپ ياشىغان بولاتتى.

بىراق شائىرىمىز ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ يولىنى ئەمەس، بەلكى ۋىجدان بىلەن نومۇسلۇق ياشاش يولىنى تاللىۋالغانىدى. بىز بۈگۈن ئۇنى خاتىرىلىگەنىدە، ئەسلىگەنىدە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ كۆكتە چېقىلغان چېقىندەك قىسقا، ئەمما ناھايىتى نۇرلۇق ھاياتىنى ئۇلۇغلايمىز ۋە ئۇنىڭغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز. بىز ئۇنىڭ ئىجادىيەت ھاياتىدىن شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ھېس قىلىمىزكى، ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتى ئەدەبىياتنىڭ ئىچىگە باشچىلاپ چۆكۈپ كىرىپ كېتىش بىلەنلا پۈتمەيدۇ. يازغۇچى ئۆزىنى تەربىيىلەش، ئۆزىنى چۈشىنىش ۋە ئۆزىنى ئۈستۈرۈشكىمۇ سەل قارىماسلىقى كېرەك. چۈنكى بىر يازغۇچى مۇبادا ئىلھامدىن مەھرۇم بولۇپ قالسا، ۋىجدانىدىن، ئېتىقادىدىن، ئىجتىمائىي بۇرچىدىن، ئەخلاق - پەزىلەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئىززەتلىك ئورنىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن يازغۇچىنىڭ قەلبىنى ئەسەر قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان تارازا دېيىشكىمۇ بولىدۇ. شۇڭا يازغۇچى ئالدى بىلەن

ھەقىقىي، چىن ئىنسان بولۇشى زۆرۈر. پەقەت شۇنىڭدىلا ھەقىقىي مەنىدىكى يازغۇچى بولغىلى ۋە چىن ئىنسانلار ئۈچۈن يازغىلى بولىدۇ.

ل. مۇتەللىپ ئەنە شۇنداق چىن ئىنسان ئىدى. ئەنە شۇنداق ھەقىقىي شائىر ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات يولىنىڭ قانچىلىك مۇشەققەتلىك، ئەگرى - توقاي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆز ئېتىقادىدىن، ئۆز غايىسىدىن ۋاز كەچمىدى. خەلققە، ئۆز ئېلىگە بولغان چىن مۇھەببىتى، ئىقىدىسى بىلەن ياشىدى ۋە يازدى. ئۇ ناۋايى ھەققىدە يازغان «تەسىراتىم» ناملىق شېئىرىدا:

ئۇنىڭ مازارىنى ھەر بىر ۋاراقتىن ئىزدە،
گۈمبەز - قەبرىنى ھەر مىسرادىن ئىزدە.
ئۇ ئىجاد دەرياسىغا چۆمۈلگەن،
ئۇ ھەر مىسرا تۇۋىگە كۆمۈلگەن.

دېگەنىدى. ھەقىقىي شائىر، يازغۇچىلارلا ئەنە شۇنداق تەسىرات قالدۇرالايدۇ. ل. مۇتەللىپمۇ ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرى بىلەن خەلقىمىز قەلبىدە ئەبەدىيلىككە ئىگە خاتىرە مۇنارى تىكلىگەن شائىر. چۈنكى ئۇمۇ ئىجاد دەرياسىغا چۆمۈلگەن، ھەر بىر مىسرا تۇۋىگە كۆمۈلگەن.

ل. مۇتەللىپنىڭ ئىجادىيەت يولى، ئەسەرلىرى ھەققىدە نۇرغۇن تەتقىقاتچىلىرىمىز، ئەزەرىيەچىلىرىمىز كۆپلىگەن ماقالىلەر يېزىپ، مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈشتى. ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىكى ئورنىغا ئىلمىي ۋە ھەقلىق باھا بېرىشتى. مەن تۆۋەندە ل. مۇتەللىپنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئېلىپ كىرگەن يېڭىلىقلىرى، بولۇپمۇ ئەدەبىي شەكىللەر جەھەتتىكى ئىزدىنىشلىرى توغرىسىدا نۇقتىلىق توختىلىمەن.

ئالدى بىلەن توختىلىدىغىنىم ئۇنىڭ چاچما شېئىرلىرى. ل. مۇتەللىپ چاچما شەكىلدە نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان بولۇپ، بۇ شەكىلنىڭ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئورنىغا ئاساس سالغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چاچما شېئىرلار سۈرۈشتۈرگەندە بارماق ۋەزنىگە مەنسۇپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئاساسەن ھېچقانداق ۋەزنىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. كۇپلېت، مىسرا، بوغۇملىرى مۇقىملاشتۇرۇلمايدۇ، قېلىپ بىلەن بېكىتىلمەيدۇ. ئۇنىڭدا تەلەپ قىلىنىدىغان شەكلىي خۇسۇسىيەت ئاساسەن رىتىمدىنلا ئىبارەت. چوڭ جەھەتتە قاپىيە بولىدۇ (توق قاپىيە بولسىمۇ، ئاچ قاپىيە بولسىمۇ بولىدۇ)، بەزىدە قاپىيە بولمىغاندىمۇ ئۆزىنىڭ رىتىمدارلىقى، ئاھاڭدارلىقى بىلەن ئېستېتىك زوق ئويغىتالايدۇ. ئامېرىكا شائىرى ۋىتمان (1819 — 1892) دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا ئەركىن - چاچما شېئىر شەكلىنىڭ باشلامچىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم شېئىرلار توپلىمى بولغان «ياپراق توپلىمى»دىكى كۆپ شېئىرلىرى ۋە ۋەكىل خاراكتېرلىك «ئاھ، فرانسىيە يۇلتۇزى!»، «سىرلىق كانايچى» ناملىق شېئىرلىرى مۇشۇ شەكىلدە يېزىلغان. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا ئەركىنلىكنى، گۈزەل غايىنى مەدھىيىلەيدۇ، دېموكراتىك ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلىدۇ. زۇلۇم - تەڭسىزلىككە قارشى

تۇرىدۇ. خورلانغان نېگىرلار ۋە ھىندىئانلارغا ھېسداشلىق قىلىدۇ. ئۇ شېئىرلىرىدا ناھايىتى كۈچلۈك ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەن. پوئېزىيىنىڭ قېلىپلىشىپ قالغان ئەندىزىلىرىگە بېقىنماي، دادىللىق بىلەن يېڭىلىق ياراتقان. ئۇنىڭ ئىجادىيىتى دۇنيا شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر شائىرى گومورومۇ «4 - ماي» مەزگىلىدىكى ئىجادىيىتىنىڭ ۋىتماننىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى كۆپ قېتىم ئېيتقانىدى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى شائىرى ماياكوۋسكى (1893 — 1930)، تاتار شائىرى ھادى تاختاش، ئۇيغۇر شائىرى نۇر ئىسرايىلوۋ، ئۆمەر مۇھەممىدىلەرمۇ چاچما شەكىلدە ناھايىتى ياخشى شېئىرلارنى يېزىپ، بۇ شەكىلنى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرگەن. بولۇپمۇ داڭلىق شائىر ماياكوۋسكى چاچما شېئىر شەكلىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇپ، چاچما شېئىرنىڭ پەلەمپەي شەكلىنى ئىجاد قىلدى. ئۇنىڭ «سولغا مارش»، «ياڭرىتىمەن ناخشامنى»، «لېنىن» پوئېمىسى قاتارلىق شېئىرىي ئەسەرلىرى مۇشۇ شەكىلدىكى ئۆرنەكلەردىندۇر. ئۇنىڭ «لېنىن» پوئېمىسى سترولۇق قۇرۇلمىدىكى پەلەمپەي شەكلىدە يېزىلغان. ماياكوۋسكى بۇ ئەسىرىدە بوغۇملارنىڭ ئۇرغۇسىغا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن بولغاچقا، ئەينى يىللاردا ئەڭ ياخشى دېكلاماتسىيە شېئىرى بولۇپ قالغانىدى. ئېلىمىزنىڭ رېئالىستىك شائىرلىرىدىن گاۋ لەنكاڭنىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە يازغان چاچما شېئىرلىرى، گو شياۋچۇەننىڭ «ياش گىراژدانلارغا»، خې جىڭجۈنىڭ «ياڭرىتىمەن ناخشامنى» ناملىق مەشھۇر شېئىرلىرى ماياكوۋسكى ئىجادىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدە يېزىلغان.

رۇس گىمنازىيىسىدە ئوقۇغان، رۇس تىلىنى بىلىدىغان، بۇ ئارقىلىق رۇس ئەدەبىياتى بىلەن بىرقەدەر پىششىق تونۇشقان، شۇنىڭدەك ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، يۈزلىنىشىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرغان ل. مۇتەللىپ ئىدىيىۋى جەھەتتىلا ئەمەس، بەدىئىي تەربىيە جەھەتتىنمۇ ئاشۇ چوڭ كېلىماتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. مۇتەللىپ بىلەن دەۋرداش بولغان باشقا ياش شائىرلارمۇ ئەينى يىللاردا چاچما شېئىرلار يازغان. لېكىن بۇ شەكىلدە كۆپرەك ۋە ئىزچىل شۇغۇللانغىنى يەنىلا ل. مۇتەللىپ ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «يانار تاغلار»، «جۇڭگو»، «دېھقىنىمغا»، «كۈرەشچان جۇڭگو خوتۇن - قىزلىرى»، «كۈرەش ئىلھامى»، «كۆرۈشۋاتىمىز»، «جۇڭگو قىزى — رەيىۋانىنىڭ مارت شامىلىغا بۇيرۇقى»، «ماي، كۈرەشچان ئاي» قاتارلىق شېئىرلىرى ئارقىلىق بۇ يېڭى شەكىلنى ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا تونۇتتى.

ل. مۇتەللىپ چاچما شەكىلدە قەلبىدە ئۆركەشلەۋاتقان ھېسسىيات ماگمىلىرىنى تەلتۆكۈس ئىپادىلىگىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇغانلىقى ۋە دېكلاماتسىيە قىلىشقا باپ بۇ شەكىل ئارقىلىق تەشۋىقاتنى كۈچەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ شەكىلگە قىزىقتى ۋە تەدرىجىي رەۋىشتە بۇ شەكىلنى مۇكەممەللەشتۈردى. مۇتەللىپنىڭ چاچما شېئىرلىرى مۇنداق بىرنەچچە تۈرلۈك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچى، مۇتەللىپ شېئىرلىرىدا رىتىملىق ۋە ئاھاڭدارلىق بولۇشىنى، يەنى مۇزىكا

گۈزەللىكى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرغان. بىز ئېلىمىزنىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە شائىرلىرىنىڭ ئەركىن شېئىرلىرىغا قارايدىغان بولساق، بۇ خىل شەكىلدە شائىرلار پىكىر ۋە ھېسسىياتنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرىدىغان بولغاچقا، رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىق بەربىر تەسىرگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. قاپىيەمۇ بەزىدە بار، بەزىدە يوق ھالەتتە بولىدۇ. لېكىن مۇتەللىپ ھېسسىيات ۋە پىكىر كۈچىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش بىلەن بىرگە رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىققا ئىلاجىنىڭ يېتىشىچە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئاساسەن ئاغزاكىي تىل ئارقىلىق يېزىلغان، كۆپ ھاللاردا مىسرالىرى كۇپلېتلار بىلەن گۇرۇپپىلانمىغان، مىسرالىرى ئۇزۇن - قىسقا، قاپىيەلىرىمۇ تولۇق كاپالەتكە ئېرىشمىگەن. بۇ تەرەپلىرىدىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بىرقانچە خىل ۋەزىندىكى شېئىرلارغا قارىغاندا تولىمۇ ئەركىن كۆرۈنىدۇ. لېكىن مۇتەللىپ شېئىردى قۇرۇلمىدا رىتىمنى قوغلاشقان، بۇ خىل رىتىم فونىتىكا جەھەتتىن بىر خىل مۇزىكىلىق ۋە ئاھاڭدارلىقنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا بۇ شېئىرلارنى ئوقۇغان ياكى دېكلاماتسىيە قىلغان كىشى ھەرگىز چۈۋالچاقلىق ھېس قىلمايدۇ. رىتىملىق، شۇنىڭدەك مۇزىكىلىق خۇسۇسىيىتى بويىچە دولقۇنسىمان بولۇپ ئۇرغۇۋاتقان ھېسسىيات ئېقىمىدىن زوقلىنىدۇ، ئىختىيارسىز ھاياجانغا چۆمىدۇ.

ئىككىنچى، مۇتەللىپنىڭ چاچما شېئىرلىرى ئېنىق، چۈشىنىشلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۈستۈنلۈك قىممەتكە ئېرىشكەن. مۇتەللىپنىڭ شېئىردى ھېسسىياتى چىن، قىزغىن، كۈچلۈك. ئۇ ئۆز ھېسسىياتىنى ھېچقانداق پەردازسىز، تەبىئىي ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ. پىكىرنى ئېنىق، ئوچۇق، چۈشىنىشلىك ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ «يانار تاغلار» ناملىق شېئىرىدىكى:

ئەنە كۆرۈڭ كاۋكاز تاغلىرى
ئېلبورس چوققىلىرى لاۋا ئاتىدۇ،
ئېپلاس تاپلارنى ئۇزىتىشقا،
قويىنىغا
يانار مەدەنلەر
تۆگمەس ئاتوملارنى تارتىدۇ.

دېگەن مىسرالىرىنى مىسال قىلساق، شائىر «يانار مەدەنلەر قويىنىغا، تۆگمەس ئاتوملارنى تارتىدۇ» دەپلا يازغان بولسا، مىسرالار نىسبەتەن تەرتىپلىكرەك، بوغۇملار سانىمۇ تەكشىرەك چىققان بولاتتى. لېكىن شائىر ئالدى بىلەن ئەركىنلىك ئۈچۈن قوزغىلىۋاتقان كۆرەشنىڭ ئۆزىدە قوزغاۋاتقان كۈچلۈك ئىنكاسىنى تولۇقى بىلەن ئىپادىلەش ئۈچۈن، شۇنداقلا شېئىردى پىكىرنى، يەنى كۆرەشنىڭ ھەربىر باسقۇچىنى تەكىتلەپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئىككى مىسرا بولۇشقا تېگىشلىك سۆزلەرنى بىرقانچە مىسراغا بۆلۈۋەتكەن.

ھېسسىيات كۈچىنى، مەزمۇن كۈچىنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلغان شائىر دېكلاماتسىيە قىلىش ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتقاچقا، شېئىرلىرىنىڭ ئىمكانقەدەر چۈشىنىشلىك بولۇشىنى خالايدۇ.

يەنە شۇ «يانار تاغلار» شېئىرىدىكى:

زور باتۇر كىشى تۇۋلايدۇ:
بۇلغىما سىماب سۈيۈمنى دەپ —
مىليون ئاراللار ۋارقىرايدۇ،
لاۋا ئاتسۇن ئىككىنچى يانار تاغ سېپى دەپ —

دېگەن مىسرالارنىڭ ئىپادىلەش شەكلى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، بىرىنچى قەدەمدە كىمنىڭ تۇۋلاپ ۋارقىراۋاتقانلىقى، ئىككىنچى قەدەمدە نېمە دەپ تۇۋلاپ ۋارقىراۋاتقانلىقى تەبىئىي ۋە ئېنىق كۆرسىتىلگەن. «ماي، كۆرەشچان ئاي» شېئىرىدىكى «ماي پۇراقلىرى بىزگە تاپشۇردى:» دېگەن مىسرانىڭ كەينىگە ئۈچ مەزمۇندىكى قەسەم ۋە ئىرادىنىڭ ئالتە مىسرا بويىچە يۇقىرىدىكى تەقلىدتە تاپشۇرۇلۇشىمۇ مانا شۇ سەۋەبتىندۇر.

ئۈچىنچى، ل. مۇتەللىپنىڭ چاچما شېئىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۇلۇغۋارلىق، يۈكسەكلىكتىن ئىبارەت ئېستېتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

ئۇنىڭ چاچما شېئىرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى نەپىس، يېقىملىق تەبىئەت لىرىكىلىرى ئەمەس. ئۇنىڭ چاچما شېئىرلىرى ئېستېتىك خاراكتېر جەھەتتىن شالدىرلاپ ئاققان بۇلاق سۇلىرى، يۈزنى سىيلاپ ئۆتىدىغان مەيىن شامال، مۇڭلۇق ساتار ساداسىنى ئەمەس، بەلكى ئاجايىپ زور قۇدرەت بىلەن ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان شارقىراتما، قەھرىلىك دولقۇنلاۋاتقان دېڭىز، مەڭگۈلۈك ئاقباش تاغلار، غايەت زور تىك چوققىلارنى ئۆزىگە سۈپەت قىلىدۇ.

ھەرقانداق بىر يازغۇچى، شائىرنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبى، ھەرقانداق بىر ئەدەبىي ژانىر ئۆزى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇئەييەن دەۋرنىڭ ئېستېتىك تەلەپلىرىنىڭ تەسىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئەدەبىيات تارىخىغا نەزەر سالساق، بۇنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بىر قانۇنىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، خەلقنىڭ پەيمانى تولۇپ زۇلۇمغا قارشى كۆتۈرۈلگەن، يانار تاغلار پارتلاپ زۇلۇم، جاھالەت بۆشۈكىنىڭ بېشىغا لاۋا ئاتقان قاينام تاشقىنلىق يىللاردا «بورانقۇش قوشىقى»، «ئىلاھىيە» دەك جەسۇرلۇق، قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ دۇنياغا چىقىشى تاسادىپىي ئەمەس. ئۇيغۇر شائىرى ل. مۇتەللىپنىڭ ئەنە شۇنداق جۇشقۇنلۇق، كۆرەشچان شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىگە ئېكى جاراڭلىق ساداسىغا جور بولۇشىمۇ ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس.

دەرۋەقە بۇنداق ئېستېتىكىلىق خۇسۇسىيەت مۇتەللىپنىڭ چاچما شېئىرلىرىدىلا ئەمەس، يەنە ئۇنىڭ «ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق» ناملىق نەسرىي شېئىرىدىمۇ بار.

بۇ ئەسەردە ل. مۇتەللىپ ناھايىتى كۈچلۈك شېئىرىي ھېسسىيات بىلەن شانلىق

تارىخقا ئىگە ۋەتەننى ئۇلۇغلايدۇ. ئۇنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ، سۆيۈنىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئالتۇن دىيارنىڭ تاجاۋۇزچىلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا دەپسەندە بولۇۋاتقانلىقىدىن ئۆرتىنىدۇ، غەزەپلىنىدۇ. قەھرىمان خەلقنىڭ خورلۇقتىن، مۇنقەرزچىلىكتىن قۇتۇلۇش يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرەشلىرىنى چىن قەلبىدىن ئالقىشلايدۇ. شۇ جەڭگىۋار قوشۇننىڭ بىر جەڭچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىگىچە جەڭدىن يانمايدىغان ئىرادە - قەسىمىنى جاكارلايدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ ھەربىر سۆز، ھەر بىر جۈملىسى شائىرنىڭ كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە قەھرىمانلىق جاسارىتى بىلەن سۇغۇرۇلغان بولۇپ، پىكرى چوڭقۇر، تەسىرچانلىقى كۈچلۈك، شائىرنىڭ قايناق ھېسسىياتى ھەربىر كىتابخاننى ھاياجانغا سېلىپ، قەلبىدە زىلزىلە پەيدا قىلالايدۇ. بۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان نادىر ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئەسەر تاھازىرغىچە نەسىر دەپ قارىلىپ كېلىنگەنىدى. مەن ئۇنى نەسرىي شېئىر دەپ ئاتاشنى مۇۋاپىق كۆرىمەن.

نەسرىي شېئىر — ئەدەبىي تۈرلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭدا نەسرىنىڭمۇ، شېئىرنىڭمۇ ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ. شۇڭا بۇ نەسىر ۋە شېئىردىن ئىبارەت ئىككى ژانىرنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان، ھەم نەسىرگە، ھەم شېئىرغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر شەكىل. ئېنىقىنى ئېيتقاندا، نەسرىي شېئىر نەسرىي شەكىل ئارقىلىق شېئىرىي مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ.

«ئۇنىڭ كەلگۈسى زور ھەم پارلاق» ناملىق ئەسەر دەل شۇنداق نەسرىي شەكىل ئارقىلىق شېئىرىي مەزمۇننى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭدا نەسرىنىڭمۇ، شېئىرنىڭمۇ خۇسۇسىيەتلىرى بار. ئۇنىڭدىكى شېئىرىي تۇيغۇ، لىرىك ھېسسىيات، تاۋلانغان تىل ئۇنى شېئىرلارغا ئوخشىتىدۇ، لېكىن ئۇ بەرىبىر شېئىر ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭدا يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەردىن باشقا يەنە ئوبرازلىق شېئىرىي پىكىر، شېئىرىي مۇھىت بولغىنى بىلەن رىتىم، ۋەزىن، قاپىيە، شېئىرىي قۇرۇلما قاتارلىق قوشۇمچە ئامىللار يوق. بۇ تەرەپلىرىدىن ئۇ نەسىرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ ئەسەر سىرتقى شەكىل جەھەتتە نەسىرلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئىگە. ئۇنىڭ ئابزاس، قاتلاملىرى باش تېمىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى تەبىئىي توختىلىشلاردىن شەكىللەنگەن بولۇپ، قۇرۇلما يەڭگىل، ئەركىن ۋە جانلىق، سەكرەتمىلىكى بار، ھەتتا بەزى جايلىرىدا سەكرەتمىلىكى خېلى چوڭ (ئەمما بۇ سەكرەتمىلىك شېئىرلاردىكىدەك چوڭ ئەمەس). باغلىنىشچانلىقىمۇ شېئىرلاردىن كۈچلۈك بولۇپ، نەسىرلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ. ئىپادىلەش جەھەتتە شېئىرلارغا قارىغاندا كۆپ ئەركىن. ئاپتورنىڭ چوڭقۇر تەسىراتلىرى گاھىدا بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويۇلسا، گاھىدا ئوخشىتىش، سىمۋول، ئىما قاتارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن يوشۇرۇنىراق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. تىلى نەسىر تىلى بولۇپ، ئاپتورنىڭ ئۇنىڭغا كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكى ئېنىق. بىز بىر مىسال ئېلىپ كۆرەيلى:

«ئۇ (شېئىر) ماكاننىڭ كەڭلىكىگە بىر سۆيۈنسە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى خىلمۇ خىل تەبىئەت

بايلىقلىرىنى كۆرۈپ مىڭ سۆيۈنىدۇ، ئېگىز ئالماس تاغلىرىغا قاراپ لەززەتلىنىدۇ، ماكانىنىڭ يۈرەك باغرىنى سۇغا قاندۇرۇپ سالماق ئاققان دەريالىرىغا قاراپ پەخىرلىنىدۇ، بۇلبۇللار قايىنمى، نازاكەت گۈلىستانى... لەتىپ چېچەكلىرى بىلەن لىق تولغان باغرىغا قاراپ ئۆزىنى ئاللىقانداق يۈكسەك ھېس قىلار ۋە كۆرمىگەن خۇشاللىقلار بىلەن قىن - قىنىغا پاتماس ئىدى...»

روشەنكى، مىسالىمىز قاپىيە ھەم ۋەزىننىڭ چەكلىمىسىدە ئەمەس. لېكىن تىلى خۇددى شېئىرىي تىلدەك تاۋلانغان، نەپىس ۋە ئىنتايىن گۈزەل. ئۇنىڭدا لەيلەپ يۈر- گەن بۇلۇتتەك لەرزانلىق ۋە ئەركىنلىكتىن شەكىللەنگەن تەبىئىي گۈزەللىك چاقناپ تۇرىدۇ.

مەن يۇقىرىدىكى ئاساسلىرىمغا تايىنىپ بۇ ئەسەرنى نەسرىي شېئىر دەپ ئاتىدىم.

ئەدەبىيات تارىخىدىن قارىغاندا، نەسرىي شېئىر شەكلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. لېكىن نەسرىي شېئىرلارنىڭ بۈگۈن بىز كۆرۈۋاتقان شەكىلگە كىرىشى ۋە بۇ تۈرنىڭ «نەسرىي شېئىر» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىشى 19 - ئەسىردىكى ئىش. ھازىرقى نەسرىي شېئىر شەكلى فرانسىيە يازغۇچىسى چارلىز پوتلېر (1821 — 1867) نىڭ ئىزدىنىشى بىلەن شەكىللىنىپ، ئۇنىڭ «پارىژنىڭ غېمى» ناملىق نەسرىي شېئىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان.

سانائەت ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشى، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ ئىنچىكىلىشىشى ۋە مۇرەككەپلىشىشى بىر خىل ئىجتىمائىي بېسىم بولۇپ، كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىغا تەسىر كۆرسەتكەندى، پسىخىكىدىكى بىئاراملىق ئەدىبلەرنىڭ روھىي تەكىپۇكلۇقىنى سۇبيېكتىپ دۇنيادىن ئىزدەشتەك يۈزلىنىشنى ھاسىل قىلدى. مەنىۋى تەلەپلەرنىڭ كۈچىيىشىگە ماس- لاشقان ئەدەبىيات - سەنئەت ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تەكشىلىكتىن ستېرېئولۇققا، پارالېللىقتىن كېسىشىش - گىرەلىشىشكە تەرەققىي قىلدى. مانا مۇشۇنداق تەرەققىيات جەريانىدا كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك تەلەپلىرىگە ياندىشالايدىغان نەسرىي شېئىر شەكلى پەيدا بولدى. پوتلېر نەسرىي شېئىر ھەققىدە: «شېئىرىي تۈيغۇغا باي، مۇزىكىغا ئوخ- شاش، قاپىيە، ۋەزىن يوق نەسىر، يەنى يېقىملىق ھەم قاتتىق، ھېسسىيات دولقۇنلى- رىغا جور بولالايدىغان، خىياللار پەرۋازى ۋە ھېسسىيات ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان نەسىر شەكلى پەيدا بولدى»① دېگەنىدى. پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى گوركى «بورانقۇش قوشىقى» ناملىق نەسرىي شېئىر بىلەن نەسرىي شېئىر ئىجادىيىتىنى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى. ئېلىمىزدىمۇ «4 - ماي» يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىن كېيىن خېلى نۇرغۇن نەسرىي شېئىرلار يېزىلدى. لۇشۈن ئۆزىنىڭ «ياۋا گىياھ» توپلىمىدىكى 20 نەچچە پارچە نەسرىي شېئىرى ئۈستىدە توختىلىپ: «ئاز - تولا تەسىرات پەيدا بولغاندا كىچىك - كىچىك ماقالىلەرنى يېزىپ تۇردۇم، چوڭايتىپراق

① پوتلېرنىڭ «ئېرىنچەك خوسىبگە» ناملىق ماقالىسىدىن. «مۇشۇ زامان ئەدەبىياتى» تەتقىقاتى ژۇرنىلى 73 - بەت.

ئېيتسام يازغانلىرىم نەسرىي شېئىرلار ئىدى، بۇلارنى بىر توپلام قىلىپ «ياۋا گىياھ»
دەپ نام بەردىم»① دېگەنىدى. گومورو ئۆزىنىڭ نەسرىي شېئىر ئىجادىيىتى توغرىسىدا
توختالغىنىدا: «ياپونىيىدىكى چېغىمدا تۇرمۇشۇم غورىگىل بولسىمۇ، لېكىن مېنى گاھىدا
چوپان ناخشىلىرىنىڭ لىرىك كەيپىياتى چۇلغىۋالاتتى - دە، مېنىڭ تەنھا، مىسكىن قەلـ
بىمنى ھاياجانغا سالاتتى. مېنىڭ يازغان بۇ كىچىك نەرسىلىرىم ئاشۇ كەيپىياتىمنىڭ
خاتىرىسىدىن ئىبارەت»② دېگەنىدى. بۇ ئىككى ئۇلۇغ ئەدىبنىڭ ئېيتقانلىرى نەسرىي
شېئىر بىلەن ھېسسىيات - ئىلھامنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرىدۇ. ل. مۇتەللىپمۇ
كۆرەشچان يىللاردا تۇغۇلغان قايناق ھېسسىياتى بىلەن 1942 - يىلى بۇ نەسرىي
شېئىرنى يېزىپ چىققان. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى ھېسسىياتىنىڭ كۈچلۈك، قايناقلىقى،
ھېسسىياتىنىڭ دولقۇنسىمان ئىپادىلەنگەنلىكى، قۇرۇلما، تىل ئىشلىتىش ۋە باشقا تەرەپـ
لىرى بىلەن گوركىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىدا يېزىلغان «بورانقۇش قوشىقى»،
ماۋدۇننىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە يېزىلغان «سۇۋادان تېرەككە مەدھىيە»
ناملىق نەسرىي شېئىرلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىغىلى بولىدۇ، بولۇپمۇ
«بورانقۇش قوشىقى» بىلەن بولغان ئوخشاشلىق تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنىدۇ. بىز سېلىشـ
تۇرما مۇلاھىزىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ل. مۇتەللىپ، گوركى قاتارلىق ئاتاقلىق يازغۇچىلارنىڭ
تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇلارنىڭ تەسىرىدە نەسرىي شېئىر ئىجادىيىتىنى ئۇيغۇر ئەدەـ
بىياتىغا ئېلىپ كىرگەن دەپ ئېيتالايمىز.

ل. مۇتەللىپنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى ئىچىدە يەنە «پادىشاھ سامورايلىرى ئېغىر ھالـ
سىرايدۇ» ۋە «ئەجەل ھودۇقۇشىدا» ناملىق فېليەتونلار بار.

فېليەتون نەسىرنىڭ تەركىبىدىكى بىر تۈر بولۇپ، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە تېزـ
لىك بىلەن ئىنكاس قايتۇرىدىغان، بەدىئىي تۈسى كۈچلۈك، سىياسىي خاراكتېرىدىكى
ماقالىلاردۇر. ئېلىمىزدە لۇشۈن، چۈي چيۇبەيلەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى ۋە يېڭىلىق
يارىتىشى نەتىجىسىدە فېليەتون كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدىغان مۇستەقىل بىر ئەدەبىي تۈرگە
ئايلانغان. ئۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە ۋە پىكىرلەرنى روشەن ئوبرازلار بىلەن بىرلەشتۈرىدۇ،
ئادەتتە بايان ۋە مۇھاكىمىدىن ئىبارەت ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىدۇ. شەكىل
جەھەتتە، ئۇسۇل جەھەتتە جانلىق بولۇپ قېلىپقا كىرىۋالمايدۇ، مەزمۇنى كەڭ بولۇپ،
ئىجتىمائىي تۇرمۇش، مەدەنىيەت ھادىسىلىرى، سىياسىي ئىدىيە ۋەھاكازالارنىڭ ھەممـ
سىنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ. قىسقا، جانلىق، ئۆتكۈر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بار. ئېلىـ
مىزنىڭ چۈنچيۇ، جەنگو دەۋرىدە نۇرغۇنلىغان سىياسىئونلار، پەيلاسوپلار ئۆزلىرىنىڭ
كۆز قاراشلىرىنى مۇشۇ شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. بۇ خىل شەكىلنىڭ تارىخى بەك
ئۇزۇن، «4 - ماي» دىن كېيىن لۇشۈن فېليەتوننى كۈرەش قىلىشتىكى نەيزە، خەنجەر
قىلىپ جەڭگە كىرگەنىدى. ل. مۇتەللىپمۇ كۈرەش ئېھتىياجىدىن فېليەتون شەكلىگە

---

① لۇشۈن: «ئەبجەش مۇقامىلار توپلىمى» غا ئىشارە» دىن.
② گومورو: «ئالتە پارچە قىسقا ماقالە» گە ئىشارە» دىن.

مۇراجىئەت قىلغان. ئۇنىڭ «پادىشاھ سامورايلىرى ئېغىر ھالسىرايدۇ» فىليەتۇنى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغاپ پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ بېشىغا ئۇرۇش بالاسىنى تاڭغان گېتلېر گېرمانىيىسىگە دوست تارتىپ ئۇلۇغ ئوكيان ئۇرۇشىنى قوزغىغان ياپون تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى قاتتىق سۆكىدىغان ئەسەر. بۇ فىليەتۇندا توپ يېمى قىلىنىپ جەڭگە ئېۋەتىلگەن ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ ئۈمىد، ئىشەنچتىن مەھرۇم، زەئىپ روھىي ھالىتى ناھايىتى جايىدا سۈرەتلەنگەن. ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ، دېگەن پىكىر ئاساسەن 70 ياشلىق قېرى ئەسكەر بىلەن 15 ياشلىق بالا ئەسكەرنىڭ دىئالوگى ئارقىلىق يورۇتۇلىدۇ. ئەسەرنىڭ مەزمۇن چوڭقۇرلۇقى بار. تەمى ئۇزۇنغىچە يىتمەيدۇ. ھەجمى كىچىك، تىلى ئىخچام.

«ئەجەل ھۇدۇقۇشىدا» ھالاكەت گىردابىغا كېلىپ قالغان فاشىستلارنىڭ گۇمران بولۇش ئالدىدىكى ئەسەبىيلەرچە جان تالىشىۋاتقان كۈلكىلىك، ئەخمىقانە، يىرگىنىشلىك ھالىتىنى ناھايىتى جانلىق سۈرەتلەپ بېرىدۇ. ئەسەر 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىكى گېرمانىيە، ئىتالىيىنىڭ ئەھۋالىدىن سىتسىلىيە، گرېتسىيە، يۇگوسلاۋىيە، روسسىيە، ئامېرىكا جەڭ مەيدانلىرىدىكى چوڭ ۋەقەلەردىن، ئۇرۇشنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىدىن ناھايىتى ئىخچام مەلۇمات بېرىدۇ، ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ جېنى تومشۇقىغا كېلىپ قالغانلىقى، ھالاكىتىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەسەر قىسقا، پورترېت، ھالەت تەسۋىرلىرى تولىمۇ قىزىقارلىق ۋە جايىدا، تىلى يۇمۇرلۇق، ئوبرازلىق. ئەسەر كىتابخانلارنى خۇددى كۆز ۋە قۇلاق سېزىملىرى بىلەن سەھنىدە ئوينىلىۋاتقان ياخشى بىر ئىتوتىنى كۆرۈپ ئولتۇرغاندەك تەسىراتقا كەلتۈرۈپ زوقلاندۇرىدۇ، ئۇزۇرلاندۇرىدۇ. كىتابخان يۇمۇر، مۇبالىغە، ئوخشىتىشلار بىلەن پەيدا بولغان كۈلكە ئارقىلىق قانخورلۇق، رەزىللىك، پەسكەشلىكنى تېگى - تەكتىدىن ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ كۈلكىنىڭ ئىچىدە غەزەپ - نەپرەت، ئاچچىق مەسخىرە، كۈچلۈك ئەيىبلەش بار.

ئالدىنقى فىليەتۇندىكى كەيپىيات ئېغىر، مىسكىن بولۇپ، دولقۇنلۇق دېڭىزدا، قاراڭغۇ تۈندە بارسا كەلمەس سەپەرگە كېتىپ بارغانلىقىدىن يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرغان ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ روھىي ھالىتىگە باپ كەلگەن. كېيىنكىسىدە يەڭگىل، قىزىقارلىق، كۈلكىلىك كەيپىيات سەكرات ئىچىدىكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ساراسىمىلىك ھالىتىگە تازا ماس كەلگەن. بۇ ئىككىسى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى فىليەتۇنلاردىن بولسىمۇ، ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆرنەكلىك فىليەتۇنلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا مەن ل. مۇتەللىپنىڭ چاچما شېئىر شەكلى، نەسرىي شېئىر شەكلى، فىليەتۇن شەكىللىرىنى دادىللىق بىلەن ئۆگىنىپ، ئۇلارنى ئىجادىيلىق، ئۆزگىچىلىك بىلەن قاناتلاندۇرغانلىقىنى، جاھان مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇلارنى قوبۇل قىلىشتا زۆرۈر بولغان ئۆگىنىش بىلەن ئىجاد قىلىشنى بىرلەشتۈرگەن ۋارىسلىق قىلىش يولىنى ئاچقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇم. مېنىڭچە، ئەدەبىياتنىڭ بەدىئىي ماھارەتلىرى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى

بىلەن يارىتىلغان. شۇڭا ئۇنى ئۆگىنىش كېرەك. بىراق باشقا يازغۇچىلاردىن ماھارەت ئۆگىنىش لازىمكى، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۆز پېتى دوراشقا بولمايدۇ. ھازىر بىزدە بەزى ئاپتورلار باشقىلارغا تەقلىد قىلماقتا، ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى شۇ پېتى كۆچۈرۈپ كېلىپ، قۇرۇلمىسىنى، شەكلىنى، تىلىنى ۋە باشقا تەرەپلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىگە تەدبىقلىماقتا. لېكىن بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ ئەدەبىي ئاساسىنىڭ بوشلۇقىنى تولدۇرالمىغاندا، كاللىسىنىڭ قۇرۇقلۇقىنى ياپالمىغاندا ھەتتا خەقنىڭ پىكىرلىرىنىمۇ ئۆزى ھەزىم قىلماي تۇرۇپلا قايتا تەكرارلىماقتا. ل. مۇتەللىپمۇ ئۆگەنگەن، قوبۇل قىلغان، لېكىن ئۇ ئۆگىنىش ئاساسىدا قايتىدىن ئىجاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت يولىنى كېڭەيتكەن. ل. مۇتەللىپ يېڭى شەكىللەرنى قوبۇل قىلىشتا دەۋرداشلىرىنىڭ ئالدىدا ماڭغان (بۇنى يۇقىرىدىكى مۇھاكىمىلىرىمىزدىن كۆرۈۋالدۇق)، لېكىن ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى يېڭى شەكىللەرنى كۆز-كۆز قىلىش بىلەن ئەمەس، بەلكى يېڭى شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىگەن ئۆزگىچە پىكرى، يەنى ئەسەرنىڭ مەنىۋى كۈچى ئارقىلىق قولغا كەلگەن.

ل. مۇتەللىپ بۇ يورۇق دۇنيادا ئاران 23 يىل ياشىيالىدى، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئاران توققۇز يىل شۇغۇللىنالىدى. بىراق بۇ توققۇز يىلدا نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى بىزگە تەقدىم قىلدى. بۇ ئەسەرلەر شۇ دەۋردىلا ئەمەس، بۈگۈنكى زامانىمىزدىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. جەزىم قىلىپ ئېيتالايمىزكى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى كېلىچەكتىمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتمايدۇ. ل. مۇتەللىپنىڭ بىزگە قالدۇرغىنى ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىستىلى، ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىمۇ بىزگە قالغان قىممەتلىك مىراستۇر.

ل. مۇتەللىپ ئاران توققۇز يىل يازالىدى، لېكىن ئۇ ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى. ئۇنىڭ چاچما شېئىر شەكلى، نەسرىي شېئىر شەكلى، فېليەتون شەكىللىرىدىكى ئىزدىنىشلىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بېيىتتى، يەنى بىزنىڭ ئىجادىيەت ئەنئەنىلىرىمىزنى راۋاجلاندۇردى. ئەنئەنە رامكىغا، قېلىپقا سولىۋالغىلى بولىدىغان، ئۆزگەرمەس، ئۆلۈك نەرسە ئەمەس. ئەنئەنە دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مەنىۋى بايلىقىمىز بېكىنمىلىكتە ئەمەس، ئوچۇق ھالەتتە بولغانلىقى، يېڭى تەركىبلەر بىلەن ئۆزىنى تولۇقلاپ، بېيىتىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈنلا كىشىلەرنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ئوبيېكتىسى بولالايدۇ. ئەنئەنىنى بېيىتىشنىڭ، تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يولى ئىجادىيەتتۇر. ل. مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ئارقىلىق بۇنىڭ بىردىنبىر توغرا يول ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ل. مۇتەللىپتىن ئۆگىنىدىغان نەرسىلەر ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ. لېكىن تۈپ نەرسە نېمە؟ مېنىڭچە، بۇ ئىجادكارلىق ۋە ئىزدىنىش روھىدۇر. مانا بۇ روھ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تومۇرلىرىدا شاۋقۇنلاپ ئاققان چاغدىلا ل. مۇتەللىپ كۈتكەن، بىزمۇ ئارزۇ قىلغان ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئالتۇن دەۋرى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# ل. مۇتەللىپ مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز

جاۋدېجۇڭ

(نىلقا ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى)

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ غەمخورلۇقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا بۈگۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ل. مۇتەللىپ مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلىشى بىزنىڭ نىلقىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن غەمخورلۇق ۋە كۆيۈنۈش، بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىزگە نىسبەتەن ئىلھام ۋە مەدەت، مەن نىلقا ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. رەھبەرلىرىمىز، يازغۇچىلىرىمىز، ئالىملىرىمىزنىڭ تومۇز ئىسسىقىدا ئۇزۇن يول يۈرۈپ ناھىيىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن ۋە ئۇلارغا چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

ل. مۇتەللىپ ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇنەۋۋەر ئىنقىلابىي شائىرى، شۇنداقلا ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابىي جەڭچىسى. ئۇ 1922 - يىلى نىلقىدا تۇغۇلۇپ، 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان. ئۇ شۇ چاغدا ئاران 23 ياشتا ئىدى، ئەمما ئۇ قىسقىغىنە ھاياتىدا خەلققە ئۆلمەس شېئىرلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ھاياتى ئىنقىلابىي ھايات، جەڭگىۋار ھايات، جەبىر - زۇلۇم تارتىۋاتقان ۋەتەن ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلغان ھايات. ئۇنىڭ شانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى بىزنى مەڭگۈ ئالغا بېسىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ؛ ئۇنىڭ يۈكسەك ئوبرازى قەلبىمىزدە مەڭگۈ ياشايدۇ!

بىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنى تىرىشىپ گۈللەندۈرۈۋاتقان ھازىرقى دەۋردە ل. مۇتەللىپتىن تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىشىمىز، ئۇنىڭ ئالىيجاناب ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك. لېنىن بىزگە مۇنداق تەلىم بەرگەنىدى: «ۋەتەنپەرۋەرلىك نەچچە مىڭ يىل مابەينىدە ئۆز ۋەتىنىگە مۇقىملىشىپ قالغان ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببەتتۇر». باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇنداق دېگەنىدى: «ئېلىمىز تارىخىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەزەلدىن تارتىپلا خەلقنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىدىغان ۋە ئىلھاملاندۇرىدىغان بايراق، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنىۋى تۈۋرۈكى بولۇپ كەلگەن، ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا تاقابىل تۇرۇش ۋە جەمئىيەت

تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە غايەت زور رول ئوينىغان. دۆلىتىمىز ۋە مىللىتىمىز ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشى بىلەن توختىماي ئالغا باسىدۇ، ئۇلۇغ ئۆملۇككە ۋە ھاياتىي كۈچكە ئېرىشىدۇ». شۇڭا بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇغىنى جەۋلان قىلدۇرۇشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ پايدا - زىيىنىنى پارتىيىنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز، ۋەتەننىڭ گۈللەپ - ياشنىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە روناق تېپىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆز ۋەتىنىمىزگە سادىق بولۇشىمىز كېرەك. بىزدە «نامرات بولسىمۇ ئىرادىسىدىن قەتئىي قايتماسلىق» دېيىدىغان گەپ بار. قالاقلىق قورقۇنچلۇق ئەمەس، قورقۇنچلۇقى چۈشكۈنلۈككە تەن بېرىش. شۇڭا بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاڭلىقلىقىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەبىئىتىنى يېتىلدۈرۈشىمىز، ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىمىزنى ئۇزلۇكسىز ئۇرغۇتىشىمىز، ۋەتىنىمىزنىڭ ھازىرقى قۇرۇلۇشى يولىدا تىنىماي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك!

بىز ل. مۇتەللىپنى ئەسلەۋاتقان چېغىمىزدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ قەدىرلىشىمىز كېرەك. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ تەركىبىي قىسمى. مىللەتلەر باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، مىللىي ئېزىلىشكە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشنى پرولېتارىياتنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بەلگىلىگەن. ماۋ جۇشى: «مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئىشلىرىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قازىنىدىغانلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى» دېگەنىدى. ۋەتەن بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش بىلەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بولمىسا، قۇدرەتلىك جەڭگىۋارلىققا ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس، ھەر مىللەت خەلق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن ئەمەس، ئورتاق تەرەققىيات ۋە گۈللىنىشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن ئەمەس، ۋەتىنىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىپ زورىيىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ھازىرقى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش داۋامىدا، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھاياتىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز، ھەرقايسى مىللەتلەر جاپا - مۇشەققەت ۋە راھەت - پاراغەتتە بىرگە بولۇشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئىشلىرىمىز گۈللەپ ياشنايدۇ ۋە مۇشۇ ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنى تەقدىم قىلغان ئىنقىلابىي ئەجدادلارغا يۈز كېلەلەيمىز!

ل. مۇتەللىپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئوغلى، بىز ئۇنى ئۈلگە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن بارلىق كۈچىمىزنى تەقدىم قىلىشىمىز كېرەك!

ئاخىرىدا مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىرى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز

### پېشقەدەم بالىلار ئەدەبىياتى يازغۇچىسى
### تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن



تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن 1934 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە دۇنياغا كەلدى. 1941 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە غۇلجا شەھىرىدىكى ئۈمىد مەكتىپىدە، 1949 - يىلدىن 1951 - يىلغىچە ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى ئىلى بىلىم يۇرتىدا ئوقۇدى. ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشى ئەنە شۇ چاغلاردا — ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن چاغلىرىدا باشلاندى. ئۇنىڭ بۇ قىزىقىشىغا، بىر تەرەپتىن، مەكتەپتىكى ئەدەبىي پائالىيەتلەر، يەنە بىر تەرەپتىن، دادىسىنىڭ كىتابخۇمارلىقى، مومىسى بىلەن تاغىسى ئېيتىپ بەرگەن چۆچەك، قوشاق، تېپىشماقلار سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ تاغىسى چۆچەك ھەم ناخشا ئېيتىشقا ئۇستا ئىدى. ئۇ بەرەر چۆچەك ياكى داستان ئېيتسا، ئۇنىڭ بېيىت، قوشاقلىرىنى ئاھاڭلىرى بىلەن قوشۇپ ئېيتاتتى. ئۇنىڭ دادىسى ئوغلىنىڭ ئەدەبىياتقا قىزىقىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا قىزىقارلىق كىتاب ياكى گېزىت - ژۇرناللارنى ئوقۇپ بېرەتتى. تۇرسۇنمۇھەممەتمۇ دەرسلىرىنى تەكرارلاپ بولۇپلا دادىسى بەرگەن كىتابلارنى، شۇ چاغلاردا غۇلجىدا چىقىدىغان گېزىتلەرنى، «كۈرەش»، «ئىتتىپاق» ژۇرناللىرىنى ھەمدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن «شەرق ھەقىقىتى»، «قازاق ئىلى» («يېڭى ھايات») قاتارلىق ژۇرناللارنى ئۈزمەي كۆرۈپ تۇراتتى، كۆڭلىگە ياققان بەزى ئەسەرلەرنى يادلاپمۇ ئالاتتى. ئۇ، ئۇيغۇر، ئۆزبېك تىللىرىدا نەشىر قىلىنغان كىتابلارنى ئوقۇش ئارقىلىق پۇشكىن، چېخوۋ، گوركى، ئوستروۋسكى، مارشاك، مىخالكوۋ، خەمىت ئالىمجان، غوپۇر غۇلام، ئۆمەر مۇھەممەدى، قۇددۇس مۇھەممەدى، زەپەر دىيار قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ بىلىم ئۇپۇقىنى كېڭەيتىپ، ئەدەبىياتقا، بولۇپمۇ شېئىرىيەتكە بولغان ھەۋىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەزى شېئىرلارنى مەشىق سۈپىتىدە يېزىپ، ئۆزىنى سىناپ كۆردى. ئۇنىڭ ئاشۇنداق يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ بىر نەچچىسى 1948 - يىلى غۇلجا ئۈمىد مەكتىپىدە تەييارلانغان «ئوقۇغۇچىلار ئەستىلىكى» ناملىق ئەدەبىي ئەسەرلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ «چاۋشىيەن ئوغلىغا» ناملىق شېئىرى 1951 - يىلىنىڭ بېشىدا تۇنجى قېتىم مەتبەئەدە — «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. ئەدەبىياتقا بولغان ئوتتەك ھەۋەس ۋە دەسلەپكى ئىجادىي

ئىزدىنىشلەر ئۇنىڭ 1951 - يىلى 2 - ئايدا شىنجاڭ شۆيۈەنىدە ئېچىلغان تىل - ئەدە-
بىيات فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرىشىگە تۈرتكە بولدى، بىراق شۇ چاغدىكى خىزمەت ئېھ-
تىياجى ئۇنىڭ بۇ بىلىم ئۇچىقىدىكى ئوقۇشىنى يېرىم يولدا ئۈزۈپ قويدى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ 1951 - يىلى 9 - ئايدا يەكەن دارىلمۇئەللىمىنىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلىنىپ،
ئۇ يەردە 1952 - يىلى 7 - ئايغىچە ئىشلىدى. 1952 - يىلى 9 - ئايدىن 1953 - يىل-
نىڭ بېشىغىچە شىنجاڭ بيۇروكادىرلار مەكتىپىنىڭ 3 - قارارلىق كۇرسىدا ئوقۇدى. خىز-
مەت ئېھتىياجى بىلەن بۇ مەكتەپتىمۇ ئوقۇش پۈتتۈرەلمەي، ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2 -
دارىلمۇئەللىمىنىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەيىنلەندى. 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1954 -
يىلىنىڭ باشلىرىغىچە جۇڭگو خەلقىنىڭ چاۋشيەندىن هال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە
چاۋشيەنگە بېرىپ، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىملىرى ۋە چاۋشيەن خەلق ئارمىيىسى-
دىن هال سوراش پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇ قۇتلۇق سەپەر جەريانىدا قايناق ھېسسىيات
بىلەن تولغان بەزى شېئىر ۋە ماقالىلەرنى يازدى. ئۇ 1954 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر دەرسلىك بۆلۈمىدە ئىشلەشكە كىرىشتى ھەمدە بۇ يەردە
پېشقەدەم مۇھەررىرلەر بىلەن سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ياردىمىدە گراممېتىكا ۋە
ئوقۇش كىتابلىرىنى تۈزۈشكە قاتناشتى. ئۇ خىزمەت جەريانىدا ئوقۇش كىتابلىرىغا
كىرگۈزۈلىدىغان تېكىستلارنىڭ، بولۇپمۇ بالىلارغا بېغىشلانغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ
بەزىدە ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلدى. ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ يېتىشمەس-
لىك تۇرسۇنمۇھەممەتنى بالىلار ئۈچۈن شېئىر يېزىشقا ئىلھاملاندۇردى. ئۇ ئەينى يىل-
لاردا بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيەتلىرىنى تېخى پۇختا ئىگىلىمىگەن
بولسىمۇ، لېكىن دادىللىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، «داھىيغا»، «ماي خاتىرى-
سى»، «مېنىڭ جان دوستۇم» قاتارلىق بىر تۈركۈم شېئىرلارنى يازدى. ئۇنىڭ بۇ شې-
ئىرلىرى دەرسلىكلەرگىمۇ كىرگۈزۈلدى. بۇ نەتىجە ئۇنىڭغا زور ئۈمىد ۋە ئىلھام
بېغىشلىدى.

مەلۇمكى، بالىلار ئۈچۈن ئەسەر يازماق ئوڭاي ئىش ئەمەس. تۇرسۇنمۇھەممەت
پەخىرىدىن ئەۋلادلارنى گۈزەل تۇيغۇغا ئىگە قىلىش، ئۇلارغا نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ
يامان ئىكەنلىكىنى ئەدەبىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق بىلدۈرۈش ۋە ئۇلارنى مەنىۋى ئوزۇق-
قا ئىگە قىلىشنى ئۆزىنىڭ شەرەپلىك بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتى دەپ قاراپ، تەربىيىلى-
نىشنى كۈچەيتتى، بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تىرىشىپ ئىگىلىدى، بالىلارنىڭ
پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، بالىلارنىڭ دىتىغا ياقىدىغان،
قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىش يولىدا جاپالىق
ئىزدەندى.

تۇرسۇنمۇھەممەت پەخىرىدىن هازىرغىچە 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، مەسەل،
ناخشا تېكىستى، سۆز ئويۇنى ۋە بالىلادا؛ 30 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، ئەسلىمە،
ئوبزور ۋە ماقالە يازدى. ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىمۇ 50 پارچىدىن ئاشىدۇ. ئاساسەن
بالىلار ئۈچۈن يېزىلغان بۇ ئەسەرلەر ھەر خىل ئەدەبىي توپلاملارغا، دەرسلىكلەرگە

كىرگۈزۈلدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئۇنىڭ 1980 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «قىزىل گالستۇك» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا، بىر قىسمى 1983 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «بىلىم ئىشقىدا» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا، يەنە بىر قىسمى 1985 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئىناق دوستلار» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يازغان شېئىرلىرى 1988 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «سالام، بالىلار» ناملىق توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ بىر قىسىم يېڭى ھەم تاللانغان شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن «مەن سۆيگەن بۇلاقلار» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1993 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنماقچى.

ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىر، ماقالىلىرى خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. بىر قىسىم شېئىرلىرى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە چىقىدىغان قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز تىللىرىدىكى گېزىتلەرگە بېسىلدى، ئەدەبىي توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى.

بالىلار ئەدەبىياتى باغچىسىدا 40 نەچچە يىلدىن بۇيان جاپالىق ئىجادىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان بۇ پېشقەدەم شائىر 1990 - يىلى نەشردىن چىققان «جۇڭگو ئەدەبىيات قامۇسى»، «ھازىرقى زامان جۇڭگو يازغۇچىلىرىنىڭ كاتالوگى» ۋە باشقا لۇغەتلەردە تونۇشتۇرۇلدى. ئۇنىڭ «تىنىش بەلگىلىرى سۆھبەتتە»، «مېنىڭ جان دوستۇم»، «ئىناق دوستلار»، «زور بەخت، مۇھىم مەسئۇلىيەت»، «بوۋامنىڭ ھېكايىسى»، «ماۋ زېدۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى»، «فىلىمنىڭ ئىجتىمائىي رولى» قاتارلىق شېئىر ھەم ماقالىلىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1 -، 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. «ياردەم» ناملىق شېئىرى 1980 - يىلى مەملىكەتلىك بالىلار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ھەمدە شۇ يىلى ئېلىپ بېرىلغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە پەخرىي مۇكاپاتقا، «ئىناق دوستلار» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 1990 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان بالىلار ئوقۇشلۇقلىرىنى باھالاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئىگە بولدى.

تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن خەنزۇ، قازاق، ئۆزبېك تىللىرىدىن تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەردىن «پۇشكىن ھاياتى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى»، «ھالقا» قاتارلىقلار ئايرىم - ئايرىم كىتاب بولۇپ نەشر قىلىندى. ئۇ تەرجىمە قىلغان ئىككى پارچە شېئىر 1983 - يىلى «كۆۋرۈك» ژۇرنىلى تەرىپىدىن 3 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر تەرجىمە ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن 1954 - يىلدىن تا ھازىرغىچە نەشرىياتچىلىق، تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە. ئۇ بۇقىدرىق يىل جەريانىدا ھەر خىل تۈردىكى ئىجادىي، تەرجىمە ئەسەرلەرنى ۋە دەرسلىكلەرنى تۈزۈش، تەھرىرلەش،

بېكىتىش ئىشلىرىغا، جۈملىدىن ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرىنىڭ 3-، 4 - توملىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا تەھرىرلەش، نەشىر قىلىش خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. ئۇ مەلۇم مەزگىل «ئالغا» ژۇرنىلىنىڭ ماقالىلىرىنى تەھرىرلەش، مەتبەئەگە يوللاش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى. 1976 - يىلدىن تارتىپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا ئەدەبىيات - سەنئەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، كېيىنچە ئىجادىيەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. 1980 - يىلدىن باشلاپ بالىلار كىتابلىرى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەپ كەلدى. ئۇ ئەينى چاغدا بالىلار ئۈچۈن بىرەر ئۇنىۋېرسال ژۇرنال ياكى مەجمۇئە چىقىرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆزدە تۇتۇپ، «تارىم غۇنچىلىرى» دېگەن نام بىلەن قەرەلسىز ژۇرنال چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قوش ئايلىق ژۇرنال — «تارىم غۇنچىلىرى» دۇنياغا كەلدى. بۇ ژۇرنال كېيىن ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەردى. تۇرسۇنمۇھەممەت بۇ ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

ئۇنىڭ 1954 - يىلدىن ھازىرغىچە تەھرىرلەپ مەتبەئەگە يوللىغان كىتابلىرىنىڭ سانى 200 گە يېتىدۇ. ئۇ تەھرىرلىگەن كىتابلاردىن «تەدبىرلىك بالا» 1987 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئېلىپ بېرىلغان باغچە بالىلىرى كىتابلىرىنى باھالاشتا 3 - دەرىجىلىك تەھرىرلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇنىڭدەك «ئىزدىنىش» رومانىنىڭ 1- قىسمى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»نىڭ 1-، 2 - قىسىملىرى، «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى»، «نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى» ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئىگە بولدى. «كىتابلارنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاشتا مۇھەررىر بىلەن كوررېكتورنىڭ رولى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى 1993 - يىلى مەملىكەت بويىچە تاللانغان ماقالىلەر قاتارىدا كىرگۈزۈلۈپ، جۇڭگو نەشرىيات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى. ئۇنىڭغا 1983- يىلى كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانى بېرىلدى. ئۇ 1980 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، 1982 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمۈرلەر پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ فۇداۋيۇەنى بولدى. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ خەلق ئەدەبىيات - سەنئىتى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى بالىلار ئەدەبىياتى خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم تەييارلىغان

## ئەدەبىي ئوبزورچى ئەنۋەر ئابدۇرېھىم



ئەنۋەر ئابدۇرېھىم 1943 - يىلى 9 - ئايدا بورتالادا ئۇششاق قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ مەكتەپ تەربىيىسىنى بورتالا، سۇيدۇڭ، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا ئالغان. 1956 - يىلى ئۇلارنىڭ ئائىلىسى كۆكتوقاي كان رايونىغا كۆچۈپ بارغان. ئەينى يىللاردا ئۇ يەردە ئوتتۇرا مەكتەپ بولمىغاچقا، ئائىلىدە ئۇنى دادىسى ئوقۇتقان. 1958 - يىلىدىن 1961 - يىلغىچە كۆكتوقاي كان رايونىدا ئېچىلغان ئوتتۇرا دەرىجىلىك كان تېخنىكومىدا ئوقۇغان. 1961 - يىلىدىن 1979 - يىلىغىچە كۆكتوقاي كان رايونىغا تەۋە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1979 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە ئالتاي 3 - كان پەرزەنتلەر مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئالمىشىپ كېلىپ، ھازىرغىچە «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەتكە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ئەدەبىيات - سەنئەت ئوبزورچىلىقى ساھەسىدە جاپالىق ئىزدىنىپ، مەلۇم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ئۇنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەتكە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىشىغا، بولۇپمۇ ئەدەبىي ئوبزورچىلىق كەسپىنى تاللىشىغا ئاتا - ئانىسىنىڭ تەسىرى، كىتابخۇمارلىقى ۋە ئۇزۇن يىل تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى سەۋەب بولدى.

ئۇنىڭ دادىسى ئوتتۇز ئىككى پارە قۇرئاننى ياش چېغىدىلا پۈتتۈرگەنىدى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «ئابدۇرېھىم قارىي» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن سازەندە ئىدى. ئۇنىڭ تەمبۇرىدىن ياڭرىغان مۇڭلۇق سادا بىلەن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان جاراڭلىق ناخشىلىرى ئەنۋەرنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالاتتى. ئاپىسى ھاجىخانىمۇ ناخشا بىلەن سازغا ئامراق ئايال ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھەم قايغۇلۇق، ھەم كۆڭۈللۈك كەچۈرمىشلىرىنى قوشاققا قېتىپ، سورۇنداشلىرىنى يىغلىتىشنىمۇ، كۈلدۈرۈشنىمۇ بىلەتتى. ئاتا - ئانىسىنىڭ مۇشۇنداق ماھارىتى ئۇنىڭ يۇمران قەلبىگە ئەدەبىيات - سەنئەتكە بولغان مۇھەببەت ئوتىنى بىلىندۇرمەي ياققانىدى.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم كىچىك چاغلىرىدا رەسىم سىزىشقا، چۆچەك ئاڭلاشقا، كىتاب ئوقۇشقا ئامراق ئىدى. ئايبېكنىڭ «قۇتلۇق قان» ناملىق رومانى ئۇ تۇنجى قېتىم ئوقۇغان يىرىك ئەدەبىي ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ بورتالادا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيتتى. بۇ رومان ئۇنى بىردىنلا كىتابخۇمار قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى كۆكتوقاي كان رايونىدا تۇرغان يىللار ئۇ كىتاب ئوقۇشقا ئەڭ قاتتىق بېرىلگەن يىللار بولدى.

كۆكتوقاي كان رايونىدىن ھەرخىل ئېسىل مەدەنلەر چىقىدۇ. ئەنۋەر بىكار چاغلىرىدا دوستلىرى بىلەن بىللە مەدەن تېرىپ ساتاتتى. تاپقان پۇللىرىنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا دادىسىغا بېرىپ، قالغىنىغا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن ئەدەبىي كىتابلارنى سېتىۋالاتتى. ئۇ ئائىلىدە دادىسى ئۆتكەن دەرسلەرنى تەكرارلاپ بولغاندىن كېيىن بېرىلىپ كىتاب ئوقۇشنى مەسىلىسىز راھەت ھېسابلايتتى. كىتابقا مۇشۇنداق چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاش ئۇنى بەدىئىي ئەسەرلەر ئۈستىدە ئويلىنىش، تەھلىل ئېلىپ بېرىش، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئەدەبىيات ھەققىدىكى بىۋاسىتە بىلىمىنى بارغانسېرى چوڭقۇرلاشتۇردى.

كۆكتوقاي كان رايونىدا ئېچىلغان كان تېخنىكۇمىدا تۆت يىلغا يېقىن ئوقۇش جەريانىدا ئۇ نۇرغۇن پەنلەر، جۈملىدىن خەنزۇ تىلىنى ئۆگەندى. ئوقۇغان كىتابلاردىن، كۈندىلىك ھاياتتىكى ئەھمىيەتلىك ئىشلاردىن خاتىرە يېزىش ئادىتىنى يېتىلدۈردى، بۇ ئادەت ئۇنىڭ پىكىر قىلىش ۋە ئىپادىلەش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە ئاجايىپ ئۈنۈملۈك ياردەم بەردى.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم 1961 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە كۆكتوقاي، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ يۇقىرى يىللىقلىرىغا تىل - ئەدەبىيات دەرسى ئۆتتى. 20 نەچچە يىللىق ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىشنى باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇتۇپ، ئېلىمىزنىڭ ھەم سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت نەزەرىيىسى بىلەن بىرقەدەر پىششىق تونۇشۇپ چىقتى.

ئۇ 1958 - يىلى «شىنجاڭ پىئونېرلىرى» گېزىتىگە بېسىلغان «ئارزۇيۇم» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىجادىي پائالىيىتى مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكىگە ئۇزۇل - كېسىل خاتىمە بېرىلگەن يىللاردا باشلاندى. ئۇنىڭ ئاشۇ يىللاردا يېزىلغان «يۇقىرى تەلەپ توغرىسىدا»، «ئابروي توغرىسىدا»، «سىنىپ تەربىيىچىلىك خىزمىتى توغرىسىدا»، «ياشلار چەت ئەل كىنولىرىغا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشى كېرەك»، «تېما ھەممىنى بەلگىلەيدۇ، نەزەرىيىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتى» قاتارلىق ماقالىلىرى «تارىم»، «شىنجاڭ مائارىپى»، «شىنجاڭ ياشلىرى» قاتارلىق ژۇرناللاردا كەينى - كەينىدىن ئېلان قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىش، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئەڭ نوپۇزلۇق ئەدەبىي ژۇرنال — «تارىم» دا تەھرىرلىك

خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۇنىڭ ئىجادىي ھاياتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. «ئەدەبىي ئىجادىيەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك توغرىسىدا»، «ئىنسان خاراكتېرى قېلىپقا چۈشەمدۇ؟»، «نۆۋەتتە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىز دۇچ كېلىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا ھېس قىلغانلىرىم»، «خەلقىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان ئوبراز»، «شېئىردا پىكىر بولامدۇ؟»، «ئەدەبىيات ۋە ئىسلاھات»، «تىپىك خاراكتېر يارىتىش — رومان ئىجادىيىتىدىكى ھالقىلىق مەسىلە»، «ئەدەبىياتنىڭ تەربىيىۋى رولىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ» قاتارلىق ئوبزورلىرى ئۇنىڭ مۇشۇ يىللاردىكى ئىجادىي ئىزدىنىشلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ ئەسەرلەردە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئېستېتىك قاراشلىرى، ئىجادىي پىكىرلىرى بىرقەدەر كەڭ ھەم چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا 30 يىلدىن ئاشتى. ئۇ بۇ جەرياندا 200 پارچىگە يېقىن ئىلمىي، نەزەرىيىۋى ماقالە ھەم ئەدەبىيات-سەنئەت ئوبزورى، 70 پارچىگە يېقىن نەسر، شېئىر ۋە ھېكايە يازدى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى خەنزۇ، قازاق تىللىرىدىن 30 پارچىگە يېقىن ئوبزور، شېئىر ھەم ھېكايىنى تەرجىمە قىلدى. ئۇنىڭ «قازاق خەلقىنىڭ ئالاھىدە سەنئەت شەكلى — ئاقىنلار ئېيتىشىشى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى 1985 - يىلى 7 - ئايدا «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 3 - دەرىجىلىك «سەنئەت غۇنچىسى» مۇكاپاتىغا، «ئەدەب، ئەسەر ۋە باھا» ناملىق ئەدەبىي ئوبزورى 1985 - يىلى 12 - ئايدا «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئوبزور مۇكاپاتىغا، «ئىجادىيەت ۋە ئىجادىيەتچى» ناملىق ئوبزورلار توپلىمى 1990 - يىلى 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېلىپ بېرىلغان يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى باھالاش پائالىيىتىدە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئوبزورلار توپلىمى مۇكاپاتىغا، «خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان ئوبراز» ناملىق ئوبزورى 1991 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە قانات يايدۇرۇلغان كىنو ئوبزورلىرى يېزىش مۇسابىقىسىدە مۇنەۋۋەر كىنو ئوبزورى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. 10 نەچچە پارچە نەسر ھەم ئوبزورى خەنزۇ، قازاق، قىرغىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، گېزىت - ژۇرناللارغا بېسىلدى. بىر تۈركۈم ئوبزورلىرى ھەرخىل توپلاملارغا كىرگۈزۈلدى. قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1987 - يىلى 4 - ئايدا ئۇنىڭ «ئىجادىيەت ۋە ئىجادىيەتچى» ناملىق ئوبزورلار توپلىمىنى نەشر قىلدى. ئۇنىڭ «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت»، «ئەدەب، ئەسەر ۋە باھا»، «ۋاپادارىم، مېنى كەچۈرگىن» ناملىق نەسر ۋە ئوبزورلار توپلىمى ھەم ئۇ تۈزگەن «‹تارىم› ۋە مەن» ناملىق كوللېكتىپ ئوبزورلار توپلىمى ھەرقايسى نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم ئۇزۇن يىللىق ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا باشتىن - ئاخىر ئىلمىي بولۇشنى؛ يېڭى كۆز قاراشلارنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشنى، نورمال ساغلام ئىلمىي مۇھاكىمىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانات يايدۇرۇشنى،

كونا ئادەت كوچىسىگە، ئەنئەنىۋى قائىدىلەرگە ياكى تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىبلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇئەييەن نۇقتىئىنەزەرلەرگە باغلىنىپ قالماسلىقنى، ئىجادىيەتچىلەرگە قاتتىق تەلەپ قويۇش بىلەن كۈچلۈك ئىلھام بېرىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈشنى، مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئومۇملۇقىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىشنى، ياش كۈچلەرنى، يېڭىدىن بايقالغان ئىجادىي بىخلارنى يۆلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلمەكتە.

ئۇ ھازىر «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئوبزورچىلىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت گېزىتى»نىڭ تەھرىر ھەيئىتى.

سارەم ئىبراھىم تەييارلىغان

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ كېلەر يىللىق سانلىرىغا مۇشتىرى بولۇش ۋاقتى كېلىپ قالدى. ژۇرنالنىڭ 1994 - يىللىق سانلىرى سىزنى تېخىمۇ سۈپەتلىك بەدىئىي ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. يېڭى بىر يىلدا ژۇرنالنىڭ سەھىپىلىرى تېخىمۇ رەڭدار، تېخىمۇ جانلىق تۈس ئېلىپ، سىزنىڭ كۆپ قاتلاملىق مەنىۋى ئېھتىياجىڭىزنى قاندۇرىدۇ. ژۇرنالغا مۇشتىرى بولۇش پەيتىنى قولدىن بېرىپ قويماڭ. سەمىڭىزدە بولسۇنكى، پوچتىخانىلار ژۇرنىلىمىزغا 1 - نويابىردىن باشلاپ مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ. ژۇرنىلىمىزغا ھەرقايسى پەسىللەرنىڭ بېشىدىمۇ مۇشتىرى بولۇشقا بولىدۇ. ژۇرنالنىڭ ئايلىق باھاسى 2.20 يۈەن. پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 — 58

# مەسەل، يۇمۇر، لەتىپە

ئىسمائىل ئېلى

## ئىككى مەسەل

### ساقال بىلەن قاش

ساقال دەپتۇ بىر كۈنى قاشقا:
— سوراپ باقاي، غەرەز يوق باشقا.
يا ئۆسمىدىڭ، ياكى چۈشمىدىڭ،
بىر جايدىلا تۇردۇڭ، كۆچمىدىڭ،
بۇرۇختۇم بوپ زېرىكمىدىڭمۇ؟
بۇ قىسمەتكە تېرىكمىدىڭمۇ؟
جاۋاب بېرىپ دەپتۇ ئاڭا قاش:
— ياخشى ئاڭلا سۆزۈمنى ئاداش.
قالايمىقان ئۆسۈپ يۈرمەيمەن،
ئۆزۈمچىلا چۈشۈپ يۈرمەيمەن.
ئۆز رولۇمنى ئوبدان ئاتقۇرۇپ
بارغاچ ئىگەم قالدى ياقتۇرۇپ.
شۇندا ساقال ئاچچىقلاپ قاتتىق،
دەپتۇ، سېنىڭ نىيىتىڭ باشقا.
ئەسلى سېنى ئىلمايتتىم كۆزگە،
جورىمايتتىم ئېغىزىمنى سۆزگە.
مەن ساقالنىڭ ئالدىدا سەن بىر
كۆرۈنسەن ئارتۇقچە، قىڭغىر.
مېنىڭدە بار جۈرئەت ئۆتكۈرلۈك،
كۆرسىتىمەن ئىگەمنى سۈرلۈك.
ئۆتكۈزىمەن تۆرگە ھەر جايدا
ئىگەم كۆرەر مەندىن كۆپ پايدا.
قاش بىچارە ھالىڭغا باققىن،
سايەمدە سەن كۈن ئېلىپ ياتقىن.
مېنى ئاتاپ ھۆرمەتلىك ساقال،
غۇلام بولۇپ خىزمىتىمدە قال.
قاش ئەلەمدىن تىترەپ كېتىپتۇ،
ساقالغا ئۇ شۇنى ئېيتىپتۇ:
— بىلىپ قويغىن، ئەي ساقال تۆرەم،
سەنغۇ ئەسلى كۆرۈمسىز، سۆرەم.
چۈشەنمەيسەن ئەسلا ئۆزۈڭنى،
ئاڭلا يوغان ئېچىپ كۆزۈڭنى.
يالغان سۆزلەش ئەمەسمۇ ئۇيات،
پو ئاتساڭمۇ ئىشەنگۈدەك ئات.
چاڭگاك بولۇپ ئۆسىمەن دېسەڭ،
تاقەت قىلماس ئىگەم يول بېرىپ،
تۇرار پات - پات قايچىلاپ، قىرىپ.
بېرىۋەرسە ساڭا يول - ئورۇن،
بولاتتىڭغۇ ئىگەم بىر مايمۇن.
ئۇستىرىدىن ئايرىلماس شۇڭا،
بۇ جازامۇ، مۇكاپات ساڭا؟
مەن تۇرىمەن كۆزنىڭ ئۈستىدە،
ئۇزلۇق بېرىپ ئىنسان ھۆسنىگە.
قىزلار مېنى مۇھىم بىلىدۇ،
ئوسما قويۇپ پەرۋىش قىلىدۇ.
قاش ئۆستى دەپ ئىگەم نالىماس،
قاشسىزلىقنى ھېچكىم خالىماس...

### قارىغاي ۋە يانتاق

چۈشۈپ يامغۇر كۆكتىن شارقىراپ،
قارىغاينى يۇيۇپتۇ تاراپ.
ھايال ئۆتمەي ياشىرىپ تېنى
ھەم غولىدا كۆپەيدى قېنى.
شۇندا ئۇنىڭ دىلى يايرىدى،
يانتاق ئاڭا دەردلىك قارىدى:

— قارىغاينى پەپەلەر زېمىن،
بىراق مەنچۇ تاپمايمەن ئەمىن.
ئۇ ياپيېشىل، ياپياش تۇرىدۇ،
تەن ياپرىقىم ئوڭاي سولىدۇ.

ئۇ بەك ئەزىز، مەنچۇ خار، بىشەك،
نابۇت قىلار يەپ مېنى ئېشەك.
قارىغاي شاد، چېكىمەن ئەلەم،
نېچۈن تەڭسىز ياراتتىڭ ئىگەم؟!

مەھەممەتئەيسا قۇربان

## ياقىمدى

(ساتىرا)

باشلىقنىڭ كاتىپى سۆز يازدى،
قۇر، پەشلەر جايىدا ئۇز يازدى.
زەھبەرنى قىينىماي دېدى ئۇ،
مەزمۇننى ئەگمەتمەي تۈز يازدى.

باشلىق ئېپ قولغا دەڭسىدى،
قولىنى جىلى قىلىپ تەڭشىدى.
سېزىلدى دوكلات بەك يەڭگىل،
«بىر كۈنگە يەتمەيدۇ...» — غوڭشىدى.

بەت سانى ئەللىككە يەتكەندە،
مەزمۇنمۇ خوشلىشىپ كەتكەندە.
پۈتتى بۇ دوكلات «زەپ ئېخچام»
ئىش ۋاقتى ۋەسسالام ئەتكەندە.

ئەللىك بەت سۆزنى ئۇ، ئاز كۆردى،
گوياكى ھوسۇلسىز ياز كۆردى.
چارەكلەپ دان ـ قوناق يەيدىغان،
خوددى بىر تۇخۇمسىز غاز كۆردى...

كۆرسەتتى تولۇپ ئۇ شادلىققا،
يېزىنىڭ كاتتىبېشى باشلىققا.
ئويلىدى: بۇ دورەم يازغىنىم،
ئىگىدۇر ئېخچاملىق خاسلىققا.

ياقمىسا بۇ باشلىق دەۋرگە،
يەتمىسە ۋاقتىنىڭ قەدرىگە.
قۇرۇق سۆز ئەۋج ئالسا، ئىش ئاقماي،
كىم يېتەر دېھقاننىڭ دەردىگە...

ياسىن يۈسۈپ (كورسانت)

## مۇئاۋىن تاللاش

(مەسەل)

شىر بولۇپلا ئورمانلىقتا پادىشاھ،
يېڭى مەنسەپ ئۇتقىنىغا يارىشا.
ئۆزىگە بىر مۇئاۋىننى تاللىدى،
ئۆز كۆڭلىدە نەچچە يىلەننى شاللىدى.
كۈلدى ئاڭلاپ بۇ خەۋەرنى شاختىكى تېيىن:

—ھە، ھەھە، بۇ ئىش ئەمەس ئۇندى ئانچىلا قىيىن،
تۇرىسەنغۇ غەزەپلەنمەي بۇنىڭغا يولۋاس؟
سەن ئەمەسمۇ بۇ ئورۇنغا مۇۋاپىق ۋە ماس.
—ھەي ئاق كۆڭۈل تېيىن بولما بەك سەبىي، نادان،

زامانغا باق، بۇ ئىش ئەمەس ئانچىلا ئاسان.
شىر تەكلىپ بېرىپ تاللاپ بولدى تۈلكىنى،
قايرىپ قويۇپ قارشىلىقنى، شاگخو-كۆلكىنى.
— دەپ باققىنە، تۈلكە سەندىن نېمىدە ئارتۇق؟
— كۆرمىدىڭمۇ، بار ئۇنىڭدا ئەپچىل بىر قۇيرۇق.
— قۇيرۇق دەمسەن، ئۇنداق قۇيرۇق نېمىگە ئۇلگە؟
— ۋەزىپىسى گاھ يەلپۈگۈچ، گاھى سۈپۈرگە.
— ھارامزادە تۈلكىۋاي-زە، لەببەيلەپ يۈرۈپ،
بەخۇت شىرنى بىر تەرەپتىن پۈۋلەپ ۋە يەلپۈپ،
قېقىپ شىرنىڭ چاپىنىنى، يولنى سۈپۈرۈپ،
تۇراركەن-دە، ئەگرى ماڭسا ئىزنى ئۆچۈرۈپ.

* *

بەزىلەر بار شۇنداق تاللايدۇ
ياخشىلارنى يەكلەپ، شاللايدۇ...

**شۈكۈر يالقىن**

# يېڭى لەتىپىلەر

## ئۆزى تاپقان پۇل

موللا نورۇز بىر دوستىغا ئۆز ئايالىدىن شىكايەت قىلىپ بېرىپتۇ:

— قارىماسىلە ئاداش، بىزنىڭ خوتۇن باشقا خوتۇنلارنى دوراپ، ھەربىر ئولتۇرۇشقا 150 يۈەندىن پۇل ئېلىپ بارىدىغان زىياپەتكە قاتنىشىپ، ئۇنىڭسىزمۇ ئاران بېقىۋاتقان ئائىلىنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان بولدى.

— بۇنىڭ نېمىسى يامان. بۇ پۇل خەقنىڭ گەدىنىدە قالمايدۇ. زىياپەت نۆۋىتى ئۆز ئايالىڭغا كەلگەندە باشقىلارمۇ پۇل ئەكىلىدۇ. مەسىلەن، ئون ئايال بولسا، 1500 يۈەن لوقىلا كىرىدۇ ئەمەسمۇ. شۇنداق ئاددىي ھېسابنىمۇ بىلمەمسىلە؟ — دەپتۇ دوستى چۈشەندۈرۈپ.

— ۋاي، — دەپتۇ موللا نورۇز، — مۇنداق ھېسابنى تازا بىلىمەن. ئالىي ماتېماتىكا ئوقۇمىغىنىم بىلەن، تۆت ئەمەلنى ئېزىپ ئىچىۋەتكەن دەڭلا. مېنىڭ غېمىم باشقا يەردە.

— يەنە قانداق غەم، پۇل قايتىپ كەلسىلا بولدى ئەمەسمۇ؟

— ھەي... سىلى ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدىكەنسىلە، — دەپتۇ موللا نورۇز، — ھەر ئايدا زىياپەتكە ماڭغان 150 يۈەن ئائىلىنىڭ پۇلىدىن ماڭىدۇ. لوق بولۇپ قايتىپ كەلگەن 1500 يۈەن خوتۇنىنىڭ زىياپەت ئويناپ تاپقان شەخسىي پۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ يانچۇقىغا چۈشۈپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟! ھېساباتنىڭ ئەڭ خەتەرلىك يېرى بۇياقتا تۇرسا!

## بىرى توغرا، بىرى خاتا چىقىدۇ

ئايالىنى كەلسە-كەلمەس ماختاۋېرىدىغان بىر كىشى موللا نورۇزغا دەپتۇ:

— بىزنىڭ خوتۇن ھەممىنى ئالدىدىن بىلىدىغان كارامەتچى خوتۇن-دە.

— مەسىلەن قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ موللا نورۇز.
— ئاسمانغا بولۇت چىقسىلا ئۇ: بۈگۈن يا ياغىدۇ، يا ياغمايدۇ، — دەيدۇ. ئۇنىڭ دېگىنى توپتوغرا چىقىپ، دەل شۇ كۈنى يا ياغىدۇ، يا ياغمايدۇ — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.
— پاھ، قالتىسكەن، — دەپتۇ موللا نورۇز، — لېكىن بىزنىڭ خوتۇن ئۇنىڭدىنمۇ قالتىس كارامەتچى. ئۇنىڭ ھامان بىر گېپى توغرا، ئىككىنچى گېپى خاتا چىقىدۇ.
— مەسىلەن قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى كىشى.
— مەن ئاغرىپلا قالسام، خوتۇنۇم: مۇشۇ كېسەلدىن يا ئۆلىسىز، يا ساقىيىسىز، — دەيدۇ. ئەجىلىم يېتىپ ئۆلۈپ كەتسەم، خوتۇنۇمنىڭ بىرىنچى گېپى توغرا چىقىدۇ. ئەگەر ساقىيىپ قالسام، سىزگە ئوخشاش خوتۇنۇمنى ئورۇنسىز ماختاپ قويغىنىم ئۈچۈن نومۇستىن ئۆلۈپ كېتىمەن. دېمەك، خوتۇنۇمنىڭ ئىككىنچى گېپى خاتا چىقىدۇ! — دەپتۇ موللا نورۇز.

## دوزاخقا كىرىدۇ

بىر چوڭ ئائىلە باشلىقى موللا نورۇزدىن سوراپتۇ:
— قانداق قىلغاندا ئىككى كېلىن بىردەكلا جەننەتكە كىرەلەيدۇ؟
— ئىككى كېلىنىڭ بىردەكلا جەننەتكە كىرەلىشىگە كۆزۈم يەتمەيدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيمەن، — دەپتۇ موللا نورۇز، — لېكىن ئىككى كېلىن بەس-بەستە جاڭجاللىشىپ، ئاكا - ئۇكىنى بىر - بىرىدىن ئادا - جۇدا قىلىۋېتىلسە، ھەر ئىككىلىسى چوقۇم بىردەكلا دوزاخقا كىرەلەيدۇ.

## ھۆرمەت نەدە قالدى

بىرسى كۆيۈنگەن ھالدا مۇنداق دەپتىكەن:
— زادى ئاتا بىلەن مۇئەللىمنىڭ قەدرى - قىممىتى نەدە قالدى؟
— شائىرلارنىڭ شېئىرى بىلەن ئارتىسلارنىڭ ناخشىسىدا قالدى، — دەپتۇ موللا نورۇز.

## باشنىڭ يېرىلىشى

بىر بوۋاي ئوغلى تېپىپ كەلگەن نەرسىلەر بىلەن مەھەللىدىكى دوستلىرىنى مېھمان قىلىشقا ئامراقكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغلى ھېرىپ - ئېچىپ ئىشتىن كەلسە ئايالى ئەتكەن شورپىسىنى ئىككى تاۋاققا ئۇسۇپ، بوۋاينىڭ مېھمانلىرىغا ئەمدى چىقىرىپ

بېرىپ تۇرغانىكەن. ئاچ قورساق ئوغلىنىڭ جۇدۇنى تۇتۇپ، كۆسەينى كۆتۈرگىنىچە مېھمانخانىغا چىقىپ:

— قانداق ئىززا تارتمايدىغان قېرىلار سىلە، قېنى قايسى بىرىڭ شويلىغا قول سۇنۇدىكەنسەن، بېشىڭنى يارىمەن! — دەپ كۆسەينى پۇلاڭلىتىپتۇ.

ئەمدى تاماق يېيىشكە تەمشەلگەن مېھمانلار دەرھال قولىنى تارتىپ، جىم بولۇشۇۋاپتۇ. بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلگەن ئۆي ئىگىسى بوۋاي قولىغا ھاسىسىنى ئېلىپ پۇلاڭلىتىپتۇ:

— بۇ ئەخمەقنىڭ گېپى بىلەن قايسى بىرىڭ يېمەيدىكەنسەن، بېشىڭنى يارىمەن، — دەپ ھەيۋە قىپتۇ.

مېھمانلار تەڭلىكتە قېلىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر-بىرىگە قارىشىپتۇ.

شۇ سورۇندا بولغان موللا نورۇز:

— بولدىلا، — دەپتۇ، — شويلىنى يېسەكمۇ بېشىمىز يېرىلىدىكەن، يېمىسەكمۇ يېرىلىدىكەن. ھەر ھالدا ئاچ قورساق يېرىلغاندىن توق قورساق يېرىلغىنى ئەۋزەل. قېنى ئەمىسە، مەن باشلىدىم، بىسمىللا! — دەپ قولىنى تاۋاققا سۇنۇپتۇ.

بۇ گەپتىن ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. ھەممىدىن كۆپرەك كۈلگىنى ھېلىقى ئوغۇلنىڭ ئۆزى بوپتۇ. باشمۇ يېرىلماپتۇ، شويلىمۇ تۈگەپتۇ.

## تۆۋەنگە چۈشۈش

6 - قەۋەتتىكى مەجلىس زالىدىن پەلەمپەي ئارقىلىق ئاستا چۈشۈپ كېلىۋاتقان موللا نورۇزنىڭ قېرىلىقىغا ئىچى ئاغرىغان بىر كادىر ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلىۋېلىپ تۇرۇپ سوراپتۇ:

— ئۆزلىرى يۇقىرىدىن پەسكە چۈشۈشتە خېلى بىئارام بولىدىغانلا؟

— يوغىسۇ، — دەپتۇ موللا نورۇز، — ئېگىزگە چىقىشتا خېلى مالال بولىمەن، لېكىن تۆۋەنگە چۈشۈشتە ئۆزۈمنى يېنىك ھېس قىلىمەن. چۈنكى پېقىر زادى مەنسەپدار بولۇپ باققان ئەمەسمەن.



ئەخمەتجان ئىسمائىل

# كۆي تۆكىدۇ زىلتارلار

## كۆيۈشكە مەن قەرزدار، سۆيۈشلەرگە سەن

بىر ئىزگۇ ئارماندا ياندۇق تالاي يىل،
سىرلاردىن تۇغۇلدى چەكسىز يالتىراش.
بىر تىلەك ئىشقىدا پۇچۇلاندى دىل،
كۆڭۈللەر تۆرىگە يۆتكەلدى قۇياش.

بىر سۆيگۇ ۋەسلىدىن كەلدۇق قۇت تىلەپ،
ۋىسال دەپ تاڭلارغا بولۇشتۇق دىلدار.
كەچمىشلەر يىغلاشتى ئەسلىنى ئىزدەپ،
(قىسمەتلەر قىسمەتكە بەلكىم ھامىلدار).

ساداقەت شارابى تۇتتى چوغ لەۋلەر،
ئوت چاچتۇق دىللاردىن، كۆيدى گۇمانلار.
كۆلكىگە جاي بەردى جىسمى ئەلەملەر،
تارقىدى بۇتناشلار، ئۆچتى مانانلار.

چوغلاندۇق ھامانە تۇردۇق يىلىنجاپ،
يىگىنچە ئوت بەردى يىگى سۆيۈشلەر.
مېھىرلەر ئېلىشتى مەنزىلنى ئوراپ،
جۇپلىشىپ بىردىشتى مۇقەددەس چۈشلەر.

بىر غاپىل ھىس ئەمەس ئۆمۈر دىگەندە،
تىلسىملار سۆكىدۇ يۈرگەننى زارلاپ.
سۆيگۈلۈك قانغۇچە سۆيۈش كەلگەندە،
يەختىنىڭ تىگىنى مەھكەم قۇچاقلاپ.

ئارمانلار ياندۇ، ھايات ياندۇ،
چاقماقلار چاقنايدۇ تۈننىڭ قەھرىدە.
چاقناپلا ئۆچكەندىن ھەممە چاندۇ،
ئامەتلەر سەۋردە، كۆيۈش بەھرىدە.

بىر گۈزەل ئۈمىدكە پۈركەنگەنگۇ بار،
كۆڭۈلنى كۆل قىلار چەكسىز كەرەملەر.
سىزنىسەن ئۆزۈڭدە پۈتمەس ئىپتىخار،
ۋە لىكىن ئۈمىدنى يەيدۇ سەدۋەنلەر.

كەل، جىنىم، ئۆكسۈشۈپ قالمىسۇن لەۋلەر،
تۆكۈلگەن قەسەملەر سالار بىزگە زەن.
سۆيۈشتە لىۋەنلىك، لىۋەن ئۆمۈرلەر،
كۆيۈشكە مەن قەرزدار، سۆيۈشلەرگە سەن!

# كۈي تۆكىدۇ زىلتارلار...

1

چىق ئامرىقىم ھۇجراڭدىن چۈشلەر شېرىن بولسىمۇ،
دېرىزەڭنى چەكمەكتە ئاي نۇرلىرى بىتاقەت.
ئۆلۈپ كەتسۇن ئۇيقۇلار چۈشكە ۋىسال تولسىمۇ،
ئەسلىرىمگە نۇر بەرگىن، كۈيلىرىمگە لاتاپەت.

قۇچاقلىرىم قىزغىنار سېنى ئۆپكەن شامالدىن،
يىغلاپ قالغان ئاپەتلەر ياماشماقتا ناخشامغا.
چىقالمىدى قەدەملەر سەن ئۇزاتقان قامالدىن،
دەردمەنلىكىم بىھۇدە دەرد تۆكمەكتە ئاخشامغا.

بەزلەشلىرىڭ مۇمكىنسىز، ئۆتكەن دەملەر قايتمايدۇ،
ئىنتىلىشلەر بولالماس ئۆكۈنۈشكە زەررە رام.
كۆيۈشكە ۋە سۆيۈشكە ھېچكىم گۇناھ ئارتمايدۇ،
چىققىن چاپسان ئامرىقىم، كۆيۈك دىلغا بەر ئارام!

2

كۈي تۆكىدۇ زىلتارلار، كۈي تۆكىدۇ كائىنات،
كۈي باغرىدا مەۋجۇت بىز، مەۋجۇت ياشاش مۇھەببەت.
كۈي ئىلكىدە تەۋرىنەر ئىزگۈ كۈيدەك بۇ ھايات،
كۈي دېمەكتۇر ئارمانلار، كۈي دېمەكتۇر ساداقەت.

كۈي كۈيلىشىپ كېلىمىز، بىزلەر قوشماق، كۈي قوشماق،
ئىزھارلارغا سىڭىدۇ دىلدا قىزغىن كۈلۈشلەر.
كۈتۈشلەردە يۈرەكلەر زارلىنىدۇ، تاقەت - تاق،
سۆزلىنىدۇ كۈيلەردە سۆيگۈ ئۈچۈن ئۆلۈشلەر.

تاۋلىنىش بار ئوتلاردا، تاۋلىنىمىز بىر تالاي،
ھىجرانلارنى يىغلىتار ۋىسال قاتقان كۆزىمىز.
بەخت بىزگە ئەگىشەر، قىسمىتىمىز بولار باي،
بىر جۈپ كۈيدىن يارالغان ئەسلى جېنىم ئۆزىمىز...

كۈي تۆكىدۇ زىلتارلار، كۈي تۆكىدۇ كائىنات،
كۈي باغرىدا مەۋجۇت بىز، مەۋجۇت ياشاش مۇھەببەت.
ئىزگۈ كۈيدەك يالتىرار كۈيگە تولغان بۇ ھايات،
كۈي كۈيلىشىپ ئۆتىمىز، بىر جۈپ كۈي بىز تا ئەبەد!

ئېلى قادىر

## كۆلكە ئۈچۈن يارالغان سەنلا

كۆلكە ئۈچۈن يارالغان سەنلا،
ئۆزۈڭ خۇش خۇي، شوخ ساھىبجامال.
نۇر چاقنىغان شەھلا كۆزلىرىڭ
يۈرىكىمگە سالىدۇ چاڭگال.

كۆلكە ئۈچۈن يارالغان سەنلا،
كۆلكەڭ شۇنچە ئوماق ۋە تاتلىق.
ھەر ئاڭلىسام، قاپلار دىلىمنى
شېرىن ئۈمىد، بىر ئىزگۈ شادلىق.

كۆلكە ئۈچۈن يارالغان سەنلا،
كۆز تەگمىسۇن دەيمەن، ئىلاھىم.
بىراق مەنچۇ، ئىشقىڭ ئوتىدا
ياش تۆكمەن، نىمە گۇناھىم؟

مۇھەممەتجان روزى

## ئىككى شېئىر

### يارىتايلى ياخشى بىر جاھان

سەن ئوچاقتا لاۋۇلدىغان ئوت،
مەن ئۈستىگە ئېسىلغان قازان.
ئاھ، ئىشقىمىز مىسالى بىر سۇ،
قاينىشىدىن قىلمايمەن گۇمان.
بەخت بېرىپ، جەننەت مېھرىدەك،
قۇچاق ئاچتى بىزگە نۇ زامان.
كەل ئۆزگىنىڭ كۆزى چۈشكىدەك،
يارىتايلى ياخشى بىر جاھان.

### شۇندىن بىرى...

كۆرگەندىم سېنى چۈشۈمدە،
ئولتۇراتتىڭ چېچىڭنى تاراپ.
دېرىزەڭنى ئېچىپسەن كەڭرى،
كىرەر ئىدى شامال غۇرقىراپ.

پىچىرلايتتىڭ ئاستا ئىچىڭدە،
ئالماقچىدەك بىر نەرسە يادلاپ.
يېپىۋالدىم كىرىپ كۆزۈڭنى،
ۋە دېدىمكى: — كىملىكىمنى تاپ؟

ئويلىنىپمۇ تۇرمايلا دەرھال،
سەن ئېتىمنى ئېيتتىڭ ۋارقىراپ.
شۇندىن بېرى ئويغۇمدا سېنى
ئىزدەيدىغان بولدۇم مەن قاتراپ.

ئېلى ھوشۇر

# ئىككى شېئىر

## ئىلتىماس

خىيالىمدا ئايرىلسام سەندىن
ھەر مىنۇتىم خازان بوپ ئۆچتى.
جۇت شۇئىرغان ھۇۋلاپ روھىمدا،
يۈرەك - باغرىم قار، تۇمان قۇچتى.

خىيالىمدا قوشۇلسام ساڭا،
مىنۇتىمنى گۈللەر قاپلىدى.
ئوت - لاۋالار چولغاپ روھىمنى،
يۈرەك - باغرىم كۈندەك پارلىدى.

ئايرىلسام يا قوشۇلسام راستتىن،
ئاھ بىلمىدىم! نېمە بولۇشنى.
مەيلى بىرگە بولغىن گۆردىمۇ،
تىلىمەيمەن زادى بېھىشنى.

## مەۋجۇتسىز چۈشلەر

نۇر ئىچىدە چايقالغان سىما،
كۆك گۈگۈمدا يوقىدى بىردىن.
قارا توندىن چىققتى زەر يۈزلۈك،
نۇرلۇق كۈلۈپ كۆز ئۆزمەي مەندىن،

قاراپ قويدۇم سوغۇق كۆز بىلەن،
ئۇمۇ يېقار سۈترەڭ سۇبھىدە.
مەپتۇن بولۇپ يۈرەكسىز نۇرغا،
تۈنجۇققانمۇ ئىسسىق ئەقىدە.

لەيلەپ قالدىم مەۋجۇتسىز چۈشتە،
ھايات، ئۆلۈم روھلار پارلىنىپ.
كۈنسىز، تۈنسىز، سەرسانە ھېسلار
توڭلاپ قالدى مەندىن زارلىنىپ.

قول ئېلىشىپ ئۆتمۈش كەلگۈسىم،
ياراتتى بىر قۇياشلىق تەن - جان.
يۈرىكىمدە يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ
جانلانغان ھېس، كۆكلىگەن ئارمان.

ياقۇپجان قادىر

## قىش سەھەرى

تاڭ سەھەرنىڭ ھارغان بالىسى،
تولۇن ئاينىڭ نۇرلۇق شولىسى.
نەلەردىدۇر،
قىچقىرار خوراز.
ئاھ!
قەھرىتان قىشنىڭ مۇزلۇق سەھىرى،
يۈرىكىمگە ياقتى ھاۋايىڭ.
شۈكلاشقىمۇ،
سېغىنغان سېنى،
يازنىڭ ئىللىق سەھەرلىرىدە.
بىر چىننە سوغۇق سۇنى،
ئىچەتتىم تىنماي،
مانا ئەمدى
كۆيگەن ئاشقىنىڭ
ئۆتتەك يۈرىكىگە،
ياقماقتا
مۇزدەك ساباھىڭ.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئوسمانجان ساۋۇت، ئارسلان،

## نىلقىدا ل. مۇتەللىپ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق كۆرگەزمىخانا، ئىلى ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، نىلقا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە 1993 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە نىلقا ناھىيىسىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، ۋەتەنپەرۋەر شائىر، ئىنقىلابىي قۇربان لۇتپۇللا مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 71 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.

مۇھاكىمە يىغىنىغا ئىلى ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى تۇرسۇنمەھەممەت ئىمىن بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھەممەت شاۋدۇن رىياسەتچىلىك قىلدى.

مۇھاكىمە يىغىنىدا ئالدى بىلەن يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ 1956 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى ۋە ئىنقىلابىي پائالىيىتى ھەققىدە سالغان مۇھىم تەستىقى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيىۋەنجاڭى، ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ يىغىنغا ئەۋەتكەن بېغىشلىمىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى. ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېن بەيجۇڭ بىلەن مەشھۇر ئالىم ئىبراھىم مۇتىئىنىڭ خېتى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

يولداش چېن بەيجۇڭنىڭ خېتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «كەڭ خەنزۇ كىتابخانلىرى، جۈملىدىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ل. مۇتەللىپنىڭ نامىنى بىلىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ‹جۇڭگو›، ‹يىللارغا جاۋاب› قاتارلىق مەشھۇر شېئىرلىرىنى يادلاپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا دەيمىزكى، ل. مۇتەللىپ پەقەت ئۇيغۇر خەلقىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى. ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئەدەبىيات بايلىقى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل جۇڭگونىڭ كۆپ مىللەتلىك ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ ئوخشاشلا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ».

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى، ئاتاقلىق يازغۇچى قەييۇم تۇردى، ئىلى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى مەھەممەتجان ئەمەت، ئىلقا نامىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى جاۋدېجۇڭ قاتارلىق يولداشلار سۆز قىلىپ، مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ شائىرنىڭ يۇرتىدا تەنتەنە بىلەن ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەمدە شائىر ل. مۇتەللىپنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى بىلەن مول ئىجادىي تۆھپىلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى.

مۇھاكىمە يىغىنىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئالىم مۇتەخەسسىلىرىدىن ئىمىن تۇرسۇن، جاڭ يۈ، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، نۇر مەھەممەت زامان، ئابدۇۋەلى كېرىم، دۆلەتبېك قاتارلىق سەككىزكىشى ئىلمىي ماقالە ئوقۇپ، تالانتلىق شائىر ل. مۇتەللىپنىڭ ئىجادىي تۆھپىلىرىنى يېڭى نۇقتىلاردىن تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر يورۇتۇپ بەردى. ئالىم، مۇتەخەسسىلەر ئوتتۇرىغا قويغان ئىزدىنىش خاراكتېرلىك بەزى قاراشلار ل. مۇتەللىپ ئىجادىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتەردى.

ل. مۇتەللىپنىڭ يېقىن دوستى، پېشقەدەم شائىر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر يىغىن قاتناشچىلىرىغا مەرھۇم شائىرنىڭ ئېسىل ئەخلاقىي - پەزىلىتى، يېقىملىق مىجەز - خۇلقى، تەسىرلىك ئىش - ئىزلىرى توغرىسىدا ئىشق - زوقى بىلەن سۆزلەپ بەردى. يىغىندا ل. مۇتەللىپنىڭ ساۋاقداش، تەڭتۇشلىرىدىن ھۈسەيىن ئەبەيدۇللامۇ ئىختىيارىي سۆز قىلىپ، يىغىنغا مەرھۇم شائىرنىڭ 18 ياش ۋاقتىدا چۈشكەن، تېخى بايقالمىغان فوتو سۈرىتىنى تەقدىم قىلدى.

مۇھاكىمە يىغىنىدا نامىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ خەنزۇ ئوقۇغۇچىلىرى شائىرنىڭ «جۇڭگو» ناملىق شېئىرىنى، ئىلقا نامىيىلىك 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى «يىللارغا جاۋاب» ناملىق شېئىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلار نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشرىياتى بىلەن جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى مىللەتلەر باشقارمىسى، شىنجاڭ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى ۋە ئىلى ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلار يىغىنغا تەبرىك خەت، تەبرىك تېلېگرامما ياكى لەۋھە ئەۋەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نەشرىياتى، شىنجاڭ داشۆ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتى قاتارلىق ئورۇنلار يىغىنغا سوۋغا بۇيۇملىرى تەقدىم قىلدى.

پېشقەدەم شائىر ئەلقەم ئەختەم، پېشقەدەم شائىر ئابلىز نازىرى، پېشقەدەم مائارىپچى ھاكىم جاپپار، ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ باشلىقى ئابدۇراخمان ئەبەي، ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى نىياز كېرىم، ئۈرۈمچى كەسپىي تېخنىكىمىنىڭ مۇدىرى غوپۇر نۇر قاتارلىق يولداشلار يىغىنغا سالام يوللىدى.

يىغىنغا پارتىيە، ھۆكۈمەت، تەشۋىقات، ئەدەبىيات - سەنئەت، نەشرىيات ۋە ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق مىللەتلىرىنىڭ بىر قىسىم ئالىم، مۇتەخەسسىسلىرى، يازغۇچى - شائىرلار، ل. مۇتەللىپنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرى، ساۋاقداش ھەم زامانداشلىرى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ئىلقا ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىدىن بولۇپ 120 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ل. مۇتەللىپنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغان پېشقەدەم يازغۇچى ئابدۇللا تالىپ، ئەيسا يۇسۇپ، ئابدۇشۈكۈر تۇردى ھەمدە ئاپتونوم رايون ۋە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىدىن بارغان غوپۇر ھاپىز، ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇرېھىم، پولات، رەھمىتۇللا جارى، زوردۇن سابىر، ئابدۇراخمان قاھار، ئىمىنجان، ئابلىمىت، قاسىم مەخسەممەت، قەييۇم سوپى، مالىك كېۋىر، تۇرسۇنمەھەممەت پەخرىدىن، ئەخەت تۇردى، ياڭ جىڭشاڭ، ئابدۇساتتار ناسىرى قاتارلىق يولداشلارمۇ بار.

شۇ كۈنى كەچتە مۇشائىرە ئۆتكۈزۈلدى. ئابدۇسالام تۇختى، ئابلىمىت سادىق قاتارلىق شائىرلار تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ «ئەسلەش»، ئەلقەم ئەختەمنىڭ «سېغىندىم»، تېيىن جەننىڭ «شائىرغا»، «قىزىل يۇلغۇنغا»، جاڭ جېمىننىڭ «مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرى» ۋە ليۇشاۋۋۇنىڭ «مۇتەللىپنىڭ يۇرتىدا» ناملىق شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەردى. مەھەممەتجان راشىدىن، تۇرسۇنمەھەممەت ئىمىن، ئەخمەت ۋاھىدى قاتارلىق ئەدىبلەر ئۆزلىرىنىڭ شائىر ل. مۇتەللىپكە بېغىشلانغان شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

يىغىن قاتناشچىلىرىغا شائىر ل. مۇتەللىپنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «يىراقتىكى ئۇچقۇنلار» ناملىق كىنو قويۇپ بېرىلدى. يىغىن قاتناشچىلىرى يىغىن جەريانىدا شائىرنىڭ يۇرتداشلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، شائىر يۇرتىدىكى مەنزىرىلىك جايلارنى ئارىلاپ، يېڭى تەسىراتلارغا ئىگە بولدى.

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى

# بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز



ئۇ ئىجادىيەت ئۈستىدە.

تۇرسۇنئاي ھۇسىين ـــ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرەلىرىمىزنىـــڭ بىرى. ئۇ 1959 ـ يىلى « شىنجاڭ ياشلىرى » گېزىتىدە ئېلان قىـ ىنغان « تارىمنى گۈلزار قىلغىلى كەلدىم » ناملىق شېئىرى بىلـەن ىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇنىڭ « جىنەستە » ، «بۇلـ ۇل ناۋاسى » ، « چىغىر يول » قاتارلىق شېئىرلار تـوپـلىمى ۋە ، گۈلنىھال » ناملىق داستانلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. « مېھرـ ؟ يا » ، « سەپەر ناخشىسى » ، « سەھرا نەزمىلىرى » ، « 9 پارچە ىسم » ، « قىرىلار » قاتارلىق شېئىر، داستانلىرى ئاپتونـــوم ونىمىز بويىچە ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ « قارا قاچ » ناملىق باللار ھېكايىلىرى توپلىمى بىلەن « سەھرا نەزـ ى » ناملىق شېئىرلار توپلىمى يېقىندا نەشىردىن چىقىدۇ. ئـــۇ ر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ەم كەسپىي يازغۇچىسى.




ئۇ ئۈرۈمچىدىكى بىر قىسىم ئايال ئاپتورلار بىلەن بىللە.



ئۇ موسكۋا پۇشكىن موزېيىدە پۇشكىن ھەيكىلى يېنىدا.



ئۇ ئۇسمۇرلەر ئارىسىدا.




《塔 里 木》 文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE jOURNAL

IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1993 ـ يىل11ـ سان(393 ـ سان) ، 43 ـ يىل نەشرى .
ئۈرۈمچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ، تېلېفون نومۇرى : 416214 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国际统一刊号：ISSN 1002－9044　ISSN 1002 ـ 9044　خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى :

国内统一刊号：CN 65－1010／I　CN 65 ـ 1010 / I　مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى :

国外代号：Q4462　خەلقئارا ۋاكالەت نومۇرى : Q 4462

邮发代号：58－66 定 价：2.00元　پوچتا ۋاكالەت نومۇرى : 66 ـ 58 ، باسما تاۋاق : 10 ، باھاسى : 2.00 يۈەن

邮政编码：830000 پوچتا نومۇرى :